


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن
سىكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.


ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# TEMEL

ئۇ س ش ت ڭ گ

# UYGURCA

Dr. Erkin Emet
Adilcan Eruygur

Grafiker
YAYINLARI

# TEMEL UYGURCA

# ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس

**Dr. Erkin Emet**
**Adilcan Eruygur**

دوكتور ئەركىن ئەمەت
ئادىل جان ئەرئۇيغۇر

Ankara 2013

ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس -

# Temel Uygurca

**Yazar**
د ر. ئەركىن ئەمەت - ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
Dr. Erkin Emet - Adilcan Eruygur

ISBN: 978-605-4692-28-6

**1. Baskı**
Nisan, 2013 / Ankara
250 Adet

Grafiker Yayınları
Yayın No: 116
Web : grafikeryayin.com

**Kapak ve Sayfa Tasarımı**
**Baskı ve Cilt**
Grafiker
Grafik-Ofset Matbaacılık Reklamcılık
Sanayi ve Ticaret Ltd. Şti.
1. Cadde 1396. Sokak No: 6
06520 (Oğuzlar Mahallesi)
Balgat-ANKARA
Tel : 0 312. 284 16 39 Pbx
Faks : 0 312. 284 37 27
E-mail : grafiker@grafiker.com.tr
Web : grafiker.com.tr

## مۇندەرىجە


مۇندەرىجە ........ 3
كىرىش سۆز ........ 13
ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ........ 12
بىرىنچى دەرس: سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى ........ 15
ئىككىنچى دەرس: ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ........ 17
ئۈچىنچى دەرس: فونېتىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 26
ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ........ 26
تېكىست ........ 26
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........ 27
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........ 28
كۆنۈكمە ........ 28
**تۆتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ........ 29
تېكىست ........ 30
يېڭى سۆز ئىبارىلەر ........ 30
گراماتىكا ........ 31
1 - سۆز تۈركۈمى ھەققىدە ........ 31
2 - جۈملە ........ 33
3 - شەخس ئالماش ........ 33
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........ 35
كۆنۈكمە ........ 35
**بەشىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ........ 37
تېكىست ........ 39
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........ 40
گراماتىكا ........ 41
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........ 42
كۆنۈكمە ........ 43
**ئالتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ........ 46
تېكىست ........ 47
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........ 48
گراماتىكا ........ 48

1- قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى ۋە تۇرلەرگە ئايرىلىشى ........48
2- تىل ئالدى قوشۇلغۇچىلار ۋە تىل كەينى قوشۇلغۇچىلار ........49
3- سۆز تومۇرى ۋە سۆز تومۇرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى ........50
4- تىل ئالدى سۆز تومۇرى ۋە تىل كەينى سۆز تومۇرى ........50
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........54
كۆنۈكمە ........54
يەتتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق ........56
تېكىست ........57
يېڭى سۆز-ئىبارىلەر ........57
گرامماتىكا ........58
1- جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ........58
2- جاراڭسىز ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلۇق سۆز تومۇرلىرى ........59
3- قوشۇمچىلارنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن تۈرلىنىش پرىنسىپى ........59
4- ئىسمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ........59
5- باش كېلىش ........60
6- ئورۇن – پەيت كېلىش ........61
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........61
كۆنۈكمە ........62
سەككىزىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق ........64
تېكىست ........66
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........66
فونېتىكا ........67
بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ........67
گرامماتىكا ........68
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........70
كۆنۈكمە ........70
توققۇزىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق ........72
تېكىست ........73
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........75
فونېتىكا ........75
1- جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى ........75
گرامماتىكا ........76
1- ئىسمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ كۆپلۈك شەكلى ........76

2-ئىسىمغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ رەت تەرتىپى.......76
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر.......77
كۆنۈكمە:.......77
**ئونىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق**.......80
تېكىست.......82
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر.......82
گرامماتىكا.......83
1-ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل.......83
2- پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى.......83
3- پېئىلنىڭ بىۋاستە ھازىرقى زامان پۈتمىگەن شەكلى.......83
كۆنۈكمە.......84
**ئون بىرىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق**.......87
تېكىست.......88
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر.......90
گرامماتىكا.......90
1- چۈشۈم كېلىش.......90
2- جۈملە.......91
① ئىگە.......91
② خەۋەر.......92
③ تولدۇرغۇچى.......92
④ ئېنىقلىغۇچى.......93
⑤ ھالەت.......93
3- پېئىلنىڭ بولۇشلۇق - بولۇشسىز كاتېگورىيىسى.......94
4-خەۋەر رايىدىكى پېئىللارنىڭ بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى.......94
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر.......95
كۆنۈكمە.......96
**ئون ئىككىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق**.......99
تېكىست.......100
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر.......101
فونېتىكا.......101
- ئى، ئۇ، ئۈ قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى.......101
گرامماتىكا.......102
- پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى.......102

كۆنۈكمە ... 102
ئون ئۈچىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق ... 104
تېكىست ... 105
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ... 106
فونېتىكا ... 107
جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش غ، گ نىڭ جاراڭسىزلىششى ... 107
گرامماتىكا ... 107
1- يۆلىنىش كېلىش ... 107
2- ھازىرقى زاماننىڭ بولۇشسىز ۋە سوئال شەكلى ... 107
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ... 108
كۆنۈكمە ... 108
ئون تۆتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق ... 111
تېكىست ... 112
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ... 113
گرامماتىكا ... 114
1- چىقىش كېلىش ... 115
2- چەك كېلىش ... 115
3- ئۆتكەن زامان ... 115
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ... 117
كۆنۈكمە ... 117
ئون بەشىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق ... 120
تېكىست ... 121
يېڭى سۆز ئىبارىلەر ... 123
گرامماتىكا ... 123
1- سائەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى ... 123
2- ئورۇن - بەلگە كېلىش ... 124
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز- ئىبارىلەر ... 124
كۆنۈكمە ... 125
ئون ئالتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق ... 127
تېكىست ... 129
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ... 130
گرامماتىكا ... 130
1- ئىسىمنىڭ ئوخشاتما كېلىش شەكلى ... 130

2- سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ........ 131
3- پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى ........ 132
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........ 134
كۆنۈكمە ........ 134
**ئون يەتتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ........ 137
تېكىست ........ 138
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........ 140
گراماماتىكا ........ 142
1- يىل، ئاي، كۈننى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ........ 142
2- «ھەپتە» نى ئىپادىلەش شەكلى ........ 142
3- «كۈن» ۋە «ھەپتە» نىڭ سوراق شەكلى ........ 143
دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........ 143
كۆنۈكمە ........ 144
**ئون سەككىزىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ........ 145
تېكىست ........ 148
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........ 149
گراماماتىكا ........ 149
1- «-ش» لىق ئىسىمداش ........ 149
2- «...ش كېرەك / لازىم» شەكلى ........ 150
3- «...شى كېرەك / لازىم» شەكلى ........ 151
4- «...ماسلىق كېرەك / لازىم» شەكلى ........ 151
5- «...ماسلىقى كېرەك / لازىم» شەكلى ........ 151
دائىم ئىشلىتىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ........ 151
كۆنۈكمە ........ 151
**ئون توققۇزىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ........ 153
تېكىست ........ 154
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر ........ 155
گراماماتىكا ........ 156
1- پېئىلنىڭ ئىمكان تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى ........ 156
2- بەلگىلەش ئالماش «ھەممە» نىڭ ئىشلىتىلىشى ........ 157
كۆنۈكمە ........ 157
**يىگىرمىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ........ 159
تېكىست ........ 161

يېڭى سۆز – ئىبارىلەر......161
گراماتىكا......162
سۈپەتداش......162
كۆنۈكمە......164
**يىگىرمە بىرىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق**......166
تېكىست......167
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر......168
گراماتىكا......169
1 - ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر رايى......169
2 - مەقسەت پېئىلى......169
كۆنۈكمە......170
**يىگىرمە ئىككىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق**......172
تېكىست......173
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر......174
گراماتىكا......176
1 - رەۋىشداش......176
2 - پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى......177
3 - پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجىسى......177
4 - مەجھۇل دەرىجە......177
كۆنۈكمە......178
**يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق**......180
تېكىست......182
يېڭى سۆز- ئىبارىلەر......184
گراماتىكا......185
1 - ياردەمچى پېئىللار......185
2 - پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى......186
كۆنۈكمە......188
**يىگىرمە تۆتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق**......190
تېكىست......191
يېڭى سۆز – ئىبارىلەر......193
گراماتىكا......194
1 - « - غىلى » لىق رەۋىشداش......194
2 - پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى......194

كۆنۈكمە ............ 195
يىگىرمە بەشىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق ............ 198
تېكىست ............ 199
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ............ 202
گرامماتىكا ............ 203
1 - تەڭلەشتۈرمە كېلىش ............ 203
2 - ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى ............ 203
كۆنۈكمە ............ 203
يىگىرمە ئالتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق ............ 205
تېكىست ............ 207
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ............ 207
گرامماتىكا ............ 208
- پېئىلنىڭ شەرت رايى ............ 208
- ئۆزلۈك ئالماش ............ 209
- جۈملە ............ 210
1) ئاددى جۈملە ............ 210
2) قوشما جۈملە ............ 210
① تەڭداش قوشما جۈملە ............ 211
② بېقىندىلىق قوشما جۈملە ............ 211
③ ئارىلاش قوشما جۈملە ............ 212
كۆنۈكمە ............ 212
يىگىرمە يەتتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق ............ 214
تېكىست ............ 216
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ............ 217
گرامماتىكا ............ 219
1 - پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى ............ 219
2 - پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان پۈتكەن خەۋەر رايى ............ 219
3 - پېئىلنىڭ چەكلىمىسىز تۈس شەكلى ............ 219
كۆنۈكمە ............ 219
يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق ............ 223
تېكىست ............ 224
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ............ 225
گرامماتىكا ............ 226

1 - ۋاستىلىك باغلامچى پېئىل ..... 226
2 - «-غۇ»لۇق ئىسىمداش ..... 227
كۆنۈكمە ..... 228
**يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ..... 230
تېكىست ..... 231
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ..... 233
گىراماتىكا ..... 235
1 - ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى ..... 235
2 - بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى «-غىن، -قىن، -گىن، -كىن» ..... 236
3 - «...نىڭ... ئىكەنلىكى» شەكلى ..... 236
كۆنۈكمە ..... 237
**ئوتتۇزىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ..... 239
تېكىست ..... 240
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ..... 241
گىراماتىكا ..... 242
1 - «-غانلىق، -ۋاتقانلىق، -دىغانلىق»لىق ئىسىمداش ..... 242
2 - «...نىڭ + غانلىق + تەۋەلىك قوشۇمچىسى» شەكلى ..... 242
3 - «...نىڭ + ۋاتقانلىق + تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى» شەكلى ..... 242
4 - «...نىڭ + دىغانلىق + تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى» شەكلى ..... 243
5 - شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ..... 243
6 - تەكىت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ..... 244
7 - سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ..... 244
8 - قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ..... 245
كۆنۈكمە ..... 246
**ئوتتۇز بىرىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق** ..... 248
تېكىست ..... 250
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ..... 251
گىراماتىكا ..... 252
1 - ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايى ..... 252
2 - «ئىسىمداش + چىقىش كېلىش» شەكلى ..... 254
3 - «غانسېرى»لىق رەۋىشداش ..... 254
4 - «ش»لىق ئىسىمداش + نى + غۇ + ئەسلىدىكى پېئىل» شەكلى ..... 255
كۆنۈكمە ..... 225

**ئوتتۇز ئىككىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق** ........ 257
تېكىست ........ 258
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ........ 259
گىراماتىكا ........ 260
1- ۋاستىلىك ھازىرقى زامان خەۋەر رايى ........ 260
2- ھازىرقى زامان پۈتمىگەن ھاللىق ۋاستىلىك خەۋەر رايى ........ 261
كۆنۈكمە ........ 263
**ئوتتۇز ئۈچىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق** ........ 265
تېكىست ........ 266
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ........ 269
گىراماتىكا ........ 269
1- « -غاچقا» لىق رەۋىشداش ........ 269
2- ۋاستىلىك پۈتكەن ئىزچىل خەۋەر رايى ........ 270
3- « بىرلىك I شەخس بۇيرۇق رايى + دە (دېدى / دەۋاتىدۇ) شەكلى» ........ 271
كۆنۈكمە ........ 271
**ئوتتۇز تۆتىنچى دەرس: جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق** ........ 273
تېكىست ........ 273
يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ........ 275
گىراماتىكا ........ 276
« غۇچە » لىك رەۋىشداش ........ 276
كۆنۈكمە ........ 277
**ئىختىيارى ئوقۇشلۇق** ........ 279
ياۋاكەپتەر ........ 281
قوش مەسچىت ........ 296
**پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى** ........ 306
**سۆزلۈك** ........ 307
**ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار** ........ 334

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| رەت تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | ئاددى ئايرىم شەكلى | باش شەكلى | | ئوتتۇرا شەكلى | ئاخىرقى شەكلى | لاتىنچە يېزىق | ترانسكرىپتسىيەسى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا | ا | | | | ـا | a | a | ئا |
| 2 | ئە | ە | | | | ـە | e | ɛ | ئە |
| 3 | ب | | بـ | | ـبـ | ـب | b | b | بې |
| 4 | پ | | پـ | | ـپـ | ـپ | p | ʤ | پې |
| 5 | ت | | تـ | | ـتـ | ـت | t | ʈ | تې |
| 6 | ج | | جـ | | ـجـ | ـج | J | | جې |
| 7 | چ | | چـ | | ـچـ | ـچ | q | ʧ | چې |
| 8 | خ | | خـ | | ـخـ | ـخ | h | X | خې |
| 9 | د | | | | | ـد | d | d | دې |
| 10 | ر | | | | | ـر | r | r | رې |
| 11 | ز | | | | | ـز | z | z | زې |
| 12 | ژ | | | | | ـژ | z | ʒ | ژې |
| 13 | س | | سـ | | ـسـ | ـس | s | s | سې |
| 14 | ش | | شـ | | ـشـ | ـش | x | ʃ | شې |
| 15 | غ | | غـ | | ـغـ | ـغ | ğ | ʁ | غې |
| 16 | ف | | فـ | | ـفـ | ـف | f | f | فې |
| 17 | ق | | قـ | | ـقـ | ـق | ḳ | ʠ | قې |
| 18 | ك | | كـ | | ـكـ | ـك | K | | كې |
| 19 | گ | | گـ | | ـگـ | ـگ | g | g | گې |
| 20 | ڭ | | ڭـ | | ـڭـ | ـڭ | ng | ŋ | ڭې |
| 21 | ل | | لـ | | ـلـ | ـل | L | L | لې |
| 22 | م | | مـ | | ـمـ | ـم | m | m | مې |
| 23 | ن | | نـ | | ـنـ | ـن | n | n | نې |
| 24 | ھ | | ھـ | | ـھـ | ـھ | ḥ | H | ھې |
| 25 | ئو | و | | | | ـو | o | o | ئو |
| 26 | ئۇ | ۇ | | | | ـۇ | u | u | ئۇ |
| 27 | ئۆ | ۆ | | | | ـۆ | ö | Ø | ئۆ |
| 28 | ئۈ | ۈ | | | | ـۈ | ü | y | ئۈ |
| 29 | ۋ | | | | | ـۋ | w | v | ۋې |
| 30 | ئې | ې | ئېـ | ېـ | ـېـ | ـې | ı | e | ئې |
| 31 | ئى | ى | ئىـ | ىـ | ـىـ | ـى | i | i | ئى |

# ÖNSÖZ

Bu kitap, Ankara Üniversitesi Çağdaş Türk Lehçeleri ve Edebiyatları Bölümü Öğretim Üyesi Yard. Doç. Dr. Erkin EMET ve Adilcan ERUYGUR tarafından «Uygur Tilidin Asas» (Temel Uygurca) adıyla Uygur Türkçesinin bütün temel özelliklerini içeren sınıf içinde uygulanmaya elverişli bir biçimde hazırlanmıştır.

Uygur Tilidin Asas adlı kitap konulara göre düzenlenen 32 üniteden oluşan ders kitabında her ünite 4 alt konuya ayrılmıştır. Üniteler düzeye ve düzlemlere uygun metin türleri ile bezenmiştir. Metinler, okuma, sözlü, karşılıklı konuşma ve yazılı anlatım beceri düzlemlerine yönelik etkinliklerle dengeli biçimde desteklenmiş ve her bir etkinlik için anlaşılması kolay, uygulaması kısa sürede kolaylık yaratacak yönerge ve başlıklar verilmiştir.

Bu kitapta pratikle teori birleştirilmiş, Uygur Türkçesindeki cümle tiplerinin hemen hemen hepsi gösterilmiştir. Üniteler dinleme, konuşma, okuma, yazma, çeviriyi kapsamaktadır. Ünitelerde verilen metinler o derste öğretilen gramerle yakından ilişkilidir. Konular yüzeysellikten derinliğe iner.



Bu kitapta Uygur Türkçesinin ses bilgisi, temel gramer bilgisi ve temel cümle çeşitlerinin hepsi verilmiştir. Kitabın sonunda metin, zaman ve sözlük tablosuna yer verilmiştir. Bu kitap yabancılara Uygur Türkçesini temel kavramlarıyla öğretmeyi amaçlayarak yazılmıştır.

Dr. Erkin Emet
Adilcan Eruygur
Nisan 2013

## 1-دەرس

## سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى

ئا A

ئا ا ـا ـئا

ئات داپ ئالما ئاپئاق

ئە E

ئە ە ـە ـئە

ئەخلاق ۋەتەن مىللەت مەشئەل

ئې Ė

ئې ې ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې

ئېرىق سېرىق مۇشۇكئېيىق دېڭىز

ئى İ

ئى ى ئىـ ىـ ـىـ ـئىـ ـى ـئى

ئى قازى ئىنسان ئادىل ئەركىن تاكسى ئاتېئىزىم شەيئى

ئو O

ئو و ـو ـئو

ئوق دوپپا توشقان رادىئو

ئۆ Ö

ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ

ئۆردەك دۆلەت تۆگە ئاقئۆي

ئۇ U

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇ | ۇ | ـۇ | ـئۇ |
| ئۇيغۇر | ژۇرنال | بۇلبۇل | رادئۇس |
| ئۈ | | | Ü |
| ئۈ | ۈ | ـۈ | ـئۈ |
| ئۈرۈمچى | ئۈرۈك | ئۆنۈم | ئنتئۈزۈمى |

## ئىككىنچى دەرس

## ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرى

ن N

| | | | |
|---|---|---|---|
| نـ | ـنـ | ـن | ن |
| نەشپۈت | كېپىنەك | تىيىن | نان |

نـ + ـا = نا + ن = نان

ئانا ئا + نا

ئۇن ئە + نە

ئۈن نا + ن

ئانا، ئەنە نان.

ت T

| | | | |
|---|---|---|---|
| تـ | ـتـ | ـت | ت |
| تانا | ئىتوت | ئىت | ئوت |

ت + ـا = تا + ت = تات

ئاتا ئا + تا

ئوتۇن ئو + تۇن

ئەتە ئە + تە

ئاتا، ئوتۇن ئات.

س S

| | | | |
|---|---|---|---|
| سـ | ـسـ | ـس | س |

سان    ئېسەن    ئىس    داس

ئا + سان = ئاسان

سائەت    سا + ئەت

ئاسان    ئا + سان

سانا    سا + نا

سەن، سائەت سات.

ش    Ş

شـ    ـشـ    ـش    ش

شاتۇت    ئىشتان    ئىش    ئاش

ئىشـ + تان = ئىشتان

شاتۇت    شا + تۇت

شوتا    شو + تا

ناشتا    ناشـ + تا

ئانا، ئاش ئەت.

م    M

مـ    ـمـ    ـم    م

مەن    مايمۇن    سىم    شام

مانـ + تا = مانتا

سامان    سا + مان

ئانام    ئا + نام

ئاسمان    ئاسـ + مان

مەن ، مانتا ئەتتىم

مومام، مانتا ئەتتى. ماموت، ئەنە مايمۇن.

ل L

ﻟ ﻠ ـل ل

لېنتا ئىلىم ئادىل شال

ئال + ـما = ئالما

ئال ئالىم ئېلان

سەل ئىلىم ئەلى

تىل تالا ئېسىل

ئالىم،ئىلىم ئال.

ب B

ﺑ ﺒ ـب ب

كىتاب بېلىق ئالبان ئەدىب

بوس + ـتان = بوستان

باش بۇلۇت بېلەت

بوش بۇلبۇل بىلىم

بەت بانان بالا

باست، بېلەتنى بەر.

پ P

ﭘ ﭙ ـپ پ

پارتا ئاپپارات ئالپ ئاپتاپ

پەت + نۇس = پەتنۇس

پەش ئاپا سىنىپ

سەپ پالتا پاشا

پەن پولات پۆتۈن

پولات توپ تەپتى، مەنمۇ تەپتىم.

D د

د ــد

داس ئادىل ئۈمىد تەقدىر

ئا + دا + لەت = ئادالەت

دان دادا دوپپا

دار دۇرا دوسكا

داد دۇتار دەپتەر

ئادىل، دەپتەر ئالدى، دىلبەر ئالمىدى.



R ر

ر ــر

رەنا ئانار شائىر بىر

رە+ نا = رەنا

شار ئارپا رەسسام

رۇس راست شېئىر

بار تۇرسۇن روشەن

روشەن، نان راسلا، راملەمۇ راسلاپتۇ.

Z ز

ز ــز

زال زالىم سىز قىز

زىـ + را+ پە = زىراپە

| | | |
|---|---|---|
| زال | زېمىن | ئۈزۈم |
| زور | ئازات | تۈزسىز |
| بىز | زامان | بازار |

ئازات، سىز بۇ سۆزنى بىلەمسىز؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| ي | | | Y |
| يـ | ـيـ | ـي | ي |
| يىل | ئەدىيال | ئاددىي | ئۆي |

يات + قۇت = ياقۇت

| | | |
|---|---|---|
| ياز | ياۋا | ياشلار |
| يەش | يالغۇز | ياقۇپ |

ياسىن، يولدا ئۇيىنىما.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ف | | | F |
| فـ | ـفـ | ـف | ف |
| فىن | يانفون | گولف | تېلېگراف |

فونـ + ـتان = فونتان

| | | |
|---|---|---|
| فوتو | فامىلە | ئاسفالت |
| فىلىم | يانغۇن | نېفىت |
| فىزىكا | فابرىكا | تېلېفون |

ئۆيىمىزدە فوتو ئاپپاراتمۇ، تېلېفونمۇ بار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ق | | | Q |
| قـ | ـقا | ـق | ق |

قەنت    يالقۇن    بىلىق    ياپراق

قا + پاق = قاپاق

قاش    قەشقەر    شەرقىي

قېتىق    قوشۇق    توشقان

قىش    قايماق    تۇپراق

قاسىم، قەشقەردە ئوقۇيدۇ.

ك    K

كـ    ـكـ    ـك    ك

كەنت    ئىككى    بىرلىك    ئۆتۈك

كەپـ + ـتەر= كەپتەر

كۆز    كەتمەن    تۈلكە

كەل    مەكتەپ    كامال

كۈت    كەكلىك    كىتاب

كامىل، مەكتەپكە كەتتى.



گ    G

گـ    ـگـ    ـگ    گ

گۈل    ئىگە    رەڭگى    بەگ

گـ+ ـلەم= گىلەم

گال    گۈلدان    گۈلزار

گەپ    گۇمان    گىلەم

گۆش    ئايگۈل    ئەمگەك

ئايگۈل، گۈل تېرىدى.

Ng ڭ

ڭـ ـڭـ ـڭ ڭ

ياڭاق يىڭنە كىرىڭ ئوڭ

تۇڭ سىلەرنىڭ ياڭاق

تەڭ كىمنىڭ تەڭگە

مىڭ قەيەرنىڭ تەڭرى

ئانا، ماڭا ياڭاق بەر.

Ğ غ

غـ ـغـ ـغ غ

باغ غازاڭ يۇلغۇن تىغ

غازات غۇلام بۇغداي

زاغرا ئوغۇل غازى

گۈلباغ نەغمە غەلىبە

غۇلام، غەزەل ئوقۇدى.

H ھ

ھ ـھـ

ھەرە ئۇھ مەسلىھەت قەبىھ

ھەسەل ھاشىم ھازىر

ھالال ھەرەم ھەقىقەت

ھېساب ھەمىشە ھەدىس

ھەسەن، ھەمىشە ھەقنى سۆزلەيدۇ.

C ج

| | | | |
|---|---|---|---|
| جـ | ـجـ | ـج | ج |
| تاج | جەرەن | ئەنجۇر | رەنج |

جاي هاجىم جاڭگال
جۇمە ئاجىز جەملە
جانان جاسارەت هەج

غۇلجا گۈزەل جاي.

چ Ç

| | | | |
|---|---|---|---|
| چـ | ـچـ | ـچ | چ |

چوك بىرىنچى قورقۇنچ
چاي چولپان چامادان
چۆش ئاچقۇچ چۆچەك
كۈچ چەرچەن غۇنچە

غۇنچەم، چەي ئىچتى.

خ X

| | | | |
|---|---|---|---|
| خـ | ـخـ | ـخ | خ |
| خالتا | پىخسىق | تارىخ | شاخ |

خەت خەرىتە خوتەن
نەخ پاختا خۇشخۇي
شوخ ناخشا خوراز

ئەختەم، خەرىتىنى ياخشى بىلىدۇ.

ژ J

ژ ـژ

| | | |
|---|---|---|
| ژۇرنال | ژانىر | پىژ-پىژ |
| پارىژ | بۇژغۇن | ئىنژېنېر |
| گاژ-گاژ | پۇرژىنا | پىژغىرىم |
| مىژ-مىژ | غاژ-غۇژ | چېرتيوژ |

بۇ ژورنال پارىژدا بېسىلىدۇ.

ۋ W

ۋ ـۋ

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۋەدە | بوۋا | باغۋەن | ئاقىۋەت |

| | | |
|---|---|---|
| ۋاقىت | ۋەتەن | ناۋات |
| ۋەزىپە | ۋىجدان | ئەۋلىيا |
| داۋۇت | ۋەزىر | ئايۋان |

ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىمىز پىدا بولسۇن!

## ئۈچىنچى دەرس

### فونېتىكا توغرۇلۇق قىسقىچە چۈشەنچە

### ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراش – ئۇچرىماسلىقىغا قاراپ سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سوزۇق تاۋۇشلار**

| ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ | | | |
|---|---|---|---|
| ئارا سوزۇق تاۋۇشلار | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار | تىل ئورنى لەۋ ئورنى |
| ئى، ئې | ئا | ئە | لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار |
| | ئۇ، ئو | ئۈ، ئۆ | لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار |

**ئۈزۈك تاۋۇشلار**

| ب، پ، ت، ج ، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف ، ق ، گ، ك، ل، م، ن، ھ ، ۋ، ي. | |
|---|---|
| جاراڭلىق | جاراڭسىز |
| ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ . ڭ، ل، م، ن، ۋ، ي، ھ. | پ، ت، چ، خ، س، ش، ف، ق، ك |

**تېكست**

I

-بۇ نېمە؟

-بۇ گېزىت.

-بۇ نېمە گېزىت؟

-بۇ«يېڭى ھايات گېزىتى».

-بۇ بۈگۈنكىمۇ؟
-ياق، بۈگۈنكى ئەمەس، تۈنۈگۈنكى.
-ئۇ نېمە؟
-ئۇ ژورنال.
-ئۇ نېمە ژورنال؟
-ئۇ « ئىتتىپاق ژورنىلى»
-ئۇ ژورنال قانداق؟
-ناھايىتى ياخشى.

II

**تۆۋەندىكى تېكستنى ئوقۇڭ ۋە كۆچۈرۈپ يېزىڭ.**

بۇ خەرىتە. بۇ دۇنيا خەرىتىسى. بۇ يېڭى ۋە چوڭ. ماۋۇ ئاسىيا قىتئەسى.ماۋۇ ئافرىقا قىتئەسى. ماۋۇ ياۋروپا قىتئەسى. ئاۋۇ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى. ماۋۇ شەرقىي تۈركىستان. شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن. ماۋۇ قازاقىستان. ئاۋۇ موڭغۇلىيە ۋە رۇسىيە. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرىداش. ماۋۇ قىرغىستان. ئۇ ناھايىتى يېقىن. ماۋۇ ئەنگلىيە. ئاۋۇ ئامېرىكا. ئۇلار بەك يىراق.



**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Birinci | بىرىنچى |
| Yeni Hayat Gazetesi | «يېڭى ھايات گېزىتى» |
| Bugünün | بۈگۈنكى |
| Hayır | ياق |
| Değil | ئەمەس |
| Dünün | تۈنۈگۈنكى |
| İtifak Dergisi | ئىتتىپاق ژورنىلى |
| Harita | خەرىتە |
| Dünya Haritası | دۇنيا خەرىتىسى |
| Bu | بۇ |
| Asya | ئاسىيا |
| Avrupa | ياۋروپا |
| Afrika | ئافرىقا |

| | |
|---|---|
| Kuzey Amerika | شىمالىي ئامېرىكا |
| Doğu Türkistan | شەرقىي تۈركىستان |
| Yüce,Uluğ | ئۇلۇغ |
| Kazakistan | قازاقىستان |
| Moğolistan | موڭغۇلىيە |
| Rusya | رۇسىيە |
| Sınırlı | چېگرىداش |
| İle | بىلەن |
| Kırgızistan | قىرغىزىستان |
| Yakın | يېقىن |
| İngiltire | ئەنگلىيە |
| Amerika | ئامېرىكا |

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر**

هازىر دەرس باشلايمىز
هازىر دەرستىن چۈشىمىز
دەرس باشلا
دەرستىن چۈش

**كۆنۈكمە**

1- ئۆتۈلگەن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يادقا ئېلىڭ.

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1. Doğu Türkistan bizim yüce vatanımız.
2. Moğolistan Doğu Türkista ile sınırlıdır, Kazakistan, Kırgızistan da Doğu Türkistan ile sınırlıdır.
3. Özbekistan çok yakın, ingiltire ve Amerika çok uzak.
4. Bu dünya haritası bizim mi?
5. Bu bugünün gazetesi, o dünün gazetesi.
6. Bende Uygurca dergi var, Türkçe dergi yok.

# تۆتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

مەن ئوقۇغۇچى (مەن).

ئۇ مۇئەللىم ئەمەس (تۇر). ئۇ دوختۇر (دۇر).

### جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| مەن | ئوقۇغۇچى | (مەن) |
| سەن | | (سەن) |
| سىز | | (سىز) |
| ئۇ | | (دۇر) |

II

| | | |
|---|---|---|
| بىز | دوختۇر | (مىز) |
| سىلەر | | (سىلەر) |
| ئۇلار | | (دۇر) |

III

| | | |
|---|---|---|
| مەن | مۇئەللىم | ئەمەس (مەن) |
| سەن | | ئەمەس (سەن) |
| سىز | | ئەمەس (سىز) |
| ئۇ | | ئەمەس (دۇر) |

IV

| | | |
|---|---|---|
| بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | جۇڭگولۇق | ئەمەس (مىز)<br>ئەمەس (سىلەر)<br>ئەمەس (تۇر) |
| بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | شەرقىي تۈركىستانلىق | (مىز)<br>(سىلەر)<br>(تۇر) |

**تېكست**

I

مەن يېڭى ئوقۇغۇچى (مەن). سىزمۇ يېڭى ئوقۇغۇچى (سىز). بىز ناھايىتى ئىناق (مىز).

II

بۇ ئەپەندى – داۋۇت. ئۇ ئۇيغۇر، ئۇ دوختۇر. بۇ ئەپەندى – سەكەن، ئۇ قىرغىز. ئۇ شوپۇر. بۇ ئەپەندى – زەينەش. ئۇ قازاق. ئۇ ناخشىچى. ئۇلار بىزنىڭ كونا ساۋاقداش.



III

مەن دوختۇر ئەمەس (مەن)، ئۇلارمۇ ئىشچى ئەمەس (تۇر). بىز ئوقۇتقۇچى (مىز). بىزنىڭ تۇرمۇش يامان ئەمەس (تۇر). بىز تۈركىيەدىكى ئىنسانلاردەك بەختلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلىمىز.

**يېڭى سۆز ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| İkinci | ئىككىنچى |
| Sen | سەن |
| Sizler | سىلەر |
| Han (Etnik Grup) | خەنزۇ |
| Efendi,Bey | ئەپەندى |
| Davut | داۋۇت |
| Doktor | دوختور |
| Seken | سەكەن |

| | |
|---|---|
| Kırgız | قىرغىز |
| Şoför | شوپۇر |
| Zeyneş | زەينەش |
| Kazak | قازاق |
| Şarkıcı | ناخشىچى |
| Eski | كونا |
| Sınıf arkadaş | ساۋاقداش |
| Hayat | تۇرمۇش |
| Mutlu | بەختلىك |
| İstemek, arzu et- | ئارزۇ قىلماق |
| Gibi | دەك، تەك |

## گىراماتىكا

### 1- سۆز تۈركۈمى ھەققىدە

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىسى، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، ئالماش، رەۋىش، پېئىل، تەقلىد،ئىملىق سۆز، ئىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت 21 سۆز تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.



| مىسال | ئىزاھات | سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئىسىملىرى |
|---|---|---|
| ئوقۇغۇچى كىتاب | شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈردىغان سۆز تۈركۈمى | ئىسىم |
| يېڭى چوڭ | شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈردىغان سۆز تۈركۈمى | سۈپەت |
| ماڭ- ئولتۇر- | شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى | پېئىل |
| بىر بىرىنچى | شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى | سان |

| | | |
|---|---|---|
| دانە قېتىم | شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى | مىقدار |
| بۈگۈن ناھايىتى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ | رەۋىش |
| سىز، قانداق قانچە | جۈملىدە تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، شۇ سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى | ئالماش |
| ئۈچۈن | ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ | تىركەلمە |
| ۋە | سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ھەم قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ | باغلىغۇچى |
| پاھ | ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا (ئىشارەت) ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى | ئىملىق سۆز |
| مۇ | سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ | يۈكلىمە |
| ھا-ھا-ھا | شەيئىنىڭ ھالىتى، ئاۋازى ۋە سېزىمىنىڭ كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى، ھېسسىي سېزىمى ئارقىلىق تەپەككۇردا ئەكس ئەتكەن ئىنكاس | تەقلىد |

### 2-جۈملە

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ، نىسپىي ئاياغلاشقان ئوي- پىكىرنى بىلدۈرىدىغان ۋە بەلگىلىك ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان ئەڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:**

- بۇ كىتاب ياخشىمۇ؟
- ياخشى.
- ئۇلار ئوقۇتقۇچى.
- ئاپلا، مەن كىرمىسەم بوپتىكەن – ھە!
- بۇ لۇغەت ئايشەمنىڭ.

### 3- شەخس ئالماش

شەيئىلەرنى سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى (ئۆزگە) نۇقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان ئالماشلاردۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| I - شەخس | بىرلىك | | مەن |
| | كۆپلۈك | | بىز |
| II - شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈر | سەن |
| | | سىپايە تۈر | سىز |
| | | ھۆرمەت تۈرى | سىلى (ئۆزلىرى) |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈر | سىلەر |
| | | ھۆرمەت تۈرى | ھەر قايسىلىرى، ھەر بىرلىرى |
| | | سەنلىمە تۈر | سەنلەر |
| III - شەخس | بىرلىك | | ئۇ |
| | كۆپلۈك | | ئۇلار |

4- جۈملە تىپى بويىچە مەشىقتە تىرناق ئىچىدىكى «مەن، سەن» خەۋەر رايىنىڭ ھازىرقى زامان باغلىغۇچى ھۆكۈم پېئىلى، دەپ ئاتىلىدۇ. خەۋەر رايىنىڭ ھازىرقى زامان باغلىغۇچى پېئىلى ئىسىم، سۈپەت ياكى سان قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

① بىز ئوقۇغۇچىمىز.

② بۇ مەكتەپتۇر.

③ بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشىدۇر.

④ ئوقوغۇچى ئوندۇر.

ئىزاھات: ئادەتتە قىسقارتىلىدۇ. يەنى دۇر (تۇر) قىسقارتىلىدۇ.

① بىز ئوقۇغۇچى.

② بۇ مەكتەپ.

③ بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى.

④ ئوقۇغۇچى ئون.

5- « ئەمەسمەن، ئەمەسسەن» بولسا خەۋەر رايىنىڭ ھازىرقى زامان باغلىغۇچى ھۆكۈم پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلىدۇر.



① مەن ئۇرۇمچىلىك ئەمەسمەن.

② بۇ بىزنىڭ كىتاب ئەمەستۇر.

③ بۇ دەرس قىيىن ئەمەستۇر.

④ بىز ئون ئەمەسمىز.

ئىزاھات: ئادەتتە ` ئەمەس`نىڭ كەينىدىكى مەن، سەن قىسقارتىلىدۇ. يەنى دۇر (تۇر) قىسقارتىلىدۇ.

① مەن ئۇرۇمچىلىك ئەمەس.

② بۇ بىزنىڭ كىتاب ئەمەس.

③ بۇ دەرس قىيىن ئەمەس.

④ بىز ئون ئەمەس

## دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر

ئىسمىڭىز نېمە؟

ئىسمىم ئادىل.

ئىسمىڭىز

ئىسمىم

ئادىل

### كۆنۈكمە

1- تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تۈرلىرى بويىچە ئايرىڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بىز | مۇ | نېمە | ئۇلۇغ | بول- |
| ئال- | كىم | ئۈچۈن | دۆلەت | ناھايىتى |
| قول | ۋە | بۇ | گۈزەل | ئۈچىنچى |
| بەك | مىڭ | كىتاب | خەرىتە | ۋەتەنپەرۋەر |



2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بولۇشسىز شەكىلگە ئۆزگەرتىڭ.

مىسال:

ئۇ مۇئەللىم. ← ئۇ مۇئەللىم ئەمەس.

① مەن ئاخباراتچى (مەن).

② كامىلجان ئوقۇغۇچى.

③ سىلەرنىڭ سىنىپ چوڭ.

④ بۇ بىزنىڭ ۋەتەن.

⑤ بىز مۇئەللىم (مىز).

⑥ سىز يېڭى دورىگەر (سىز).

⑦ بۇ رادىئو ياخشى.

⑧ ئۇلار بىزنىڭ كەسپداش.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1.Onlar Doğu Türkistanlı.
2.Biz sınıf arkadaşıyız.
3.Uygurlar çok çalışkandır.
4.Biz Ürümqi'ye yeni geldik.
5.Ben Çiftçiyim.
6.Bu bizim Okul.
7.O çok iyi biri.
8.Okulumuz çok büyük, çok güzel.
9.Bu bizim sınıf değil.
10.Doğu Türkistan çok büyük.
11.O üniversite'de okuyor.

4- هازىرقى زامان بايان جۈملە شەكلى بويىچە (بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز) 5 جۈملە تۈزۈڭ.

( دۇر.... تۇر).

## بەشىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا: | سىز | مۇئەللىممۇ<br>سېستىرامۇ<br>قەشقەرلىقمۇ | (سىز) ؟ |
| ئە: | ياق، مەن | مۇئەللىم<br>سېستىرا<br>قەشقەرلىق | ئەمەس (مەن). |
| ئا: | سىز | ئوقۇغۇچىمۇ<br>ئۇيغۇرمۇ<br>شەرقىي تۈركىستانلىقمۇ | (سىز) ؟ |
| ئە: | ھەئە. مەن (مەن) | ئوقۇغۇچى<br>ئۇيغۇر<br>شەرقىي تۈركىستانلىق | |

II

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا: | سىلەر | ئىنژېنېر<br>ئىشچى<br>دوختۇر | ( ما) ؟ |

ئە: ھەئە، بىز

| |
|---|
| ئىنژېنېر |
| ئىشچى |
| دوختۇر |

ئا: ئۇلارمۇ

| |
|---|
| ئىنژېنېر |
| ئىشچى |
| دوختۇر |

( ما)؟

ئە: ياق، ئۇلار

| |
|---|
| ئىنژېنېر |
| ئىشچى |
| دوختۇر |

ئەمەس.



ئۇلار

| |
|---|
| تىجارەتچى |
| دېھقان |
| بوغالتىر |

ئە: ياق، ئۇلار

| |
|---|
| ئىنژېنېر |
| ئىشچى |
| دوختۇر |

ئەمەس.

III

ئا: ئۇ كىم ؟

ئە: ئۇ بىزنىڭ

| |
|---|
| سىنىپ باشلىقى |
| ساۋاقداش |
| مۇئەللىم |

ئا: بۇ كىتاب قانداق؟

| |
|---|
| ياخشى |
| مەزمۇنلۇق |
| قىزىق |

ئە: بۇ كىتاب ناھايىتى ... .

ئا: سىلەر قەيەرلىك؟

| |
|---|
| خوتەنلىك |
| غۇلجىلىق |
| تۇرپانلىق |

ئە: بىز ... (مىز).

**تېكىست**

I

ئا: دوستۇم، بۇ تىل – ئەدەبىيات فاكولتېتىمۇ؟

ئە: ھەئە، بۇ تىل ئەدەبىيات فاكولتېتى. سىز يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ؟

ئا: ھەئە، مەن يېڭى ئوقۇغۇچى. بىزنىڭ دەرسخانا قايسى؟

ئە: ئاۋۇ 5- ئۆي.

ئا: رەھمەت.

ئە: ئەرزىمەيدۇ.

II

قۇتلۇق: ياخشىمۇسىز؟

ئەركىن: ياخشى، رەھمەت سىزگە، سىزچۇ؟

قۇتلۇق: مەنمۇ ياخشى.

ئەركىن: يېقىندىن بۇيان سىلەر ئالدىراشمۇ؟

قۇتلۇق: بىر قەدەر ئالدىراش. سىلەرچۇ؟

ئەركىن: بىزمۇ ئالدىراش. ئاۋۇ كىشى كىم؟

قۇتلۇق: ئۇ بىزنىڭ سىنىپ باشلىقى.

ئەركىن: ئۇ ئۇيغۇرما؟

قۇتلۇق: ياق. ئۇ ئۇيغۇر ئەمەس. ئۇ خۇيزۇ.

ئەركىن: ئۇ شەرقىي تۈركىستانلىقما؟

قۇتلۇق: ياق ئۇ گەنسۇلۇق.

ئەركىن: ئۇ قانچە ياش؟

قۇتلۇق: ئۇ يىگىرمە ياش.

ئەركىن: هازىر دەرس بارمۇ؟

قۇتلۇق: بار.

ئەركىن: ئەمىسە خوش!

قۇتلۇق: خوش ئەمىسە!



**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| ئۈچىنچى | Üçüncü |
| شەرقىي تۈركىستانلىق | Doğu Türkistanlı |
| هەئە | Evet |
| ما، مۇ | Da, de |
| سېستىرا | Hemşere |
| كىم | Kim |
| سىنىپ باشلىقى | Sınıf başkanı |
| ئىنژېنېر | Mühendis |
| مەزمۇنلۇق | İçeriği zengin |
| غۇلجىلىق | Ğulcalı |
| خوتەنلىك | Hotenli |
| تۇرپانلىق | Turfanlı |
| تىل – ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | Edebiyat Fakültesi |

| | |
|---|---|
| Sınıf | دەرسخانا |
| Hangi | قايسى |
| Oda | ئۆي |
| Teşekkür | رەھمەت |
| Son günler | يېقىندىن بۇيان |
| Yoğun | ئالدىراش |
| Bir az | بىر قەدەر |
| Peki | چۇ |
| Kaç | قانچە |
| Yaş | ياش |
| Yirmi | يىگىرمە |
| Öyleyse | ئەمىسە |
| Hoşça kal | خوش |
| Huyzu(Çinli Müslüman) | خۇيزۇ |
| Muhasebeci | بوغالتىر |
| Çiftçi | دېھقان |



## گىراماتىكا

جۈملە ئىنتوناسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئادەتتە، بايان جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە، دەپ تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ.

1 مۇئەييەن بىر ئوي – پىكىرنى بايان قىلىش تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بايان جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ كىتاب.

② بۇ كىتاب ياخشى.

③بىزنىڭ يۇرتىمىز ئاجايىپ گۈزەل.

2سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر خىل گۇمانىنى، سوئالىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملىلەر، سوئال جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەئە ياكى ياق قاتارلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىلگەن جۈملە ئادەتتىكى سوئال جۈملە، ئاتىلىدۇ.

① بۇ كىتابمۇ؟

ھەئە، بۇ كىتاب.

ياق. بۇ كىتاب ئەمەس.

② بۇ كىتاب ياخشىما؟

ھەئە، ياخشى

ياق، ياخشى ئەمەس.

سوئال جۈملە يەنە ما،چۇ ياكى مۇ قاتارلىق يۈكلىمىلەر ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

① بۈگۈنكى گېزىت كەلدىمۇ؟

② ئۇ ئەتە كېلىدىكەن، سەنچۇ؟

قەيەر، قانچە، قانداق، نېمە، كىم، قايسى قاتارلىق ئالماشلار ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ نېمە؟

بۇ كىتاب.

② سەن كىم؟

مەن ئەسقەر.

③ بۇ ژورنال قانداق؟

بۇ ژورنال ياخشى.



**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| كىتابلارنى ئېچىڭلار. | ئۇنىنچى بەتكە قاراڭلار. |
| كىتاب | ئاچ- |
| ئۇنىنچى | بەت |
| قارا- | |

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرگە بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىلدە جاۋاب بېرىڭلار.

① بۇ سىلەرنىڭ سىنىپ (ما)؟

② ئۇلار يەكەنلىكمۇ؟

③سىلەرنىڭ مەكتەپ چوڭمۇ؟

④ بۇ ماشىنا بىزنىڭ (مۇ)؟

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئادەتتىكى سوئال جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز جاۋاب بېرىڭ. مەسىلەن:

ئۇلار مۇئەللىم. ← ئۇلار مۇئەللىممۇ؟

ھەئە، ئۇلار مۇئەللىم.

ياق، ئۇلار مۇئەللىم ئەمەس.

① سىز ئىشچى (سىز).

② ئۇ سىلەرنىڭ مۇئەللىم.

③ ئۇلار ساياھەتچى.

④ سىز شوپۇر (سىز).

⑤ بۇ خەرىتە چوڭ.

⑥ بۇ ئۇيغۇرچە ژورنال.

⑦ بۈگۈن دەرس بار.

⑧ بىزنىڭ سىنىپ پاكىز.

⑨ سىلەر يېڭى ئوقۇغۇچى (سىلەر).

⑩ ئىھسان تىرىشچان ئوقۇغۇچى.

3- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى تىرناق ئىچىگە « كىم، نېمە، قانداق، قانچە،

قەيەرلىك » قاتارلىق ئالماشلارنى ئىشلىتىپ سوئال جۈملە تۈزۈڭ. مەسىلەن:

ئۇ ( بىزنىڭ ساۋاقداش ). ← ئۇ كىم ؟

① بۇ ( ئۇيغۇرچە كىتاب ).

② ( بىر مىڭ ) ئىشچى بار.

③ ئايشەم ( مەشھۇر ) ناخشىچى.

④ بۇ كىتاب ( ناھايىتى قىزىق ).

⑤ ئۇ ( ئون توققۇز ) ياش.

⑥ ئۇلار ( سىلەرنىڭ مۇئەللىم ).

⑦ ( بۇ ژورنال ) ياخشى.

⑧ داۋۇت ( قۇمۇللۇق ).

⑨ بۇ رادىيو ( ناھايىتى ياخشى ).

⑩ ( بىزنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى ) ناھايىتى تىرىشچان.

4-تۆۋەندە بېرىلگەن دىئالوگنى ئوقۇڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

ئا: سىز يېڭى ئىشچىمۇ ( سىز )؟

ئە: ھەئە، مەن يېڭى ئىشچى ( مەن ).

ئا: ئېتىڭىز نىمە؟

ئە: ئېتىم سابىر.

ئا: سىز قانچە ياش ( سىز )؟

ئە: مەن ئوتتۇز ياش ( مەن ).

ئا: سىز قەيەرلىك ( سىز )؟

ئە: مەن ئاتۇشلۇق ( مەن ).

ئا: بۇياق كىم؟

ئە: ئۇمۇ يېڭى ئىشچى.

ئا: ئۇمۇ ئاتۇشلۇقما؟

ئە: ياق، ئۇ ئاتۇشلۇق ئەمەس، ئۇ كۇچالىق.

## ئالتىنچى دەرس

### • جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ئا: بۇ | كىتابلار<br>ژورناللار<br>قەلەملەر<br>دەپتەرلەر | قانداق؟ |
| ئە: بۇ | كىتابلار<br>ژورناللار<br>قەلەملەر<br>دەپتەرلەر | ناھايىتى ياخشى. |
| ئا: | دوستلار<br>مۇئەللىملەر<br>ساۋاقداشلار<br>ئۆمەرلەر | سالامەتمۇ؟ |

ئە: ھەئە، سالامەت

II

| | | |
|---|---|---|
| ئا: ئۇيغۇرچە | ژورنال<br>كىتاب | بار. |

ئە: قازاقچە [ژورنال / كىتاب] يوق.

ئا: ئۇيغۇرچە [گراماتىكا / لۇغەت] بارمۇ؟

ئە: ئۇيغۇرچە [گراماتىكا / لۇغەت] يوق. خىتايچە [گراماتىكا / لۇغەت] بار.

## تېكىست

I

بۇ شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسى. بۇلار دەريا. بۇ دەريالار ناھايىتى ئۇزۇن. بۇ تارىم دەرياسى. ئاۋۇ تەكلىماكان چۆلى. ماۋۇلار تاغلار. بۇ تاغلار ناھايىتى ئېگىز ۋە ھەيۋەت. بۇلار شەھەر. ماۋۇ ئۈرۈمچى. ئۈرۈمچى ئىنتايىن گۈزەل شەھەر، شۇنداقلا يېڭى بىر شەھەر. ئۇ بىزنىڭ پايتەخت.



II

- دوستۇم، كۈتۈپخانا قايسى؟
- ئاۋۇ.
- ئەپەندىم، ئۇيغۇرچە « تارىم » ژورنىلى بار؟
- نەچچىنچى يىل، نەچچىنچى سان؟
- 2010- يىل. 1 – سان.
- بار، مانا.
- « تەڭرىتاغ » ۋە « بۇلاق » مۇ بارمۇ؟
- ئۇلارمۇ بار.

- ئۇيغۇرچە رومانلارچۇ؟ مەسلەن، « ئويغانغان زېمىن »، « ئانا يۇرت » دېگەندەك.

- ئەلۋەتتە، بار.

- تۈركچە گراماتىكا ۋە تۈركچە لۇغەت بارمۇ؟

- تۈركچە گراماتىكا ۋە تۈركچە لۇغەت يوق.

### يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Dördüncü | تۆتىنچى |
| Kalem | قەلەم |
| Depter | دەپتەر |
| Gramer | گراماتىكا |
| Nehir | دەريا |
| Uzun | ئۇزۇن |
| Dağ | تاغ |
| Yüksek | ئېگىز |
| Şehir | شەھەر |
| Eski | قەدىمكى |
| Üstelik, aynı zamanda | شۇنداقلا |
| Başkent | پايتەخت |
| Kütüphane | كۇتۇپخانا |
| Kaçıncı | نەچچىنچى |
| Yıl | يىل |
| İşte bu | مانا |



### گراماتىكا

#### 1. قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى ۋە تۇرلەرگە ئايرىلىشى

(1) قوشۇمچىلار: ئۆز ئالدىغا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، سۆزلەرگە قوشۇلۇپ سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىدىغان تەركىب، قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسلەن: چى- ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق مەنە بىلدۈرمەيدۇ، بىراق ئىش، دېگەن

سۆزنىڭ كەينىگە قوشۇلغاندا، سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىشچى غا ئۆزگەرتىدۇ. يەنە، لار- قوشۇمچىسى ئوخشاشلا ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق مەنە بىلدۈرمەيدۇ، بىراق ساۋاقداش، دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە قوشۇلغاندا، ساۋاقداشلار بولىدۇ، گىرامماتىكىلىق جەھەتتە كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ.

(2) قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى: ئۇيغۇرتىلىدا ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ ھاللاردا تاۋۇش جەھەتتە پەرقلىق شەكلىگە ئىگە بولىدۇ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى،دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: لار-،لەر- قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ، پەقەت تاۋۇش جەھەتتىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

(3) قوشۇمچىلارنىڭ تۈرلىرى:

① رولىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرتىلىدىكى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

A، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار: سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

. مەسىلەن:

- غۇچى: ئوقۇ + غۇچى ⟵ ئوقۇغۇچى
- داش: ساۋاق + داش ⟵ ساۋاقداش

B، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار: سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىلار، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ساۋاقداش (بىرلىك) + لار ⟵ ساۋاقلاشلار (كۆپلۈك)

دەپتەر (بىرلىك) + لەر ⟵ دەپتەرلەر (كۆپلۈك)

②ۋارىياتنىڭ فونېمىلىق تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرتىلىنىڭ قوشۇمچىلىرى تىل ئالدى، تىل كەينى، لەۋ، جاراڭلىق، جاراڭسىز، ئوچۇق، يېپىق قاتارلىق 8 تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەرسلىرىمىزدە ئالدى، كەينى بولۇپ ئىككى تۈرلۈك قوشۇمچە ھەققىدە توختالغان ئىدۇق.

**2-تىل ئالدى قوشۇلغۇچىلار ۋە تىل كەينى قوشۇلغۇچىلار**

(1) تىل ئالدى قوشۇلغۇچىلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

① بىرىنچى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بار، مەسىلەن: - لەر؛

② قوشۇمچىلاردا گ ياكى ك بولغانلار، مەسىلەن: - گىچە، - كىچە.

(2) تىل كەينى قوشۇلغۇچىلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

① بىرىنچى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )تىل ئارقى سوزۇق تاۋۇش بار، مەسىلەن: - لار؛

② قوشۇمچىلاردا ق ياكى غ قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇش بار بولۇپ، ئۇلار – غىچە، - قىچە.

**3- سۆز تومۇرى( سۆز يىلتىزى ) ۋە سۆز تومۇرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى**

① مۇستەقىل (باش) مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز يىلتىزى دېگەندە، ئۇنىڭ ياسىغۇچى مورفېمىلار ياكى تۈرلىگۈچى مورفېمىلار ۋە ياكى باشقا مۇستەقىل مورفېمىلار بىلەن بىرىكمىگەن شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: باش، كىشى، ئالتە، يەتمىش، ئىنتايىن، ئوقۇ-، سەكرە-، دانە-، تونىنا، مۇ، قىزىل، ئاق.........

②ۋارىياتىنىڭ فونېمىلىق تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرتىلىنىڭ قوشۇمچىلىرى تىل ئالدى، تىل كەينى، لەۋ، جاراڭلىق، جاراڭسىز، ئوچۇق، يېپىق قاتارلىق 8 تۈرگە ئايرىلىدۇ.



**4- تىل ئالدى سۆز تومۇرى ۋە تىل كەينى سۆز تومۇرى**

(1) تىل ئالدى سۆز تومۇرى ۋە تىل كەينى سۆز تومۇرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

① ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن: دەپتەر، ئۆي، غالىبىيەت، گۈل

② ئەڭ ئاخىرقى بىر بوغۇم ياكى ئاخىرقى بىر نەچچە بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش بار،ھەممە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا يەنە ئالدى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن:

مۇئەللىم، خوتەنلىك

③ ھەر بوغۇمدا ئارا سوغۇق تاۋۇش بولۇشى مۇمكىن، ھەممە سۆز يىلتىزىدا گ ياكى ك قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بار. مەسىلەن:

كىم، گېزىت

(2)كەينى سۆز تومۇرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

① ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن:

دېھقان، توپ، كىتاب، كۇتۇپخانا

② ئەڭ ئاخىرقى بىر بوغۇم ياكى ئاخىرقى بىر نەچچە بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش بار،ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا يەنە كەينى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن:

ئالىم، ئەستايىدىل

③ ھەر بوغۇمدا ئارا سوغۇق تاۋۇش بولۇشى مۇمكىن، ھەمدە سۆز يىلتىزىدا غ ياكى ق قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بار. مەسىلەن:

قىيىن، ئېغىر، خىش

ئىزاھات: ھەر بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش بار، بىراق ك، گ، ق، غ، خ قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بولغان بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن بىرگە كەلمەيدۇ، تىل ئالدى سۆز تومۇرى ياكى تىل كەينى سۆز تومۇرىغا ئائىت بولغاندا، چوقۇم مۇنۇلارنى ئەستە تۇتۇش لازىم، مەسىلەن، سىز، بىز، قاتارلىق ئالدى سۆز تومۇرى، تىل، سىنىپ قاتارلىقلار تىل كەينى سۆز تومۇرى.

1-قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تومۇرىنىڭ تۈرلىنىش پىرىنسىپى



تىل ئالدى سۆز تومۇرى تىل ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن تۈرلىنىدۇ، تىل كەينى سۆز تومۇرى تىل كەينى قوشۇلغۇچى بىلەن تۈرلىنىدۇ، مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| مەكتەپ | + لەر ← | مەكتەپلەر |
| مۇئەللىم | + لەر ← | مۇئەللىملەر |
| گېزىت | + لەر ← | گېزىتلەر |
| ساۋاقداش | + لار ← | ساۋاقداشلار |
| ئوقۇغۇچى | + لار ← | ئوقۇغۇچىلار |
| تىل | + لار ← | تىللار |

2- ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ساندىكى ئىسىملار بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نامنى ئىپادىلەپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسىملار سان جەھەتتىن بىرلىك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار بىر ياكى كۆپ شەيئىنى بىلدۈرۈشكە قاراپ بىرلىك

ساندىكى ئىسىملار ۋە كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىرلىك ساندىكى ئىسىملار بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن، دۆلەت، شەھەر، تاغ، دېھقان، ئوقۇتقۇچى، كىتاب...

كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار بىردىن ئارتۇق شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىسىملار گەرچە شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نام بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسىملار شۇ خىل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، بىرسىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت بۇ ئىسىملارنى دۆلەتلەر، شەھەرلەر، تاغلار، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچىلار دەپ ئېيتساق ئاندىن شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، ئىسىملارغا «لار، لەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق كۆپلۈك سانىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، «لار، لەر» قوشۇمچىسىنى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى دەيمىز.

| بىرلىك | كۆپلۈك |
| --- | --- |
| مەكتەپ | مەكتەپلەر |
| مۇئەللىم | مۇئەللىملەر |
| زاۋۇت | زاۋۇتلار |
| ساۋاقداش | ساۋاقداشلار |

ئېغىز تىلىدا، - لار / - لەر قوشۇمچىلىرىدىكى « ر » ھەرپى بوغۇم ئاخىرىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر» تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ.

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئىسىملارغا تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ.

1) كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇشقا بولىدىغان ئىسىملارغا قوشۇمچە قوشۇلغاندا شۇ ئىسىم ئىپادە قىلغان مەنىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئادەملەر، شەھەرلەر، تاغلار، بالىلار، كىتابلار، ئوقۇتقۇچىلار.

2) ساناق سانلار بىلەن بىۋاستە ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ.

مەسىلەن :

52

«20 ئادەم، 50 دانە كىتاب، 5 مەكتەپ» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، «20 ئادەملەر، 50 دانە كىتابلار، 5 مەكتەپلەر» دېگىلى بولمايدۇ.

3) ئىسىملاردىن كەلگەن تەۋداش بۆلەكلەر ئالاھىدە تەكىتلەنسە قوشۇمچىلار ھەربىرىگە ئۇلىنىدۇ، تەكىتلەنمىسە ئەڭ ئاخىرقى بىرسىگىلا ئۇلىنىپ ھەممىسىگە ئورتاق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

① سەنئەتكارلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسساملار ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۈگۈنكى يىغىنغا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى – خىزمەتچىلەر قاتناشتى.

4) جىسمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياكى مىقدار بىرلىكى تۈرلۈك ئۆلچەشلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ شەيئىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ شەيئى تۈرىنىڭ ياكى مىقدارىنىڭ بىرلىكىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن :

«سۇلار» دېسەك ناھايىتى كۆپ سۇ دېگەنلىك بولماستىن ئېرىق – ئۆستەڭ سۈيى، كۆل سۈيى، دەريا سۈيى، دېڭىز – ئوكيان سۈيى دېگەن مەنىنى ياكى بىرقانچە خىل نەرسىلەرگە ئېلىپ قويۇلغان سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

5) ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىملارغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ ئىسىم ئىپادە قىلغان مەنىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ ئىسىمنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن :

«ئىنقىلاب»، «تىنچلىق» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشقىلى بولمايدۇ. «ئوقۇش، ئۆگىنىش» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ، «ئوقۇشلار، ئۆگىنىشلەر» دېيىلسە، سان جەھەتتىكى كۆپلۈكنى ئەمەس، ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن ئالاقىدار ئىشلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

6) خاس ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، سانىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ خاس ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەرنى قوشۇپ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن :

«قاسىملار كەلدى» دېسەك نۇرغۇن قاسىم ئىسىملىكلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى قاسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

7) جۈپ شەيئىلەر ياكى پەقەت بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا كۆپلۈك

قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، مەنىنى كۈچەيتىش، تەسۋىرنى ئاشۇرۇش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن :

(1) يولۇڭغا تولا قاراپ، كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى.

(2) ئادىل ھوشۇرنىڭ دار ئۇستىدىكى ماھارەتلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

8) بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكى ئۆزىدىنلا مەلۇم بولغاچقا، كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇلمايدۇ.مەسىلەن ، ھايۋانات، ئادەمزات، چىمەنزار، كائىنات، ئېكىنزار...

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**

- ھازىر جۈملە تېپى بويىچە مەشق قىلايلى.
- ئاۋال مەن ئوقۇي.
- سىلەر دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار.
- جۈملە تىپلىرى
- بويىچە
- مەشق قىل -
- ئاۋۋال
- دىققەت بىلەن

**كۆنۈكمە**

1. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپكۈك شەكلىنى يېزىپ چىقڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| دەرس | ئېتىز | سوتچى |
| ئۇستەل | گېلەم | ئاشپەز |
| قول | لۇغەت | قەغەز |
| كۆز | ساۋاقداش | تېلېفون |
| ئورۇندۇق | زاۋۇت | ياغاچ |

2- تۆۋەندە بىرىلگەن جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭلار.

① بۇ مەكتەپلەر يېڭى مەكتەپ.

② مۇئەللىملەر ئۇيغۇرمۇ؟

③ئۇيغۇرچە رومانلار بار، تۈركچە رومانلار پەقەتلا يوق.

④ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتىسى بار.

① بۇ شەھەلەر ناھايىتى گۈزەل.

② سىنىپلار ناھايىتى پاكىز.

③ ھازىر دەرس يوقمۇ؟

④ بۇ ئۆيلەر چوڭ ئەمەس.

⑤ بۇ لۇغەتلەر قانداق؟

⑥ بۇ جۈملە بىر قەدەر قىيىن.

3- تۆۋەندە بېرىلگەن تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

①Bu fabrika çok büyük.

②Yeni gelen öğrenciler çok çalışkan.

③-Oradaki Dergiler Uygurca değil mi?

- Hayır Uygurca değil, Türkçe.

④Gelenler Ali abiler mi?

⑤Tanrı dağları çok yüksek.

⑥Bu topraklar bizimdir, onların değil.

⑦Bizim sınıf çok temiz.

⑧ Bugün ders var mı?

⑨ Bugün öğleden sonra tarih dersi yok, Siyaset dersi var.

⑩ Bu araba benim değil.

## يەتتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| ئا: سىلەرنىڭ | ئۆي<br>يېزا<br>ئاچقۇچ<br>مەكتەپ مۇدىر | قەيەردە؟ |
|---|---|---|

| ئە: بىزنىڭ | ئۆي<br>يېزا<br>ئاچقۇچ<br>مەكتەپ مۇدىر | ئالتايدا<br>ئوپالدا<br>ئادىلەدە<br>ئىشخانىدا |
|---|---|---|

| ئا: سىنىپتا ئۇيغۇرچە | خەرىتە<br>كىتاب<br>لۇغەت<br>گېزىت<br>پوۋىست | بار. |
|---|---|---|

| ئە: بۇ ئۆيدە | تېلېۋىزور<br>توڭلاتقۇ<br>كىر ئالغۇ .<br>سىنئالغۇ<br>دۇتار | يوق. |
|---|---|---|

| | | |
|---|---|---|
| ئا: ئۇ | ئۈستەلدە<br>سېۋەتتە<br>دەريادا<br>كارىۋاتتا<br>ئاشخانىدا | نېمە بار؟ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئە: | ئۈستەلدە<br>سېۋەتتە<br>دېڭىزدا<br>كارىۋاتتا<br>ئاشخانىدا | قوغۇن<br>نەشپۈت<br>پاراخوت<br>كۆينەك<br>قاچا | بار. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | مەكتەپتە<br>رەسىمدە<br>زاۋۇتتا<br>باغدا | نۇرغۇن | دەرەخ<br>ئادەم<br>ئىشچى<br>گۈل | بار. |

## تېكست

بىزنىڭ ياتاق 9- بىنادا، بىزنىڭ ياتاق يورۇق ۋە پاكىز. بىزنىڭ ياتاقتا تۆت كارىۋات، بىر ئۈستەل، ئىككى ئورۇندۇق ۋە بىر ئىشكاپ بار. ئىشكاپتا كىتابلار، گېزىتلەر ۋە ژورناللار بار. ئۈستەلدە چايدان ۋە ئىستاكانلار بار.

سابىر، سەيدۇللاھ، باتۇر، ئۆمەر، مەن بىر ياتاقتا. بىز ناھايىتى ئىناق. بىز ئۆگىنىشتە تىرىشچان، پائالىيەتتە ئاكتىپ.

## يېڭى سۆز-ئىبارىلەر

قەيەر — Nerede

| | |
|---|---|
| Altay(il) | ئالتاي |
| Anahtar | ئاچقۇچ |
| Televizyon | تېلېۋىزور |
| Buzdolabı | توڭلاتقۇ |
| Çamaşır makinesi | كىرئالغۇ |
| Kamera | سىنئالغۇ |
| Dutar (Müzik aleti) | دۇتار |
| Masa | ئۈستەل |
| Sepet | سېۋەت |
| Yatak | كارىۋات |
| Kavun | قوغۇن |
| Armut | نەشپۈت |
| Gemi | پاراخوت |
| Gömlek | كۆينەك |
| Çok | نۇرغۇن |
| Ağaç | دەرەخ |
| Resim | رەسىم |
| Park | باغچا |
| Yurt odası | ياتاق |
| Aydınlık | يورۇق |
| Sandalye | ئورۇندۇق |
| Dolap | ئىشكاپ |
| Termos | چايدان |
| Bardak | ئىستاكان |
| Sabir (İnsan adı) | سابىر |
| Öğren- | ئۆگەن- |
| Çalışkan,Girişken | ئاكتىپ |

## گىراماتىكا

### 1- جارائلىق ئۈزۈك تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ۋە جارائسىز ئۈزۈك تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار

(1) جارائلىق ئۈزۈك تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار، جارائلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: - دە، دا

(2) جارىڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار، جارانىڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: - تە، تا

2- جارانىڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلۇق سۆز تومۇرى ۋە جارانىڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلۇق سۆز تومۇرى

(1) جارانىڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلۇق سۆز تومۇرى جارانىڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز تومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆي،

(2) جارانىڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلۇق سۆز تومۇرى سوزۇق تاۋۇش ياكى جارانىڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز تومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

3- قوشۇمچىلارنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن تۇرلىنىش پرىنسىپى

مەسىلەن:

گېزىت + تە ← گېزىتتە

ياتاق + تا ← ياتاقتا

مۇئەللىم + دە ← مۇئەللىمدە

بىنا + دا ← بىنادا

59

4- ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى

ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ ئىسىملارنى جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ھەمدە ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ لۇغەت مەكتەپنىڭ.

② مۇئەللىپ ھازىر مەكتەپتە.

بۇ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك 10 خىل كېلىش شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

| كېلىش نامى | كېلىش قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|
| باش كېلىش | - | ئۆي، بازار، ياتاق، كوچا |
| ئىگىلىك كېلىش | - نىڭ | ئۆينىڭ، بازارنىڭ، ياتاقنىڭ، كوچىنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | - نى | ئۆينى، بازارنى، ياتاقنى، كوچىنى |
| يۆنىلىش كېلىش | -غا/ ، -قا/، - گە/، - كە | ئۆيگە، بازارغا، ياتاققا، كوچىغا |

| | | |
|---|---|---|
| ئورۇن كېلىش | -دا/ - دە/ - تە/ - تا | ئۆيدە، بازاردا، ياتاقتا، كوچىدا |
| چىقىش كېلىش | -دىن/، - تىن | ئۆيدىن، بازاردىن، ياتاقتىن، كوچىدىن |
| ئورۇن - بەلگە كېلىش | - دىكى/ - تىكى | ئۆيدىكى، بازاردىكى، ياتاقتىكى، كوچىدىكى |
| چەك كېلىش | -غىچە/- قىچە/ ، - كىچە/- گىچە | ئۆيگىچە،بازارغىچە، ياتاققىچە، كوچىغىچە |
| ئو خشا تما كېلىش | - دەك/ - تەك | ئۆيدەك، بازاردەك، ياتاقتەك، كوچىدەك |
| تە ڭلە شتۈ ر مە كېلىش | - چىلىك/(چە) | ئۆيچىلىك ، با ز ر چىلىك ، يا تا قچىلىك ، كوچىچىلىك |

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا ئاساسەن ئۇلىنىدۇ.

**5- باش كېلىش**

باش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى يوق. باش كېلىش شەكىل جەھەتتىن ئىسىمنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.



باش كېلىشتە ئىسىم كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كىم ؟ كىملەر ؟ نېمە ؟ نېمىلەر ؟ قەيەر؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. باش كېلىشتىكى ئىسىم تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىپ ئىگە رولىنى ئوينايدۇ.

1) ھېچقانداق قوشۇمچىسىز كېلىدۇ. مەسىلەن :

قەشقەر ياخشى ماكان.
ياغلىق ئىشكابتا.
ئوقۇغۇچى – ئۆگەنگۈچى، بىلىم ئالغۇچى.

2) ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

ئوقۇتقۇچىلار قىممەتلىك ئىنسانلاردۇر.
شەھەرنىڭ كەڭ، ئازادە كوچىلىرىنى ئىشچىلار ياسىدى.
دېھقانلار بۇ يىل مول ھوسۇل ئالالمىدى.

3) ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

خەلقىمىز – ئەمگەكچان، باتۇر خەلق.
يۇرتىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول.

**6- ئورۇن – پەيت كېلىش**

ئورۇن – پەيت كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى، پەيتىنى ۋە بىرەر نەرسىنىڭ كىمدە، نېمىدە، قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئورۇن – پەيت كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى « - دا، - تا، -دە، -تە» دىن ئىبارەت. ئورۇن پەيت- كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار كىمدە ؟ نېمىدە ؟ قەيەردە ؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇلار ھازىر ياتاقتا.
② ئۇرۇمچى يازدا ياخشى.

ئورۇن – پەيت كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ياكى ئاخىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ياكى ئۈچۈق بوغۇملۇقلىرىغا «-دا» ؛ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «- تا» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن :



يول – يولدا، قۇش – قۇشتا، بازار – بازاردا، زاۋۇت – زاۋۇتتا، يېزا- يېزىدا، ئائىلە – ئائىلىدە.

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ياكى ئۈچۈق بوغۇملىرىغا «-دە»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «-تە» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن :

ئائىلە – ئائىلىدە، مەكتەپ – مەكتەپتە، ۋەتەن – ۋەتەندە، شەھەر – شەھەردە، مەكتەپ - مەكتەپتە.

« سەن »، « مەن » قاتارلىق ئالماشلارنى ئورۇن – پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىگىلى بولىدۇ، مەسىلەن: مەندە، سەندە، بىراق « ئۇ »، « بۇ » ئالماشلىرىنى تۈرلىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭدا، بۇنىڭدا، دېگىلى بولمايدۇ.

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر**

| |
|---|
| ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار. |
| ئاستاراق، ئېنىقراق، ئوقۇڭلار. |
| ئەگەش- |
| ئاستاراق |
| ئېنىقراق |

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارنى ئورۇن – پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تولۇرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كىتاب | ئوقۇغۇچى | تام |
| كىم | سىز | لۇغەت |
| شەھەر | پېداگوگ | تارباغاتاي |
| پايتەخت | زاۋۇت | كوتكوچى |
| بۇ | يۇرت | بىز |
| قەيەر | ئورۇندۇق | سەن |
| دەرس | ئېرىق | تەنقىد |

2- تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارنى ئالدىدا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تولۇرلەڭ، ئارقىدىن ئورۇن – پەيت قوشۇمچىلىرى بىلەن تولۇرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كىتاب | ئوقۇغۇچى | تام |
| كىم | سىز | لۇغەت |
| شەھەر | پېداگوگ | تارباغاتاي |
| پايتەخت | زاۋۇت | كوتكوچى |
| بۇ | يۇرت | بىز |
| قەيەر | ئورۇندۇق | سەن |
| دەرس | ئېرىق | تەنقىد |

3- تۆۋەندە بېرىلگەن سۆز- ئىبارىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| Fabrika'da | Köy'de | Onlar nerede |
| Kaşgar'da | O nerede | Sabir'in evinde |
| Gazete'de | Sepet'te | Masalar'da |
| Başkent'te | Araba'da | Bilgisayar'da |
| Okul'da | Ofis'te | Televizyon'da |
| Yurt'ta | Dergi'de | Çanta'da |
| Mektup'ta | Laboratuar'da | Cüzdan'da |
| Dağ'da | Rektörlük'te | Üniversite'de |

4- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① يوتقانلار كارۋاتتا.

② هازىر ياتاقتا كىم بار؟

③ بۇ رەسىمدە ئېگىز تاغ ۋە چوڭ دەريا بار.

④ « تۈركچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت » ئىشكاپتا.

⑤ بىزنىڭ ئۆيدە ئۇيغۇرچە رومانلار ئىنتايىن كۆپ.

⑥ بىزنىڭ ياتاقتا تېلېۋىزور يوق.

⑦ بىزنىڭ رەسىملەر كىمدە؟

⑧ - سىلەرنىڭ سىنىپتا نەچچە ئوقۇغۇچى بار؟

- بىزنىڭ سىنىپتا 15 ئوقۇغۇچى بار.

5- تۆۋەندە بېرىلگەن تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1. Duvarda bir Dünya haritası asılıdır.
2. Defterin sandalyede değil, masada'da.
3. Bizim okulda çok sayıda ağaçlar ve çiçekler var.
4. Bizim sınıfta yirmi erkek on sekiz kız öğrenci var.
5. Sende «Uygurca – İngilizce» sözlük var?
6. Masada bir sepet var, sepette iki elma üç armut var.
7. Üniversitemizde 20 binden Fazla öğrenci var.
8. – sizler hangi bölümde?
   - Biz tarih bölümde?
9. -«İz» adlı roman sizin odada mı?
   -Evet, bizim odada.
10. – Sizin kurumda kaç personel var?
    -Bizim kurumda 500 personel var.

## سەككىزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئا: بۇ [سىياھ قەلەم / چىنە / پۇل قاپچۇقى] سىزنىڭمۇ؟

ئە: ھەئە، بۇ [سىياھ قەلەم / چىنە / پۇل قاپچۇقى] مېنىڭ.

II

ئا: بۇ كىمنىڭ گېزىتى؟

ئا: بۇ

| | |
|---|---|
| مېنىڭ | گېزىتىم |
| سېنىڭ | گېزىتىڭ |
| سىزنىڭ | گېزىتىڭىز |
| ئۇنىڭ | گېزىتى |

ئا: بۇ سىزنىڭ [ۋېلىسىپىتىڭىز / تېلېۋىزورىڭىز / دوخوپكىڭىز / ئۇنئالغۇڭىز] مۇ؟

ئە: ھەئە، بۇ مېنىڭ [ۋېلىسىپىتىم / تېلېۋىزورۇم]

دوخوپكام

ئۇنئالغۇم

<table>
<tr><td>ئا: بۇ سىنىڭ</td><td>نەشپۈتۈڭ<br>ماشىناڭ<br>شەپكەڭ<br>گالاستۇكۇڭ</td><td>مۇ؟</td></tr>
<tr><td>ئە: ياق بۇ مىنىڭ</td><td>نەشپۈتۈم<br>ماشىنام<br>شەپكەم<br>گالاستۇكۇم</td><td>ئەمەس.</td></tr>
</table>



III

<table>
<tr><td>ئا:</td><td>لۇغىتىڭىز<br>ئۇچلىنغۇچىڭىز<br>سومكىڭىز<br>يانفونىڭىز</td><td>قەيەردە؟</td></tr>
<tr><td>ئە: مىنىڭ</td><td>لۇغىتىم<br>ئۇچلىنغۇچۇم<br>سومكام<br>يانفونۇم</td><td>دەرسخانىدا.</td></tr>
</table>

ئا: ئۇلار كىم؟

ئاتا- ئانىسى

ئاكىلىرى

ئە: ئۇلار يۇسۇپنىڭ بالىلىرى

دوستلىرى

## تېكست

I

مېنىڭ ئىسمىم قەيۇم. مەن قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. مەن قەشقەرلىق. مېنىڭ ئۆيۇم يوپۇرغا ناھىيىسىدە. ئۆيۇمدە تۆت جان بار: دادام، ئانام، ئۇكام ۋە مەن. دادام يېزا كادىرى. ئانام ئوقۇتقۇچى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرى ئانچە يىراق ئەمەس. ئۇكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ھەر ئىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل، ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشچان.

II

مەن ئوقۇغۇچى. ئىسمىم تۇرغۇن. دادام دېھقان، ئانامۇ دېھقان. ئۆيۇم يېزىدا.

بىزنىڭ كەنت تاغلىق رايوندا. ئۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، لېكىن ئۇ يەردە بىر نەچچە دۇكان، بىر ساتراشخانا، بىر شىپاخانا ۋە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. كەنتىمىزدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە تراكتور، ۋېلسىپىت، تىكىش ماشىنىسى، تېلېۋىزور بار. لېكىن بۇ نەرسىلەر كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە يوق. بىزنىڭ كەنت نامرات بىر كەنت ھېسابلىنىدۇ.



### يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Kase | چىنە |
| Bisiklet | ۋېلسىپىت |
| Teyp | ئۈنئالغۇ |
| Şafka | شەپكە |
| Çanta | سومكا |
| Anne – Baba | ئاتا – ئانا |
| Abi | ئاكا |
| Nufüs | جان |
| Erkek kardeş | ئۇكا |

| | |
|---|---|
| Memur | كادىر |
| İş,Hizmet | خىزمەت |
| Çalışma yeri | ئورۇن |
| O kadar | ئانچە |
| Titiz | ئەستايىدىل |
| Köy | كەنت |
| Dağlık | تاغلىق |
| Bölge | رايون |
| Berber | ساتىراشخانا |
| Sağlık ocağı | شىپاخانا |
| İlkokul | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| Dikiş makinesi | كىيىم تىكىش ماشىنىسى |
| Ama | لېكىن |
| Yoksul | نامرات |



## فونېتىكا

### بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

تەركىبىدە «ئا» تاۋۇشى بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قېلىپ، بوغۇمنىڭ ئۇرغۇسى كېيىنكى بوغۇملارغا يۆتكەلسە، «ئا» تاۋۇشى نۇتۇق ئېقىمىدا «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ شۇ بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

ئال + ـىپ ← ئېلىپ     جان + ـىم ← جېنىم...

بالا + سى ← بالىسى     ئانا + سى ← ئانىسى

بىراق، ئاھاڭدار تاۋۇشلار (مەسىلەن، ر، ل، ي، ن ) بىلەن ئاياغلاشقانلىرىدا گەرچە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق ھالىتىدە قالسىمۇ، بۇ بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى نىسبەتەن سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغاچقا ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمايدۇ، ئاجىزلاشمايدۇ. يېزىقتا ئاجىزلاشتۇرماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

دەريا + سى ← دەرياسى     بىنا + دا ← بىنادا

سان + ى ← سانى     كار + ى ← كارى     يال + ى ← يالى...

تار + ى ⟵ تارى يار + ى ⟵ يارى جاي + ى ⟵ جايى...

2) تەركىبىدە «ئە» تاۋۇشى بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، بوغۇمدىكى تەلەپپۇزدا ئۇرغۇ كۆپىنچە ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكىلىدۇ، «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ «ئې» غا ئۆزگىرىدۇ، ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| كەل + ەر ⟵ كېلەر | دە + مەك ⟵ دېمەك |
| ئەن + ى ⟵ ئېنى | بەر + ىپ ⟵ بېرىپ |
| تەن + ىم ⟵ تېنىم | خەت + ىڭىز ⟵ خېتىڭىز |

3) سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى مەزكۇر سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇش بىلەن ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتسا (بوغۇملاردىكى ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇملارغا يۆتكەلسە) ئاجىزلىشىپ «ئى»غا ئۆزگىرىدۇ. ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| ياسا + غان ⟵ ياسىغان | ئاسان – ئاسنى |
| بالا + لار ⟵ بالىلار | ئاياغ – ئايىغى |
| ئاھالە + ى ⟵ ئاھالىسى | مەسلىھەت – مەسلىھىتى |
| سۆزلە + مەك ⟵ سۆزلىمەك | ياسان – ياسىنىپ |
| تىلە + گەن ⟵ تىلىگەن | ئاتاق – ئاتىقى |
| دەپتە+ ىڭ ⟵ دەپتىرىڭ | لۇغەت + ىڭىز ⟵ لۇغىتىڭىز |
| كۇتۇپخانا + دا ⟵ كۇتۇپخانىدا | ساۋاقداش+ ىشىم⟵ ساۋاقدىشىم |



## گراماتىكا

ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئىسىملارنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا نەرسىلەرنى ئىگىلىگۈچى شەخس قوشۇمچىلىرى ئۈچ شەخستە، بىرلىك ياكى كۆپلۈك ساندا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرىمۇ ئۈچ شەخستە، ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكىدە كېلىدۇ. مەسىلەن :

«مەكتەپ» دېگەن ئىسىمنى ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە تۈرلىسەك: مەكتىپىم، مەكتىپىمىز، مەكتىپىڭ، مەكتىپىڭلار، مەكتىپى شەكلىدە تۈرلىنىدۇ. بۇ ئىسىمغا قوشۇلغان « - ىم، - ىمىز، - ىڭ، - ىڭلار، - ى» قوشۇمچىلىرىنى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى دەيمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرىدا ھەربىر شەخسكە تەۋە بىرنەچچە يۇرۇش قوشۇمچە بار.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئۈچ شەخستە، بىرلىك، كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلىرى بار. بۇ دەرسىمىزدە بىرلىك شەكلىنى ئىزاھلاپ ئۆتىمىز. كۆپلۈك شەكلىنى ئالدىمىزدىكى دەرسىمىزدە ئىزاھلايمىز.

ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ بۇ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

| تۈرى | | تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | بىرلىك تۈرى | -م/، - ىم/، - ۇم/، - ۈم | ئاتام،كىتابىم، پۇتۇم،ئۆيۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | - ۈڭلار /،- ۇڭلار/ ،- ىڭلار/، -ڭلار | ئانىمىز، كىتاۋىمىز، پۇتۇمىز، ئۆيىمىز |
| II-شەخس | بىرلىك ئاددى تۈرى | -ڭ/، - ىڭ/،- ۇڭ/ ، - ۈڭ | ئاناڭ، كىتابىڭ، پۇتۇڭ، ئۆيۈڭ |
| | كۆپلۈك تۈرى | - ۈڭلار /،- ۇڭلار/ ،- ىڭلار/، -ڭلار | ئانىمىز، كىتاۋىمىز، پۇتۇمىز، ئۆيىمىز |
| | كۆپلۈك ئاددى تۈرى | -ڭلار /، - ىڭلار /، - ۇڭلار/ ۈڭلار | ئاناڭلار، كىتابىڭلار، پۇتۇڭلار، ئۆيۈڭلار |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | - ڭىز/، - ىڭىز | ئانىڭىز، كىتابىڭىز |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | - لىرى | ئانىلىرى، كىتابلىرى |
| III-شەخس | تۈرى | -سى/، - ى | ئانىسى، كىتابى |

### دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر

> تۇرسۇن، سىز ئوقۇۇڭ.
>
> ياخشى، ئولتۇرۇڭ.
>
> ئوقۇ -

### كۆنۈكمە

1- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى تەۋەلىك بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىگەندىن كېيىن، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كۆز | چىنە | ساۋاقداش |
| ھەدە | زاۋۇت | ئوقۇغۇچى |
| بالا | جۈملە | كۇتۇپخانا |
| ئائىلە | لۇغەت | گراممانىكا |

2- تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارنى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئۆي | چىنە | دەپتەر |
| دوست | قوغۇن | تۇرمۇش |
| قول | نەشپۈت | ئىستاكان |
| ئاتا | لۇغەت | كەسىپداش |
| ھەدە | ژورنال | ئوقۇغۇچى |

3- تۆۋەندە مۇۋاپىق شەخس ئالماشلىرىنى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

| | |
|---|---|
| (     ) قولۇم | (     ) كارىۋىتىڭ |
| (     ) رومانى | (     ) بالىسى |
| (     ) ئۆگىنىشىڭ | (     ) ئۈستىلىم |
| (     ) قەلىمىڭىز | (     ) سېۋىتى |
| (     ) شەپكەم | (     ) سائىتىڭىز |

4- مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق جۈملە تۈزۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①سەن، دەپتەر، سەن، ئۈستەل.
②سائادەت، ئاتا، ئىشچى، مەن، ئاتا، مۇئەللىم.
③بۇ، مەن، لۇغەت، ئەمەس، بۇ، سىز، لۇغەت.
④داۋۇت، ئۆي، ئۈرۈمچى.
⑤مەن، ئاچا، بىر، بالا، يېزا.
⑥ئۇ، مەن، ئاكا، ياخشى، دوست.
⑦شەرقىي تۈركىستان، يەرمەيدانى، چوڭ.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1- Kaşgar Doğu Türkistan'ın en önemli kentlerinden biri.
2- Ali ve onun iki arkadaşı odada uyuyorlar.
3- Bu kitap benim sınıf arkadaşıma ait.
4-Bu şapka kimin?
- Bu benim şapkam.
5- Bu kimin sözlüğü?
- Bu Halil'in sözlüğü.
6- Bu kimin arabası?
- Bu Davut'un arabası.
7- Sen Şahin'in sınıf arkadaşımı sın?
- Evet, ben Şahin'in sınıf arkadaşı.
8 - Onlar sizin öğrenciniz mi?
-Hayır, onlar benim öğrencim değil, benim arkadaşımın öğrencileri.

## توققۇزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | |
|---|---|
| بۇ | بىزنىڭ<br>ئاشخانىمىز<br>ئۆيىمىز<br>ۋېلىسىپتىمىز<br>ئاچقۇچىمىز |
| بۇ سىلەرنىڭ | ئاشخاناڭلار<br>ئۆيۈڭلار<br>ۋېلىسىپتىڭلار<br>ئاچقۇچىڭلار |
| بۇ ئۇلارنىڭ | ئاشخانىسى<br>ئۆيى<br>ۋېلىسىپتى<br>ئاچقۇچى |
| ئا: بۇلار كىم؟<br>ئە: بۇلار بىزنىڭ | دوستلىرىمىز<br>ساۋاقداشلىرىمىز<br>مۇئەللىملىرىمىز |
| ئا: ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ | دوستلىرىڭلارمۇ<br>ساۋاقداشلىرىڭلارمۇ<br>مۇئەللىملىرىڭلارمۇ |

؟

ئە: ياق، ئۇلار مېنىڭ ئاكامنىڭ
- دوستلىرى
- ساۋاقداشلىرى
- مۇئەللىملىرى

.

II

ئا: سىزنىڭ
- ئاكىڭىز
- ئاچىڭىز
- ئىنگلىزچە
- لۇغىتىڭىز
- تۈركچە رومانىڭىز

بارمۇ؟

ئە: ھەئە، مېنىڭ
- ئاكام
- ئاچام
- ئىنگلىزچە لۇغىتىم
- تۈركچە رومانىم

بار.



ئا: چۈشتىن كېيىن سىلەرنىڭ
- ئىشىڭلار
- دەرسىڭلار
- مەجلىسىڭلار

بارمۇ؟

ئە: ياق، چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ
- ئىشىڭلار
- دەرسىڭلار
- مەجلىسىڭلار

يوق.

## تېكست

I

بىزنىڭ دەرسخانىمىز 9- بىنانىڭ 3- قەۋىتىدە، ئۇ كەڭ، يورۇق ۋە پاكىز. دەرسخانىمىزدا بىر چوڭ لېكسىيە ئۈستىلى ۋە بىر چوڭ دوسكا بار. بۇنىڭدىن باشقا،

يەنە ئون بەش پارتا ۋە ئون بەش ئورۇندۇق بار. لېكسىيە ئۈستىلىدە ئۈچچۈرگۈچ ۋە بورلار بار. پارتىلىرىمىزدا كىتاب، دەپتەر، ماي قەلەم ۋە قېرىنداش قاتارلىق نەرسىلىرىمىز بار. دەرسخانىمىزدا يەنە دۇنيا خەرىتىسى بار.

بىزنىڭ سىنىپتا 30 ئوقۇغۇچى بار. ئون سەككىزى ئوغۇل، ئون ئىككى قىز. ھەر كۈنى دەرسىمىز بار. بىزنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىمىز ئۈستۈن. ئۆگىنىش نەتىجىمىزمۇ ياخشى.

II

ئا: ياخشىمۇسىز؟

ئە: ياخشىمۇسىز؟

ئا: سىز يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ؟

ئە: ھەئە، مەن يېڭى ئوقۇغۇچى. سىزمۇ يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ؟

ئا: ھەئە، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

ئە: مېنىڭ ئىسمىم رەنا. سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

ئا: ئىسمىم مىھراي.

ئە: سىزنىڭ ئۆيىڭىز قەيەردە

ئا: ئۆيۈم تۇقسۇندا. سىزنىڭ ئۆيىڭىزچۇ؟

ئە: مېنىڭ ئۆيۈم سانجىدا. سىزنىڭ ئاتا – ئانىڭىز بارمۇ؟

ئا: بار.

ئە: دادىڭىز كادىرمۇ؟

ئا: ھەئە، كادىر.

ئە: ئانىڭىزمۇ كادىرمۇ؟

ئا: ئۇ كادىر ئەمەس، ئۇ ئائىلە ئايالى.

ئە: سىزنىڭ ئاكا – ئۇكا، ئاچا – سىڭىلىڭىز بارمۇ؟

ئا: مېنىڭ بىر ئاكام، بىر سىڭلىم بار، ئاچام، ئىنىم يوق.

ئە: سىزنىڭ ئاكىڭىز ۋە سىڭلىڭىز ئوقۇۋاتامدۇ، خىزمەتتىمۇ؟

ئا: ئاكام خىزمەتتە، يېزا كادىرى، سىڭلىم تېخى كىچىك، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە.

ئە: ئائىلىڭىزنىڭ تۇرمۇشى قانداق؟

ئا: قەدىر ئەھۋال (يامان ئەمەس).

74

## يېڭى سۆز - ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Mutfak | ئاشخانا |
| Kız kardeş | سىڭىل |
| Toplantı | مەجلىس |
| Kürek | گۈرجەك |
| Kat | قەۋەت |
| Geniş | كەڭ |
| Konferans | لېكسىيە |
| Ders tahtası | دوسكا |
| Ayrıca | بۇنىڭدىن باشقا |
| Yine | يەنە |
| Masa | پارتا |
| Silgi | ئۆچۈرگۈچ |
| Tebeşir | بور |
| Tükenmez kalem | ماي قەلەم |
| Vesaire | قاتارلىق |
| Şey | نەرسە |
| Kız | قىز |
| Erkek | ئوغۇل |
| Hergün | ھەر كۈنى |
| Üstün, Yukarı | ئۈستۈن |
| Memur | كادىر |
| Abi – kardeş | ئاكا - ئۇكا |
| Abla – kardeş | ئاچا - سىڭىل |
| Öğrenim, eğitim | ئوقۇش |
| Daha | تېخى |
| Küçük | كىچىك |



### فونېتىكا

**1- جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ق، ك، پ قاتارلىقلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى**

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى « پ، ك، ق» تاۋۇشلىرى تەۋەلىك ۋە تەرتىپ سان قوشۇمچىلىرى ياكى باشقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەركىبلەرگە ئۇلانغاندا، « ۋ، گ، غ» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشمەي، يېزىلىشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن

مەكتەپ + ـىمىز ← مەكتىپىمىز ( مەكتىۋىمىز)
گۆرجەك + ـىمىز ← گۆرجىكىمىز (گۆرجىكىگىلار)
كونسپىك + ـىڭلار ← كونسپىكىڭلار( كونسپىكىڭلار)
ياتاق + ـى ←ياتىقى ( ياتىغى)
ئورۇندۇق + ـى ←ئورۇندۇقى ( ئورۇندۇغى)

ئىزاھات ①: ئاز ساندىكى تاۋۇشلار يۇقىرقى قائىدە بويىچە كەلمەيدۇ. مەسلەن:

ئىتتىپاق + ـىمىز ← ئىتتىپاقىمىز ( ئىتتىپاغىمىز، دەپ تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ)

سىنىپ + ـىمىز ← سىنىپىمىز ( سىنىۋىمىز، دەپ تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ)

ئىزاھات ②: يۇقىرقى قائىدە بويىچە، ب ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر پ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسلەن:

كىتاب + ـىڭ ←كىتابىڭ ( كىتاۋىڭ )

ئىنقىلاب + ـىمىز ← ئىنقىلابىمىز ( ئىنقىلاۋىمىز )

### گرامماتىكا

**1ـ ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ كۆپلۈك شەكلى تۆۋەندىكىچە:**

| | | |
|---|---|---|
| I.شەخس | - ىمىز/، - مىز | مەكتىپىمىز، پۇتۇمىز |
| II.شەخس | - ىڭلار/، - ۋڭلار/، - ڭلار/ ، -ڭلار | ئاناڭلار، كىتابىڭلار، پۇتۇڭلار ئۆيۈڭلار |
| III.شەخس | -ى/، - سى | ئانىسى، كىتابى |

**2ـ ئىسىمغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ رەت تەرتىپى**

ئىسىم كەينىگە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قوشۇمچىلار قوشۇلۇشقا توغرا كەلگەندە، رەت تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن ئىسىمنىڭ كۆپلۈك تۈرى، ئارقىدىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ئەڭ ئاخىرىدا كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسلەن:

ئوقۇغۇچى + لار +ىمىز ← ئوقۇغۇچىلىرىمىز
ئوقۇغۇچى + لار + دا ← ئوقوغۇچىلاردا
ئوقۇغۇچى + مىز + دا ←ئوقۇغۇچىمىزدا
ئوقۇغۇچى + لار + ىمىز +دا ← ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا

### دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر

| |
|---|
| ھازىر يېڭى سۆزلەرنى چۈشەندۈرىمەن. |
| 5- سۆزگە قاراڭلار. |
| چۈشەندۈر- |
| يېڭى سۆز |

### كۆنۈكمە

1- تۆۋەندە مۇۋاپىق شەخس ئالماشلىرىنى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

( ) كىتابى　　　( ) تۇرمۇشىمىز
( ) ئۆيۈڭلار　　　( ) ياتىقىڭلار
( ) چىنىلىرى　　　( ) لۇغەتلىرى
( ) ئاكىلىرىمىز　　　( ) ئۆگىنىشىڭلار
( ) ئوغلۇڭلار　　　( ) گۈرجىكىمىز
( ) مەكتىپىمىز　　　( ) كونسپېكتىڭلار

ئايتىكىن ( ) ئوغلى.
ئۇ ( ) يېڭى مۇئەللىمىمىز.
بۇ ( ) سىنىپىڭلارمۇ؟
ئۇلار ( ) يۇرتتاشلىرىمىز.
-( ) مەكتىپىڭلار قانداق؟
-( ) دەپتەرلىرى سىنىپتا.
-( ) قانچە بالىسى بار؟
-( ) بىر بالىسى بار.
-( ) ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتەڭلار بارمۇ؟
-( ) ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتىمىز يوق، خەنزۇرچە دۇنيا خەرىتىمىز بار.

2- تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارنى تەۋەلىك كۆپلۈك بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شەخس بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تەن | دەرس | گۈرجەك |
| كۆز | دوست | دەرسخانا |
| خەت | ياتاق | دەپتەرلەر |
| تام | سىڭىل | كونسپېك |
| نان | ساۋاقداشلار | زاۋۇتلار |

3- مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق جۈملە تۈزۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①- سىلەر، قازاق دوستلار، بار، مۇ؟
- بىز، نۇرغۇن، قازاق، دوستلار، بار.
- پەزىلەت، نەچچە، ئىنى، بار؟
- ئىككى، ئىنى، بار.
②- بىز، خەرىتە، سىنىپ.
- سىلەر، خەرىتە، بىز، سىنىپ.
③– سىز، ئىنگلىزچە، گرمماتىكا، بار، مۇ؟
- مەن، ئىنگلىزچە، گراممatىكا، يوق، نېمىسچە، گراممatىكا. بار.



4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1)Bugün öğleden sonra dersimiz yok, toplantımız var.
2)Onun çok güzel bir « İngilizce – Uygurca » sözlüğü var mı?
3)Tursun'un çok sayıda Türkçe romanı var.
4)Sizin şemsiyeniz bizim odada.
5)Aliye'nin ablasının bir kız ve bir erkek çocuğu var.
6)Bizim matematik öğretmenimiz Türkiyede'de eğitim görmüş.
7)Derslerimiz Çince anlatılıyor.
8)Çiftçilerimizin bu sene zararı büyük.
9)O babamın eski sınıf arkadaşının oğlu.
10)- Sizin kız kardeşiniz var mı?
- evet, var.
- Sizin kaç kardeşiniz var?

- Bir erkek kardeşim var.
- Erkek kardeşiniz öğrenci mi?
- Hayır, muhasebeci.

# ئونىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

### I

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | سەن<br>سىز<br>ئۇ | سائەت نەچچىدە ناشتا | قىلىسەن<br>قىلىسىز<br>قىلىدۇ | ؟ |
| ئە: | مەن<br>بىز<br>ئۇ | دائىم سائەت يەتتىدە ناشتا | قىلىمەن<br>قىلىمىز<br>قىلىدۇ | . |
| ئا: | سەن<br>بىز<br>ئۇ | دائىم نەدە ناشتا | قىلىسەن<br>قىلىسىز<br>قىلىدۇ | ؟ |
| ئە: | مەن<br>بىز<br>ئۇ | دائىم سائەت يەتتىدە ناشتا | قىلىمەن<br>قىلىمىز<br>قىلىدۇ | . |

### II

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار<br>دىلشاتلار | قايسى فاكۇلتېتتا | ئوقۇيسىلەر<br>ئوقۇيدۇ<br>ئوقۇيدۇ | ؟ |
| ئە: | بىز<br>ئۇلار<br>دىلشاتلار | تىل – ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا | ئوقۇيمىز<br>ئوقۇيدۇ<br>ئوقۇيدۇ | . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار<br>دىلشاتلار | نېمە | ئوقۇيسىلەر<br>ئوقۇيدۇ<br>ئوقۇيدۇ | ؟ |
| ئە: | بىز<br>ئۇلار<br>دىلشاتلار | دورىگەرلىك | ئوقۇيمىز<br>ئوقۇيدۇ<br>ئوقۇيدۇ | . |

III

ئا: سىز ئادەتتە قايسى ۋاقىتتا گېزىت كۆرىسىز؟

ئە: مەن ئادەتتە كەچتە گېزىت ئوقۇيمەن.

ئا: كەچتە يەنە نېمە ئىش قىلىسىز؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: بەزىدە | كىتاب ئوقۇيمەن<br>تېلېۋىزور كۆرىمەن<br>ئىنتېرنېتقا كىرىمەن | . |

IV

ئا: سىلەر چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: بىز چۈشتىن | كېيىن لېكسىيە<br>ئاڭلايمىز<br>كۇتۇپخانىغا بارىمىز<br>يىغىن ئاچىمىز | . |

ئا: ئۇلارچۇ؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: ئۇلارمۇ | لېكسىيە ئاڭلايدۇ<br>كۇتۇپخانىغا بارىدۇ<br>يىغىن ئاچىدۇ | . |

## تېكست

### I

بىز قەشقەر پېداگوكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. مەن كومپيۇتېر فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن. ئەنۋەر سىياسىي فاكۇلتېتتا ئوقۇيدۇ.

بىز دائىم بىرلىكتە بەدەن چېنىقتۇرىمىز ۋە دەرس تەكرارلايمىز. بىز تۇرمۇشتا ۋە ئۆگىنىشتە ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىمىز ۋە ياردەم قىلىمىز. بىز ئىرىشىپ ئوقۇيمىز.

### II

قاسىم : شىرىنگۈل، سىلەر ئەتە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟
شىرىنگۈل : ئەتە بوغدا كۆلىنى سەيلە قىلغىلى بارىمىز.
قاسىم : سائەت نەچچىدە ماڭىسىلەر؟
شىرىنگۈل : سائەت يەتتىدە.
قاسىم : كوچا ئاپتوبۇستا بارامسىلەر؟
شىرىنگۈل : ياق، مىنىبۇستا بارىمىز.
قاسىم : سىنىپ باشلىقى، ئەتە نېمە ئىش قىلىمىز.
ئەكبەر : لېكسىيە ئاڭلايمىز.
قاسىم : نەدە ئاڭلايمىز؟ چوڭ سىنىپتىمۇ؟
ئەكبەر : ھەئە، چوڭ سىنىپتا.
قاسىم : مۇئەللىملەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟
ئەكبەر : ئۇلارمۇ لېكسىيە ئاڭلايدۇ.

### يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Kaç | نەچچە |
| Kahvaltı | ناشتىلىق |
| Fakülte | فاكولتېت |
| Genelde | ئادەتتە |
| Akşam | كەچ |
| Rapor, açıklama | دوكلات |
| Otobüs | ئاپتوبۇس |
| Minibus | مىنىبۇس |
| Sinema | كىنو |
| Vücut | بەدەن |

| | |
|---|---|
| Spor yap- | چېنىقتۇر- |
| Karşılıklı | ئۆز- ئارا |
| İlgilenme - | كۆڭۈل بۆل - |
| Yardım et - | ياردەم قىل - |
| Yarın | ئەتە |
| Gezi yap - | سەيلە قىل - |
| İnternet | ئىنتېرنېت |

## گىراماتىكا

### 1- ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل

پېئىللار تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلىش – قىلماسلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرگۈچى پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پېئىللار ھەردائىم ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ چۇشۇم كېلىش شەكلىدە ياكى چۇشۇم كېلىش خاراكتېرىدە ئۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

خەت ياز-، گېزىت كۆر-، تاماق يە-، كۆكتات ئال-، ئىشىكنى ئاچ-، كىتاب ئوقۇ-، ئۆگىنىش قىل-

ئۆتۈملۈك پېئىللاردىن باشقا پېئىللارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈمسىز پېئىل، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: تۇر-، ئولتۇر-، ماڭ-، كەت-، كەل-، چىق-، بار-، ئۇچ- ........

### 2- پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى

پېئىل خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە شەخس، سان ۋە زامان جەھەتتە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىش پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقويمەن
ئوقويسەن
ئوقويمىز — ئوقۇ
ئوقويلا (سىپايە تۈرى)
ئوقۇيسىلەر

### 3- پېئىلنىڭ بىۋاستە ھازىرقى زامان پۈتمىگەن شەكلى (كەڭرى زامان شەكلى)

1) سۆزلىگۈچى بىۋاستە ھالدا دائىم يۈز - بېرىۋاتقان، تەكرارلىنىۋاتقان، ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ۋە يۈز بەرمەكچى بولغان ئىش - ھەرىكەتنى بايان قىلىدۇ.

① ئۇلار دائىم كۈتۈپخانىدا دەرس تەكرارلايدۇ.

② مەن دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن.

③ مۇئەللىملەر چۈشتىن كېيىن لېكسىيە ئاڭلايدۇ.

2) ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ۋە سۇبيېكتنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىدارىنى بىلدۈرىدۇ.

① مۇستەبىت ھاكىمىيەت چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

② ئامىنە ياخشى سۆزلەيدۇ.

③ بۇ سائەت توغرا ماڭىدۇ.

3) پېئىلنىڭ بىۋاستە ھازىرقى زامان پۈتمىگەن شەكلى (كەڭرى زامان شەكلى) تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىدۇ.

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| Iشەخس | | -ىمەن، - يمەن | - ىمىز، - يمىز |
| IIشەخس | ئاددى تۈرى | - ىسەن،- يسەن | - ىسلەر، - يسلەر |
| | سىپايە تۈرى | - ىسىز، - يسىز | |
| IIIشەخس | | -ىدۇ، - يدۇ | |

مەسىلەن:

قىلىمەن، ئوقۇيمىز، سۆزلەيسىز، ئاڭلايدۇ.

پېئىلنىڭ بۇ شەكلىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىدىن باشقا، بولۇشسىز شەكلىمۇ بار.

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنى پېئىلنىڭ بىۋاستە ھازىرقى زامان پۈتمىگەن شەكلى (كەڭرى زامان شەكلى) بويىچە شەخس ۋە سان كاتېگورىيىلىرى قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

ئوقۇ-　　　　بار-　　　　چېنىقتۇر-

يە-            ئۆگەن-            تەكرار لا-

2- تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق شەخس ئالماشلىرىنى يېزىڭ.

(     )ئاچىمىز          (     )كۆڭۈل بۆلسىز

(     )كۆرىدۇ          (     ) ئاڭلايسىلەر

(     )ماڭىمەن          (     )ياردەم قىلىمىز

(     )سۆزلەيسەن          (     )تەكرارلايدۇ

(     )قىلىمەن          (     )ئېكىسكۇرسىيە قىلىدۇ

3. تىرناق ئىچىدىكى تۈركچە سۆزلەرنى ئۇيغۇرتىلىدىكى پېئىلنىڭ بىۋاستە ھازىرقى زامان پۈتمىگەن شەكلىگە (كەڭرى زامان شەكلى) ئايلاندۇرۇپ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① ئۇلار كەچتە بەزىدە دەرس (-tekrarla)، بەزىدە تېلېۋىزور (-gör).

② بىز ئەتە سىنىپ يىغىنى (-yap)

③ مېنىڭ ئىنىم باشلانغۇچ مەكتەپتە .(-oku)

④ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىلەر مۇزېيغا(-git).

⑤ ئۇ تۈركچە (-konuş).

⑥ مەن تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا تارىخ كەسپىدە (-oku).

⑦ – سىلەر دائىم نەدە دەرس (-tekrarla).

- بىز دائىم سىنىپتا دەرس (-tekrarla).

⑧ – سىز قايسى فاكۇلتېتتا (-oku).

- مەن تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتتا (-oku).

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

1) بىز، ئۈرۈمچى، ئوقۇ-.

2) بىز، ئۆزئارا، كۆڭۈل بۆل-، ئۆزئارا، ياردەم قىل- .

3) ساۋاقداشلار، چۈشتىن كېيىن، سائەت، ئىككى، لېكسىيە ئاڭ-.

4) – سەن، سىڭىل، قايسى فاكۇلتېت، ئوقۇ- ؟

- مەن، سىڭىل، گۈزەل – سەنئەتلەر فاكۇلتېت، ئوقۇ-

5)- سىلەر، تۈركىيە، ئوقۇش، خالا- ؟

- ئەلۋەتتە، خالا- .

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Biz yarın öğleden önce konferansa katılıyoruz.
2) Hasan genelde kütüphanede ders çalışıyor.
3) Enver hoca çok güzel ders anlatıyor.
4) Bugün öğleden sonra yeni öğrenciler için toplantı yapılıyor.
5) Aynur çok güzel Türkçe konuşur.
6) Her sabah kahvaltı ederim.
7) Müzik dinlemeyi çok severim.
8) Okuldan sonra her gün kütüphaneye giderim.
9) Anne babalar her zaman çocuklarını düşünür.
10) İşçiler bahçenin duvarını boyuyor.
11) hava kararıyor.
12) Annem çok güzel yemek pişirir.
13) Ali ile Abdugül her gün spor yapıyor.

## ئون بىرىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ئا: ئۇ ئۆزبەكچە | سۆزلەمدۇ<br>ئوقۇمدۇ<br>ئوقۇ تامدۇ | ؟ |
| ئە: ياق، ئۇ ئۇيغۇرچە | سۆزلىمەيدۇ<br>ئوقۇمايدۇ<br>ئوقۇتمايدۇ | . |
| ئا: ئۇ ئۇيغۇرچە | سۆزلەيدۇ<br>ئوقۇيدۇ<br>ئوقۇتىدۇ | . |
| ئا: سىلەر ئادەتتە سائەت بەشتە | ئورنۇڭلاردىن تۇرامسىلەر<br>گىمناستىكا ئوينامسىلەر<br>رادىئو ئاڭلامسىلەر | ؟ |
| ئە: ياق، بىز ئادەتتە سائەت ئالتىدە | ئورنىمىزدىن تۇرىمىز<br>گىمناستىكا ئوينايمىز<br>رادىيو ئاڭلايمىز | . |

II

| | | |
|---|---|---|
| ئا: مەن 2- جۈملىنى | ئوقۇمدىمەن<br>تەرجىمە قىلامدىمەن<br>تەھلىل قىلامدىمەن | ؟ |

ئە: ياق، 2- جۈملىنى

| |
|---|
| ئوقۇمايسىز |
| تەرجىمە قىلمايسىز |
| تەھلىل قىلمايسىز |

.

3- جۈملىنى

| |
|---|
| ئوقۇيسىز |
| تەرجىمە قىلىسىز |
| تەھلىل قىلىسىز |

.

ئا: بۈگۈن ئاخشام

| |
|---|
| كىنو كۆرەمسىلەر |
| شاھمات ئوينامسىلەر |
| كىتاب ئوقۇمسىلەر |

؟

ئە: ياق، بۈگۈن ئاخشام

| |
|---|
| كىنو كۆرمەيمىز |
| شاھمات ئوينىمايمىز |
| كىتاب ئوقۇمايمىز |

.



دەرس تەكرارلايمىز.

**تېكست**

I

**ئىمىن بوۋاي**

ئىمىن بوۋاي يېزىمىزدىكى ياشقا ئەڭ چوڭ مويسىپىتلاردىن بىرى. ئۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن قوپىدۇ، كەچ ئۇخلايدۇ. دىنى ئىبادەتلەرنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇ بىردەم بىكار تۇرمايدۇ. توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ زادىلا ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدۇ. ئۇ مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىگە ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ مەھەللىدىكى كىچىك باللارغا ھەر دائىم بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى

ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. ھەممىمىز ئۇنى ھۆرمەت قىلىمىز.

II

**سۆھبەت**

ئەركىن: ئادىلە بۈگۈن ئاخشام مەكتىپىمىزنىڭ كىنو زالىدا كىنو بار. كۆرەمسىز؟

ئادىلە: كۆرمەيمەن.

ئەركىن: نېمىشقا؟

ئادىلە: كۆرمەيمەن.

ئەركىن: نېمىشقا؟

ئادىلە: دادام، ئاكام كېلىدۇ.

ئەركىن: دادىڭىز نەدە ئىشلەيدۇ؟

ئادىلە: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا.

ئەركىن: ۋەزىپىسى نىمە؟

ئادىلە: باش تەھرىر.

ئەركىن: ئاكىڭىزمۇ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئىشلەمدۇ؟

ئادىلە: ياق. ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئىشلىمەيدۇ. ئۇ مەكتەپتە ئىشلەيدۇ.

ئەركىن: ئۇ مۇئەللىممۇ؟

ئادىلە: ھەئە، ئۇ مۇئەللىم.

ئەركىن: ئۇ نېمە دەرس بېرىدۇ؟

ئادىلە: ئىنگلىزچە دەرس بېرىدۇ.

ئەركىن: ئاكىڭىز قايسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان؟

ئادىلە: شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇغان .

ئەركىن: دادىڭىزچۇ؟

ئادىلە: دادام قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتىدا.

ئەركىن: ئۇلار ئۇرۇمچىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئادىلە: ئۇلار ئۇرۇمچىدە ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ.

## يېڭى سۆز-ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| تەرجىمە قىل- | Tercüme yap- |
| تەھلىل قىل- | İncele - |
| ئاخشام | Akşam |
| شاھمات | Satranç |
| دېھقان | Çiftçi |
| بوۋاي | İhtiyar kişi |
| قىزغىن | Sevgiyle,içtenlikle |
| سۆي- | Sev - |
| ئۇخلا- | Uy - |
| چۈش | Öğle |
| دەم ئال- | Dinlen - |
| زادىلا | Hiç, asla |
| ھېرىش - چارچاش | Yorgunluk |
| باش تەھرىر | Editör |
| نەشرىيات | Yayın evi |



## گراماتىكا

### 1- چۈشۈم كېلىش

چۈشۈم كېلىش جۈملىدە ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى «-نى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. .

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كىمنى ؟ نېمىنى؟ قەيەرنى؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ ھەم جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن :

مەن ئۇيغۇر تىلىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەندىم.

ھەممەيلەن بۇگۈنكى تازىلىقنى ياخشى قىلىشىلار.

مەن ئاتا – ئانامنى ھۆرمەتلەيمەن.

چۈشۈم كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىم جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرى بىلەن يانمۇيان كەلگەندە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن :

تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپ، كىتاب ئوقۇدۇم (چۈشۈپ قالدى).

بىز بىرلىكتە ناخشا ئېيتتۇق.

بىز ئادىلنىڭ تويىدا ئۇسسۇل ئوينىدۇق.

**2- جۈملە**

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ، نىسپى تولۇق ئاياغلاشقان ئوي – پىكىرنى بىلدۈرىدىغان ۋە بەلگىلىك ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان ئەڭ ئاساسي ئالاقە بىرلىكى جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدىكى سىنتاكسىلىق رولىغا قاراپ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە خەۋەر، دەپ بەش تۈرگە بۆلىنىدۇ. سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى سىنتاكسىلىق ۋەزىپىسى بويىچە تۈرگە بۆلىنىدىغان جۈملە بۆلەكلىرى سىنتاكسىلىق رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ۋە جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ، جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ئۆز ئىچىدىن ئىگە ۋە خەۋەردىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلىدۇ. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ئۆز ئىچىدىن تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

**1) ئىگە**

جۈملىدە خەۋەر تەرىپىدىن بايان قىلىنىدىغان، ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋە تەسۋىرلىنىدىغان باش بۆلەك ئىگە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە باش كېلىشتىكى تۈرلۈك سۆزلەر ۋە تۈرلۈك سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ.

② بىز ئۈرۈمچىدە ئوقۇيمىز.

③ ئەتە سەيشەنبە.

④ قان چىقتى – جان چىقتى.

⑤ دەرت – ھەسرەت، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم ئۇنى ھەردائىم ئازاپلايتتى.

2) خەۋەر

جۈملىدە ئىگىنى بايان قىلغۇچى، ھۆكۈملىگۈچى ۋە تەسۋىرلىگۈچى باش بۆلەك خەۋەر، دەپ ئاتىلىدۇ. خەۋەر جۈملىدە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ۋە تۈرلۈك سۆزلەر ۋە شۇنداقلا سۆز بىرىكمىلىرىمۇ خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ.

① مەن ئىستانبۇلغا كېلەرىيىلى بارىمەن.

② سىلەر ساقچى.

③ ئۇ ئۇنچىقماستىن يىراق – يىراقلارغا كۆز سالدى.

④ زەينەپنى ساقلىغىلى ئىككى سائەت بولدى.

⑤ بارات ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

⑥ تامغا خەت يېزىشقا بولمايدۇ.

⑦ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي بەكلا ئىسسىق.

⑧ خەمىت مېنىڭ يېقىن دوستۇم.

⑨ زامان زورنىڭ، تاماشا كۆرنىڭ.

⑩ كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.

3) تولدۇرغۇچى

جۈملىدە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئوبيېكت تولدۇرغۇچى، دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە باغلىنىپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە تۈرلۈك سۆز ياكى تۈرلۈك سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① بىز ئانا يۇرتىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز.

② ھازىر 51- دەرسنى تەكرارلايمىز.

③ مەن « بالدۇر ئويغانغان ئادەم » ناملىق رومانىنى ئوقۇۋاتىمەن.

④ ئىسمائىل ئوقۇشنى يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن تۈگىتىدۇ.

⑤ مۇستەملىكچىلەر بىلەن قانلىق جەڭ قىلغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قاپسەن – دە.

ئىزاھات: ئەگەر ئىش – ھەرىكەت ئۆتىدىغان نەرسە ئابستراكتنى نەرسىنى بىلدۈرگەندە، تولدۇرغۇچىنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① ھازىر گېزىت كۆرىمەن.

② ئۇ بىر دەپتەر ئالىدۇ.

4) **ئېنىقلىغۇچى**

جۈملىدە شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى جۈملىدىكى ئىگە، تولدۇرغۇچى ياكى ئىسمدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنىقلىغۇچى ئادەتتە تۈرغۇن سۆز ياكى تۈرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:



① تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن پاختىسى خېلى داڭلىق.

② ئالىمجان بەك تىرىشچان ھەم مۇلايىم ئوقۇغۇچى.

③ ئۇلار ئاددى ياسالغان، ئەمما ناھايىتى پاكىز بىر ئۆينى بۇ يىگىتكە بەردى.

④ مېنىڭ ئاكام مەكتەپ مۇدىرى.

⑤ پاكولتېت بىناسى يېڭىدىن ياسالدى.

5) **ھالەت**

جۈملىدە پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىملەر ۋە ياكى سۈپەتلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بېقىنىپ كېلىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش – ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ئورنى، سەۋەبى، مەقسىتى، يۆنىلىشى، ۋاستىسى، دەرىجىسى، سان – مىقدارى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت، سان – مىقدار، رەۋىش، رەۋىشداش ۋە تەقلىد سۆزلەر پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ئىككىنچىدىن، تۈرغۇن سۆزلەر چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ئۈچىنچىدىن، ئىسىم- تىركەلمىلىك بىرىكمە

پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، تۆتىنچىدىن، رەۋىشلەر سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

①بىز ھازىر يولغا چىقىمىز.

②پەرىدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بەك ياخشى بېرىپتۇ.

③ھامۇت ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغىنغا كېلەلمىدى.

④ئەركىن تۈركىيىگە ئوقۇشقا كەتتى.

⑤ئىنىم يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.
⑥خوشنىمىز بەك زالىم خەق.

**3. پېئىلنىڭ بولۇشلۇق – بولۇشسىز كاتېگورىيىسى**

پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ بولۇشلۇق – بولۇشسىز كاتېگورىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بولۇشلۇق شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «- ما، - مە» قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان پېئىللار بولۇپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ياز-، ئوقۇ-، كەل-، بار- ...دېگەنگە ئوخشاش، بولۇشسىز شەكلى بولسا، پېئىل ئۆزىكىگە «-ما، -مە» قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: يازما-، ئوقۇما-، كەلمە-، بارما-....دېگەنگە ئوخشاش. 94

**4. خەۋەر رايىدىكى پېئىللارنىڭ بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى**

1) بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە (تومۇرىغا) بولۇشسىز قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بىلمەيمەن

كەلمەيسەن

سۆزلىمەيدۇ

ئوقۇمايمىز

بارمايسىلەر

2) سوراق شەكلى: بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز پېئىل بىلەن سوراق جۈملىنى

ئىپادىلەيدىغان –م،-ىم،-ەم قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

كېلەمدىمەن

بارامسەن

ئاڭلامسىز

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | -دىمەن | -دىمىز (-دۇق) |
| II-شەخس | ئاددى تۈرى | - سەن | -سىلەر |
| | سىپايە تۈرى | - سىز | |
| III-شەخس | | -دۇ | |

تەكرارلامدۇ

كۆرەمدىمىز (كۆرەمدۇق)

ئوقۇمسىلەر

بارامدىمەن

يېمەمسىز

تەكرارلىمامدۇ

كۆرمەمدىمىز (كۆرمەمدۇق)

ئوقۇمامسىلەر

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**

هازىر 1- جۈملە تېپىنى ئۆگىنىمىز.

هازىر ئالمىشىدىغان سۆزلەرگە قاراڭلار.

هازىر 1- ئابزاسنى تەرجىمە قىلىمىز.

هازىر 3- ئابزاسنى تەھلىل قىلىمىز.

ئالمىشىدىغان سۆز

## كۆنۈكمە

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى بولۇشسىز پېئىللارغا ئايلاندۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ- | كۆر- | قىل- |
| يە- | ئوقۇت- | ئولتۇر- |
| بىل- | كەل- | ئۇخلا- |

2- تۆۋەندە بېرىلگەن خەۋەر رايىدىكى كېلىدىغان زاماندا، بىرلىك- كۆپلۈك ساندا، سوئال شەكىلدە تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئوقۇ- | دەم ئال- | كۆرمە- |
| كۆر- | چۈشەندۈر- | ئاچما- |
| بار- | بىلمە- | ئوقۇتما- |
| ئۆگەن- | باشلا- | سۆزلىمە- |

3- تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان شەخس ئالماشلىرىنى يېزىڭ.

| | |
|---|---|
| (  ) بىلمەيسىز | (  )كۆرمەيمەن |
| (  ) ئوقۇمامدىمەن | (  ) ئوقۇتامدۇ |
| (  ) بارامدۇق | (  ) تەكرارلامسىز |
| (  ) چېنىقتۇرمامسىلەر | (  ) تەھلىل قىلامدىمەن |

4-تۆۋەندىكى مورفولوگىيىلىك تۈرلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارنى ئەسلى شەكلىگە (سۆز تومۇرى) ئايلاندۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| يېمەيدۇ | ئوقۇمايسەن | ياردەم قىلمامسىلەر |
| كېلەمسەن | تازىلىمايدۇ | يىغلىمايمەن |
| ئالامسىز | كۈلمەمسىلەر | سېتىۋالامسىز |

5- پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان پۈتمىگەن شەكلىنىڭ مۇۋاپىق تۈرىنى تىرناق ئىچىدىكى تۈركچە سۆزنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە يېزىڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① سىلەر دائىم كۇتۇپخانىدا دەرس (-çalış)؟

②چۈشتىن كېيىن بىز يىغىن (-yap).

③ بۈگۈن ئاخشام بىر كىنو(-seyretmeme)، يىغىن (- yap) .

④مەن فرانسىيىگە (-gitmeme-)، تۈركىيىگە (-git).

⑤ئۇلار ئەتە (-gel -)؟

⑥- سىزنىڭ دادىڭىز ئالىي مەكتەپتە (-çalış) ؟

- دادام ئالىي مەكتەپتە (- çalışmama) ، ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا (-çalış).

- ئۇ باش تەھرىر.

- ئۇ خىزمىتىنى (-sev)؟

- ئۇ ئۆز خىزمىتىنى بەكلا (-sev) .

6- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①بۈگۈن، ئاخشام، مەن، ئىش، بار. كىنو كۆر-.

②سىز، «قۇم باسقان شەھەر»ناملىق رومان، كۆرمە-؟

③بۈگۈن، سىلەر، نەچچىنچى، دەرس، ئوقۇ-؟

④ئۇلار، دائىم، شاھمەت، ئوينا-.

⑤مەن، تاغا، بالا، تېخى، كىچىك. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇ-، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوقۇ-.

⑥باللار، كومپيۇتېر ئويۇنلىرى، بەك، ياخشى كۆر-.

⑦ئەت، بىز، تارىخ، مۇزېي، ئېكسكۇرسىيە قىل-.

⑧- رەشىدە، ئاتا، ۋە، ئاكا، بۈگۈن، كەلمە-؟

- ھەئە، بۈگۈن، كەلمە-، ئەتە، كەل-.

7- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Biz yarın öğleden önce konferansa katılıyoruz.

2) Hasan genelde kütüphanede ders çalışıyor.

3) Enver hoca çok güzel ders anlatıyor.
4) Konsere gidiyor muyuz?

5) Onlar hiçbir şeyi beğenmiyorlar.
6) Sen benimle niye konuşmuyorsun?
7) Tursunay elindeki çiçekleri kokluyor.
8) Bu insanlar niye memleketlerine gitmiyorlar?
9) - Hangi bölümde okuyorsun?
-Çağdaş Türk Lehçeleri ve Edebiyatları bölümünde.
- İngilizce biliyormusun?
- Hayır, fransızca biliyorum.

8- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى جۈملە بۆلەكلىرىگە ئايرىڭ.
① ئابدۇللاھ ئابدۇرېھىم ناخشىچى.
② بۇ موتىسىكلىت ناھايىتى ياخشى.
③ بۈگۈن بىز 9- دەرسنى ئۆگىنىمىز.
④ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز مىللىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى.
⑤تەكلىماكان چۆلى – دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ چۆل.

# ئون ئىككىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

### I

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا : | سەن<br>سىز<br>ئۇ<br>قەيسەر | نېمە | قىلىۋاتىسەن<br>قىلىۋاتىسىز<br>قىلىۋاتىدۇ<br>قىلىۋاتىدۇ | ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئە : | مەن<br>ئۇ<br>قەيسەر | دەرس | تەكرارلاۋاتىمەن<br>تەكرارلاۋاتىدۇ<br>تەكرارلاۋاتىدۇ | . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | نېمە | قىلىۋاتىسىلەر<br>قىلىۋاتىدۇ<br>قىلىۋاتىدۇ | ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئە: | بىز<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | مۇزىكا | ئاڭلاۋاتىمىز<br>ئاڭلاۋاتىدۇ<br>ئاڭلاۋاتىدۇ | . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | نېمە مۇزىكا | ئاڭلاۋاتىسىلەر<br>ئاڭلاۋاتىدۇ<br>ئاڭلاۋاتىدۇ | ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئە : | بىز<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | تۈرك مۇزىكىلىرىنى | ئاڭلاۋاتىمىز<br>ئاڭلاۋاتىدۇ<br>ئاڭلاۋاتىدۇ | . |

ئا: سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ئە: مەن

| |
|---|
| سۆزلەرنى يادلاۋاتىمەن |
| گېزىت كۆرۈۋاتىمەن |
| كىتاب قايتۇرۇۋاتىمەن |
| تېكىستنى تەھلىل قىلىۋاتىمەن |

## تېكىست

### كۇتۇپخانىدا

بۈگۈنمۇ ئادىتىم بويىچە كۇتۇپخانىغا دەرس تەكرارلاش ئۈچۈن باردىم. كۇتۇپخانىدا ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن كۆپ. بەزىلىرى ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى ژورنال ئوقۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى كومپيۇتېردىن كىتاب ئاختۇرۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى ماقالە يېزىۋاتىدۇ، بەزىلىرى تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ، بەزىلىرى رومان ئوقۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى پەس ئاۋازدا مەلۇم بىر تېما توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى چوڭقۇر ئويلىنىۋاتىدۇ.

كۇتۇپخانىمىز ئىنتايىن جىمجىت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۆگىنىش قىلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. 100

II

### سۆھبەت

ئا: سىنىپ باشلىقى قېنى (قەيەردە)؟

ئە: غەيرەت مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدا.

ئا: نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئە: مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ.

ئا: نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ؟

ئە: ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ.

ئا: ئەكرەم قېنى؟

ئە: ئۇ مەيداندا.

ئا: ئۇ مەيداندا نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

ئە: توپ ئويناۋاتىدۇ.

ئا: كىم بىلەن توپ ئويناۋاتىدۇ؟

ئە: ئەخمەتلەر بىلەن.

ئا: قۇدرەتمۇ شۇ يەردىمۇ؟

ئە: بىلمەيمەن.

## يېڭى سۆز-ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| مۇزىكا | Müzik |
| يادلا- | Ezberle - |
| قايتۇر- | İade et - |
| كۆنۈكمە | Alıştırma |
| كىر | Çamaşır |
| تازىلا- | Temizle- |
| ئوچۇق | Açık |
| جىمجىت | Sakin |
| ئاختۇر- | Ara - |
| ئەھۋال | Durum |
| دىم ئال - | Dinlen - |
| توغرۇلۇق | Hakkında |
| چوڭقۇر | Derin |
| مۇنازىرە قىل - | Tartış - |
| پەس | Alçak |
| تېما | Konu |
| ئويلان- | Düşün |



## فونېتىكا

### 1- ئى، ئۇ، ئۈ قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

بەزى يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ـ كۆپىنچە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن :

سىڭىل + ىم ← سىڭلىم  ئورۇن + ۇم ← ئورنۇم

پىكىر + ىمىز ← پىكرىمىز  پىكىرى +ى ← پىكرى

ئوغۇل + ئۇك ← ئوغلۇك    شەكىل + ى ← شەكلى

كۆڭۈل + ى ← كۆڭلى    هۆكۈم + ى ← هۆكمى

**گراممatika**

پېئىل زامانلىرى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «پېئىل زامانلىرى» دېگەن ئۇقۇمدىكى «زامان» ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. پېئىللاردا ئىپادىلىنىدىغان ۋاقىت زامان بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**پېئىلنىڭ هازىرقى زامان شەكلى**

1) ئىش – هەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار هازىرقى زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن خەت يېزىۋاتىمەن.

② يۈسۈپ ئاڭلىتىش بېرىۋاتىدۇ.

2)- ۋۇا ت -، - ئۇۋاۋات ،-ۋات، - ىۋات قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ پېئىل تومۇرىغا قوشۇلۇشى ئارقىلىق پېئىلنىڭ هازىرقى زامان شەكلى تۈزۈلىدۇ.

كۆرۈۋاتىمەن    يېزىۋاتىسىز    قوپۇۋاتىمىز    ئوقۇۋاتىدۇ

ئىزاهات: ئە، ئا بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل تومۇرىغا پېئىلنىڭ هازىرقى زامان قوشۇمچىسى - ۋا ت قوشۇلغاندا، ئە،ئا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلا + ۋا ت ←ئاڭلاۋ ت
تەكرارلا + ۋا ت ←تەكرارلاۋا ت
ئىشلە + ۋا ت ←ئىشلەۋا ت
يە + ۋا ت ←يەۋا ت

**كۆنۈكمە**

1-تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارغا شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ (ئى، ئۇ، ئۇ تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا دىققەت قىلىڭ).مەسىلەن:

پىكىر    كۆڭۈل    جىسىم    زېهىن

2- تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنىڭ هازىرقى زامان شەكلىنىڭ بولۇشلۇق كاتېگورىيىسىنى يېزىپ چىقىڭ.

دە-    ئىشلە-    تەكرارلا-

102

| | | |
|---|---|---|
| كۆر- | ئاڭلا- | كىر يۇ- |
| ياز- | ئۇخلا- | تەرجىمە قىل- |
| ئوقۇ- | دەم ئال- | گىمناستىكا ئوينا- |

3- بېرىلگەن سۆزلەرنى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇپ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

مۇئەللىم، ئوقۇغۇچى، سىلەر، سىز، مەن، ئۇ

① (          ) نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

② (          ) دەرس تەكرارلاۋاتىمەن.

③ (          ) يېڭى سۆزلەرنى سۆزلەۋاتىدۇ.

④ (          ) دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتىدۇ.

⑤ (          ) تېكىستنى ئوقۇۋاتىسىلەر، (          ) مۇ تېكىستنى ئوقۇۋاتىدۇ.

4- تۆۋەندە بېرىلگەن تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.



1) Kütüphanede bazı öğrenciler ders çalışıyorlar, bazıları gazete okuyorlar.
2) Üç gündür yağmur yağmakta.
3) Aykut Ğulcu'da yaşamakta.
4) Her gün spor yapmaktayım.
5) Hasta hızla iyileşmekte.
6) Aynur hoca ders anlatmakta.
7) Çocuklar parkta oynuyorlar.
8) - Hangi bölümde okuyorsun?

## ئون بىرىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| ئا: سىز نەگە بارىسىز؟ | ئە: مەن | مەكتەپكە<br>دوختۇرخانىغا<br>پوچتىخانىغا<br>بانكىغا | بارىمەن. |
|---|---|---|---|

II

| ئا: سىلەر نەگە بارىسىلەر؟ | ئە: | ئىشقا<br>يىغىنغا<br>سودا سارىيىغا<br>كىتابخانىغا | بارىمىز. |
|---|---|---|---|



III

| ئا: بۇ رەسىمنى كىمگە بېرىسىز؟ | ئە: بۇ رەسىمنى | مەخمۇتقا<br>دىلمۇراتقا<br>ئىلشاتقا<br>تاغامغا | بېرىمەن. |
|---|---|---|---|

IV

ئا: سىز كۆنۈكمە ئىشلەۋاتامسىز؟

ئە: ھەئە، كۆنۈكمە ئىشلەۋاتىمەن.

ئا: ئۇلار نەشرىياتتا پراكتىكا قىلىۋاتامدۇ؟

ئە: ھەئە، ئۇلار نەشرىياتتا پراكتىكا قىلىۋاتىدۇ.

## تېكىست

I

### يازلىق تەتىل توغرۇلۇق سۆھبەت

ئا: قېيۇم، تەتىلدە ئۆيگە قايتامسەن؟

ئە: ئۆيگە قايتمايمەن، مەكتەپتە قالىمەن.

ئا: تەتىلنى قانداق ئۆتكۈزىسەن؟

ئە: تەتىلدە بىر تەرەپتىن ئىشلەيمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنگلىزچە كۇرسقا قاتنىشىمەن.

ئا: نېمە ئىش قىلىسەن؟

ئە: بىر خۇسۇسىي شىركەتتە ئىشلەيمەن، ئوقۇش راسخوتىمنى تولۇقلىمىسام بولمايدۇ، ئائىلەم پۇل ئەۋەتەلمەيدۇ.

ئا: چۈشەندىم، تەتىلدە بىرەر يەرگە بارامسەن؟

ئە: ئىمكانىيىتىم يار بەرسە تۇرپانغا بارىمەن، تۇرپاندىكى «مىڭ ئۆي» ۋە «كارىز»نى كۆرگۈم بار.



ئا: نېمە دېگەن ياخشى! ئۇ جايلارنى چوقۇم ئېكىسكۇرسىيە قىلىش كېرەك.

ئە: توغرا دەيسەن. سەنچۇ؟ تەتىلدە نەدە بولىسەن؟

ئا: مەن يۇرتۇمغا قايتىمەن، تەتىلنى يۇرتۇمدا ئۆتكۈزىمەن، ئاكام توي قىلىدۇ، توي تەييارلىقلىرىغا ياردەم قىلىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يېزىغا بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىمەن، تەتىل توشقۇچە ئۆيدە تۇرىمەن.

ئە: تەتىلىڭنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى تىلەيمەن.

II

### سۆھبەت

ئا: باھارگۈل، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ تام گېزىتىگە ماقالە يېزىۋاتامسىز؟

ب: ياق، مەن ئۆيگە خەت يېزىۋاتىمەن.

ئا: ئەتە ئېكىسكۇرسىيىگە بارامسىز؟

ب: بارمايمەن.

ئا: نېمىشقا؟

ب: ئەتە پروفېسسور دوكتۇر ئەسئەت سۇلايماننىڭ « هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى » ھەققىدىكى ئىلمىي لېكسىيە يىغىنىغا قاتنىشىمىز.

ئا: ئابدۇراخمان بارمۇ؟

ب: بار. سىنىپتا.

ئا: ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتامدۇ؟

ب: ياق، تۆۋەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىزچە دەرس ئۆتۈپ بېرىۋاتىدۇ.

ئا: ئۇ دائىم ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىشتە ياردەم قىلامدۇ؟

ب: ھەئە، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىدىن سىرت باشقا ئىشلىرىغىمۇ ياردەم قىلىدۇ.

### يېڭى سۆز-ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Hastane | دوختۇرخانا |
| Staj yap- | پراكتىكا قىل - |
| Dön- | قايت - |
| Bir taraftan, | بىر تەرەپتىن، يەنە بىر |
| Belli bir | تەرەپتىن |
| Özel | بىرەر |
| Masraf | خۇسۇسىي |
| Telafi et- | راسخوت |
| Gönder- | تولۇق- |
| Yer | ئەۋەت - |
| Düğün yap- | جاي |
| Hazırlık yap- | توي قىل - |
| Katıl- | تەييارلا- |
| Aşağı | قاتناش - |
| Yanı sıra, hariç | تۆۋەن |
| Duvar | سىرت |
| İngilizce | تام |
| Akraba | ئىنگلىزچە |
| Memleket | ئۇرۇق - تۇغقان |
| Keyifli | يۇرت |
| Anlat- | كۆڭۈللۈك |
| Postane | چۈشەن- |
| | پوچتىخانا |

## فونېتىكا

### جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش غ،گ نىڭ جاراڭسىزلىشى

«گ، غ» تاۋۇشلىرى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە شۇ سۆزلەرگە يەنە «گ، غ» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلىدۇ. تەلەپپۇزدا سۆز ئاخىرىدىكى «غ، گ» تاۋۇشى «ق، ك» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

بەگ + گە ⟵بەگگە ( بەككە، دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

باغ +قا ⟵باغقا ( باققا، دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

## گىرامماتىكا

### 1- يۆنىلىش كېلىش

يۆنىلىش كېلىش ئىش – ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «- غا، - قا، -گە، - كە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

107

ئۇلار بېكەتكە ماڭدى.

مەن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم.

سىز ئەنۋەرگە خەت يېزىۋاتامسىز؟

بارات بوۋاي باللارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئىزاھات①: بىر قىسىم پېئىل ۋە سۈپەتلەر دائىم يۆنىلىش كېلىشنى تەقەززار قىلىدۇ. مەسىلەن:

قارشى تۇر-، بار-، يېقىن

ئىزاھات②: ئۇ، سەن. مەن قاتارلىق ئالماشلارنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلى مەنگە، ئۇغا، سەنگە بولماستىن ئۇنىڭغا، ساڭا، ماڭا بولىدۇ.

### 2- ھازىرقى زاماننىڭ بولۇشسىز ۋە سوئال شەكلى

بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى، بولۇشسىز قوشۇمچە -ما، -مە ۋە شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن رومان ئوقۇۋاتمايمەن، دەرس تەكرارلاۋاتىمەن.

② ئۇ خەت يېزىۋاتمايدۇ، ماقالە يېزىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرتىلىدا پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

سوئال شەكلى: پېئىل ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىن، يەنە خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كۆرۈۋاتامدىمەن | يېزىۋاتامسىلەر |
| قوپۇۋاتامسەن | ئوقۇۋاتامدۇ |

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**

بۇ جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

سوئاللىرىمغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرىڭلار

جاۋاب بەر-



**كۆنۈكمە**

1-تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئۇ | پىيالە | نەشپۈت |
| بىز | بالا | پوپايكا |
| مەن | ۋەتەن | ساقچى |
| سەن | گۈرجەك | بوۋاي |
| بەگ | خالتا | ياغلىق |
| كۆز | تەكلىماكان | ئازاتلىق |
| تاغ | قوناق | ئۈرۈش |

2- تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنى زامان (ھازىرقى)، شەخس، سان كاتېگورىيىلىرى بويىچە بولۇشسىز شەكلىنى يېزىپ چىقىڭ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ياز- | كەل - | بار- |
| ئوقۇ- | ھەيدە - | ئاڭلا- |

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ؟

① ئەت، ئابدۇللاھ، بىز، ناھىيە، كەل - ؟

② مۇئەللىم، بىز، 20-، دەرس، تېكىست، سۆزلە- .

③ ئۇلار، يىغىن بار-، بىزمۇ، يىغىن، بار- .

④ سىلەر، ئەتە، يەكەن، بار- ؟

⑤ ھازىر، سىز، ئۆي، قايت- .

⑥ مەن، ئۇكا، بۈگۈن، يېزا، ئۇرۇق – تۇققان، يوقلا- .

4- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى سوئال جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭ.

مەسىلەن:

ئۇ كۆنۈكمە ئىشلەۋاتىدۇ.

← ئۇ كۆنۈكمە ئىشلەۋاتامدۇ؟



① ئۇ تاماق يەۋاتىدۇ.

② ئۇ بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتىدۇ.

③ سىلەر دالا سەيلىسى قىلىۋاتىسىلەر.

④ دېھقانلار جاپالىق ئىشلەۋاتىدۇ.

⑤ ئوسمان ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتىدۇ.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ؟

① ئەت، ئابدۇللاھ، بىز، ناھىيە، كەل - ؟

② مۇئەللىم، بىز، 02-، دەرس، تېكىست، سۆزلە- .

③ ئۇلار، يىغىن بار-، بىزمۇ، يىغىن، بار- .

④ سىلەر، ئەتە، يەكەن، بار- ؟

⑤ ھازىر، سىز، ئۆي، قايت- .

⑥ مەن، ئۇكا، بۈگۈن، يېزا، ئۇرۇق – تۇققان، يوقلا- .

6- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ahmet'e bir şey demiyorum.

2) Öğrenciler öğretmene soru soruyorlar.

3) Şadgül elindeki çiçekleri kokluyor.

4) konsere gidiyor muyuz?

5) Ben bu kitabı okumuyor muyum?

6) Alışveriş yapmıyor muyuz?

7) - Dersi anlıyor musunuz:

- Evet, anlıyorum. | - Hayır, anlamıyorum.

8) – Bu gömleği alıyor muyuz?

- Evet, gömleği alıyoruz.

- Hayır, gömleği almıyoruz.

9) Sen şu an üşüyor musun? 10) Ne oldu? Ağlıyor musun?

## ئون تۆتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق

I

| | | |
|---|---|---|
| مەن<br>سەن<br>سىز<br>سىلە<br>ئۇ | تۈنۈگۈن ئاخشام تاپشۇرۇق | ئىشلىدىم<br>ئىشلىدىڭ<br>ئىشلىدىڭىز<br>ئىشلىدىلە<br>ئىشلىدى . |

| | | |
|---|---|---|
| بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا | قاتناشتۇق<br>قاتناشتىڭلار<br>قاتناشتى . |



| | | |
|---|---|---|
| ئا: مەن چۈشتە | توپ ئوينىمىدىم<br>دەرس تەكرارلىمىدىم<br>مەشىق ئىشلىمىدىم | . |

ئە: مەنمۇ شۇنداق.

II

| | | |
|---|---|---|
| ئا: يەكشەنبە كۈنى | كىنو كۆردۈڭمۇ<br>سودا - سېتىق قىلدىڭمۇ<br>كىتابخانىغا باردىڭمۇ | ؟ |

| | | |
|---|---|---|
| ئە: | كىنو كۆرمىدىم<br>سودا - سېتىق قىلمىدىم<br>كىتابخانىغا بارمىدىم | ، ماقالە يازدىم. |

III

ئا: سىز نەدىن كەلدىڭىز؟

ئە: مەن | تاللا بازىرىدىن / ياتاقتىن / زالدىن / پۇتبول مەيدانىدىن | كەلدىم.

IV

بىز 8- | دەرسكىچە تەكرارلىدۇق / بابقىچە مۇزاكىرە قىلدۇق / جۈملىگىچە تەھلىل قىلدۇق / بىناغىچە تازىلىدۇق



بۈگۈن سائەت سەككىزدىن ئون بىرگىچە | دەرس ئاڭلىدىم / ماقالە يازدىم / كىتاب ئوقۇدۇم / تاپشۇرۇق ئىشلىدىم

سائەت ئون بىردىن چۈش سائەت بىرگىچە | ئەتىكى دەرسكە / ئالدىن تەييارلىق / قىلدىم / توپ ئويىندىم.

## تېكىست

### ئەمگەك تۇغرۇلۇق

تۈنۈگۈن ھەپتە بىز سانجىغا ئەمگەككە باردۇق. ئۇ يەردە پاختا تەردۇق. سانجى ئۈرۈمچىدىن ئانچە ئۇزاق ئەمەس.

ئۇ يەردە بەزى ساۋاقداشلار پاختا تەردى، بەزى ساۋاقداشلار سۇ توشىدى . بەزى ساۋاقداشلار تاماق ئەتتى . مىركامىل، دىلمۇرات ۋە مەن پاختا تەردۇق. مىركامىل ۋە دىلمۇرات مەندىن جىق تەردى. ئايشەم، ئۇبۇلقاسىم، خالىدە قاتارلىق ساۋاقلاشلار تاماق ئەتتى. ئەتىگەندە كېۋەزلىككە بېرىپ كەچتە قايتتۇق. چۈشلۈك تاماقنى كېۋەزلىكتە يىدۇق. كۈننىڭ ئىسسىق بولىشىغا قارىماي ساۋاقداشلار جاپالىق ئىشلىدى. بىر كۈن كەچكىچە پاختا تەرگەچكە ھەممىمىز ھېرىپ كەتتۇق. مەجبۇرى ئەمگەك بىزنى ھارغۇزۇپ قويدى. مەن ئىچىمدە مەكتەپ رىبەرلىكنى ئەيىبلىدىم. مەنلا ئەمەس بارلىق ساۋاقداشلار ئەيىبلىگەندەك قىلاتتى. كوللىكتىپ ئەمگەك قىلىش كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، بىراق پەقەتلا كۆڭۈللۈك ھېس قىلىمىدۇق. كەچتە ھەممىمىز ئەمگەككە نارازى بولۇپ مەكتەپتە قايتىپ كەلدۇق.

II

**سۆھبەت**

ئا: نەدىن كېلىۋاتسىلەر؟

ئە: كۈتۈپخانىدىن.

ئا: ئۇ يەردە دەرس تەكرارلىدىڭلارمۇ؟

ئە: دەرس تەكرارلىمىدۇق. كىتاب (ئارىيەت)ئالدۇق.

ئا: نېمە كىتاب (ئارنيەت) ئالدىڭلار؟

ئە: مەن پەرھات جىلاننىڭ « مەھمۇت قەشقىرى» ناملىق رومانىنى (ئارىيەت) ئالدىم.

ب: مەن خېۋىر تۆمۈرنىڭ « بالدۇر ئويغانغان ئادەم » ناملىق رومانىنى (ئارىيەت) ئالدىم.

ئا: باشقا كىتاب ئارىيەت ئالمىدىڭلارمۇ؟

ئە.ب: ياق، (ئارىيەت) ئالمىدۇق.

**يېڭى سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Dün | تۈنۈگۈن |
| Su kanalı,Irmak | ئۆستەڭ |
| Market | تاللا بازىرى |
| Tatlı | تاتلىق |
| Pamuk | پاختا |
| Pamuk tarlası | كېۋەزلىك |

| | |
|---|---|
| جىق | Fazla |
| قاتارلىق | Vesaire |
| ئىسسىق | Sıcak |
| جاپالىق | Zor |
| ھار- | Yorul- |
| رەھبەرلىك | Yönetim |
| ھەممىمىز | Hepimiz |
| ئەيىبلە- | Kına- |
| بارلىق | Bütün |
| كوللېكتىپ | Toplu |
| كۆڭۈللۈك | Keyifli |
| نارازى بول- | Razi olma - |

## گىراماتىكا

### 1- چىقىش كېلىش

چىقىش كېلىش ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «- دىن، - تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.



بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېيىقا ئوق ئۈزدى، ئېيىق دومىلىنىپ كەتتى.

② ئېيىق كۆكرىگىدىن قان ئېقىپ تۇرۇشىغا قارىماي، يەنە قوپۇپ دەھشەت بىلەن ھۆكۈرگەن پېتى يىگىت تەرەپكە دەلدەڭشىپ ماڭدى.

③ يىگىت بىر قاراپلا قىزنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن دەرمانى كەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئىزھات①: ئۇيغۇرتىلىدا، بىر قىسىم پېئىللار، سۈپەتلەر ۋە رەۋىشلەر چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: قورق -، كېيىن، يىراق

ئىزاھات ②: ئاۋۇ، بۇ، ئۇ قاتارلىق ئالماشلارنىڭ چىقىش كېلىش شەكلى بۇدىن، ئۇدىن بولمايدۇ، بەلكى ئاۋۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن، ئۇنىڭدىن بولىدۇ.

چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «- دىن» ئاخىرى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ياكى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا، «- تىن»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن

ئاياغلاشقانلىرىغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن :

يول – يولدىن، تۇز – تۇزدىن، يېزا – يېزىدىن، ئائىلە – ئائىلىدىن، ئۆگزە – ئۆگزىدىن، سىنىپ – سىنىپتىن، ئىش – ئىشتىن، تارىخ – تارىختىن، مەكتەپ – مەكتەپتىن.

2- چەك كېلىش

چەك كېلىش جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھالىتىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئورۇن چېكى ياكى ۋاقت چېكىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « -غىچە، - قىچە، - گىچە، - كىچە » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىسىملار جۈملىدە ھالەت ۋە بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① قاسىم بازاردىن تاھ ئۆيگىچە پىيادە كەلدى.

② ئەلىشىر بىر يىلغىچە ئامېرىكىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

③ بۈگۈن مەن 10- دەرستىن 15-دەرسكىچە تەكرارلىدىم.

ئىزاھات ①: چەك كېلىش قوشۇلغان ئىسىمغا، « -لىك » قوشۇمچىسى قوشۇلغان مەنە جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولمايدۇ. مەسىلەن:

① قاسىم بازاردىن تاھ ئۆيگىچىلىك پىيادە كەلدى.

② ئەلىشىر بىر يىلغىچىلىك ئامېرىكىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىزاھات ②: ئاۋۇ، بۇ، ئۇ قاتارلىق ئالماشلارنىڭ چەك كېلىش شەكلى ئۇغىچە، ئاۋۇغىچە، بۇغىچە بولمايدۇ، ئاۋۇنىڭغىچە، بۇنىڭغىچە، ئۇنىڭغىچە بولىدۇ.

3- ئۆتكەن زامان

ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئۆتكەن زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① مىلتىقلار تاراسلاپ، ئادەملەر يىغلىشقا باشلىدى. قىقاس- چۇقان كۆتىرىلدى.

② بىردەم ئىچىدە خەلق توپى كۆپىيىپ، غەزەپلىك نىدالار ياڭراشقا باشلىدى.

③ قارلىق دالا ئاستا – ئاستا يورۇپ، تاغ ئۈستىدە قۇياش پارقىردى.

④ بىز چۈشتىن كېيىن توپ ئوينىدۇق.

1) بولۇشلۇق شەكلى تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىدۇ.

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | -تۈم، -دۇم، -تۇم، -دۈم، -تىم، -دىم | -تۇق، -دۇق |
| II-شەخس | ئاددىي تۈرى | -تۈڭ، -دۈڭ، -تۇڭ، -دۇڭ، -تىڭ، -دىڭ | -تۈڭلار، -دۈڭلار، -تۇڭلار، -دۇڭلار، -تىڭلار، -دىڭلار |
| | سىپايە تۈرى | -تىڭىز، -دىڭىز | |
| III-شەخس | | -تى، -دى | |

مەسىلەن:

ياز+دىم ←يازدىم   تۇت+تۇم ← تۇتتۇم   ئوقۇ+دۇق← ئوقۇدۇق

كەت+تىم ←كەتتىم   كۆر+دۈم← كۆردۈم

ئوقۇ+دۇم←ئوقۇدۇم   ئۆت +تۈم ←ئۆتتۈم   ئۆت + تۇق←ئۆتتۇق

ياز+دىڭ ←يازدىڭ   ياز+دىڭلار ←يازدىڭلار   ياز+دى ←يازدى

كەت+تىڭ ←كەتتىڭ   كەت+تىڭلار ←كەتتىڭلار   ئوقۇ+دى←ئوقۇدى

ئوقۇ+دۇڭ←ئوقۇدۇڭ   ئوقۇ+دۇڭلار←ئوقۇدۇڭلار   تۇت+ تى← تۇتتى

تۇت+ تۇڭ← تۇتتۇڭ   تۇت+ تۇڭلار← تۇتتۇڭلار   كۆر+دى← كۆردى

كۆر+دۈڭ← كۆردۈڭ   كۆر+دۈڭلار← كۆردۈڭلار

ئۆت +تۈڭ ←ئۆتتۈڭ   ئۆت +تۈڭلار←ئۆتتۈڭلار



2) بولۇشسىز شەكلى:

مەسىلەن:

يازما + دىم ← يازمىدىم

(ناخشا) ئېيتما + دۇق ← (ناخشا)ئېيتمىدۇق

كۆرمە + دىڭىز ← كۆرمىدىڭىز

مۇزاكىرە قىلما + دى ← مۇزاكىرە قىلمىدى

3) سوئال شەكلى:

يازدىمۇ

(ناخشا)ئېيتتىڭلارمۇ

كۆرمىدىڭىزمۇ

بارمىدىمۇ

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان يېڭى سۆز-ئىبارىلەر**

- ۋاقىت توشتى
- بۈگۈنكى دەرس مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.
- ساۋاقداشلار، خوش ئەمىسە.
- مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تولدۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| خوشنا | تاپان | ئىشىك |
| تائام | تاپانچا | مىلتىق |
| قانۇن | گۆش | ئاپتومات |
| قائىدە | تراكتور | قەدەم |
| تەرتىپ | سودىگەر | پەرزەنت |
| ئىنتىزام | كارخانا | ئاپېلسىن |
| بەلگىلىمە | باج | بامبۇك |

2- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى چەك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تولدۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تولۇلەڭلىك | ياغيۇ | گەدەن |
| يايلاق | مېمانخانا | گۈمبەز |
| قەغەز | ئېلان | تاشپاقا |
| گۈلە | ئوقتۇرۇش | ئۆسۈملۈك |
| تاتۇق | دەرۋازا | ئاشقازان |
| ئېتىز | ناسوس | پورت |
| پىشان | سۈرەت | چەك |

3- تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوئال شەكلىنى يېزىپ چىقىڭ.

مىسال:

| | |
|---|---|
| مەن كۆر - | دۇم |
| | مىدىم |
| | دۇمmۇ |
| | مىدىمۇ |

①مەن يۇ-

②سەن قوي-

③سىز ياز-

④ ئۇ سۆزلە-

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى سوئال جۈملىگەن ئايلاندۇرۇڭ.

مىسال: تۈنۈگۈن بىز لېكسىيىگە قاتناشتۇق.

→ تۈنۈگۈن سىلەر لېكسىيىگە قاتناشتىڭلارمۇ؟

① ئۆتكەن ئاي بىز پاختا تەرگىلى باردۇق.

② مۇئەللىملەر بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا قاتناشتى.

③ تۈنۈگۈن ئاخشام دەرس تەكرالىيالمىدۇق.

④ ئۇلار يەكشەنبە كۈنى رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆردى.

⑤ ئەمەت بوۋاي باغ ئىچىدىكى بوش يەرلەرنى كۆكتات تېرىش ئۈچۈن تەييارلىدى.

⑥ مۇئەللىم كېرەمنىڭ سوئالىدىن پەقەتلا قانائەتلەنمىدى.

⑦ مەن ئىشتىن ھېرىپ كەلدىم.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭلار؟

① دەرەخلەر غازاڭ تاشلىدى.

② مەن ئۇنىڭ قىزىق گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزەمنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدىم.

③ مەن ئۇ قىزغا سەپسىلىپ قارىدىم.

④ بوۋام بىلەن تاغمۇ تاغ يۈرۈپ ئوۋ قىلدۇق.

⑤ تاغام قاتتىق سوغۇققا قارىماي شەھەرگە يۈك ئېلىپ ماڭدى.

⑥ دادام مەكتەپتىكى ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ماڭا كايىمىدى.

⑦ ھەممىڭلار ئىمتىھاننى ياخشى بېرىپسىلەر.

⑧ خەلقنىڭ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمغا تاقىتى قالمىدى.

⑨ بىز سىلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆگەندۇق.

⑩ قاسىم بوۋاينىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى.

⑪ سىنىپىنىڭ ئىچىنى ۋاراڭ – چۇرۇڭ قاپلىدى.

⑫ئادىلنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى.

6- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Rabiye hanım iki saat önce bürodan ayrıldı.

2) kardeşim üç ay önce ameliyat oldu.

3) Biz 'Kaşgarlı mahmut' tun türbesini ziyart ettik.

4) Durakta yarım saat otobüs bekledim.

5) Sabah çok yağmur yağdı.

6) Biz bu konuyu hiç anlayamadık.

7) Siz beni görmediniz.

8) Bebek bugün hiç ağlamadı.

9) Ayşe koşmadı.

10) Ben onu durakta beklemedim.

## ئون بەشىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | |
|---|---|
| ئا: سىلەر سائەت نەچچىدە | ئورۇندىن تۇرىسىلەر<br>دەرس باشلايسىلەر<br>دەرس تەكرار قىلىسىلەر<br>ئۇخلايسىلەر ؟ |
| ئە: بىز سائەت | ئالتىدە ئورۇندىن تۇرىمىز<br>سەككىزدە دەرس باشلايمىز<br>يەتتە يېرىمدا دەرس تەكرار قىلىمىز<br>ئون ئىككىدە ئۇخلايمىز |

II

ئا: سائەت قانچە بولدى؟

| | |
|---|---|
| ئە: | بىر<br>ئۈچ<br>توققۇز<br>ئون بىر بولدى. |

III

ئا: سائىتىڭىز قانچە بولدى؟

| | |
|---|---|
| ئە: | تۆتتىن ئۈچ<br>بەشتىن ئون تۆت<br>سەككىزدىن ئوتتۇز ئىككى<br>ئون بىردىن يىگىرمە يەتتە مىنۇت ئۆتتى. |

IV

ئا: سائىتىڭىز قانچە بولدى؟

ئە: [تۆتكە بەش مىنۇت / يەتتىگە ئون توققۇز مىنۇت / توققۇزغا چارەك] قالدى\ كەم.

ئا: سائىتىڭىز توغرا ماڭامدۇ؟

ئە: [سەل چاپسانراق / سەل ئاستىراق / ناھايىتى توغرا].

V

ئا: [ئۈستەلدىكى ژورنال / سومكىدىكى كونسپىك / ياتاقتىكى كومپيۇتور / ئورۇندۇقتىكى كۆزئەينەك] كىمنىڭ؟

ئە: [ئۈستەلدىكى ژورنال / سومكىدىكى كونسپىك / ياتاقتىكى كومپيۇتور / ئورۇندۇقتىكى كۆزئەينەك] ئايۇپنىڭ.

## تېكىست

### ئېدىسون

ئېدىسون دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى. ئۇ ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئائىلىسى ئىنتايىن كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك ۋاقتىدا ئاران ئۈچ ئايلا ئوقۇيالىغان. ئېدىسون ئون بىر يېشىدىن باشلاپ گېزىت ساتقان. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئىلىم – پەننى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ دائىم پۇل ئىقتىساد قىلىپ پەنني كىتاب – ژورناللارنى ۋە خىمىيىلىك

دورىلارنى سېتىۋالاتتى. ئەخلەت ئارىسىدىن تېپىۋالغان بوتۇلكا ۋە قۇتىلار ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىدىغان ئەسۋابلىرىدىن ئىدى.

ئۇنىڭ تومپايتىپ ئېسىۋالغان گېزىت سومكىسى ھەر خىل پەننىي كىتابلار ۋە خىمىيەت دورىلىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ئېدىسۇن ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە پويىزدا گېزىت ساتىدۇ. پويىزنىڭ يولۇچىلار تاماكا چېكىدىغان مەخسۇس ۋاگونى بولۇپ، پويىز باشلىقى ئېدىسۇننىڭ مۇشۇ ۋاگوننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ دائىم گېزىتلىرىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، سومكىسىدىن خىمىيە دورىلىرى، بوتۇلكا ۋە قۇتىلىرىنى ئېلىپ، ھەر خىل قىزىقارلىق تەجرىبىلەرنى ئىشلەشكە باشلايدۇ.

بىر كۈنى ئېدىسۇن تازا قىزىقارلىق تەجرىبە ئىشلەۋاتقاندا، پويىز تېز قوزغالغانلىقتىن سىلكىنىپ كېتىپ، ئاق فوسفور قاچىلانغان بىر بوتۇلكا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. فوسفور ھاۋاغا ئۇچرىشى بىلەن دەرھال ئوت ئېلىپ يانىدۇ. كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئېدىسۇن بىلەن بىرلىكتە ئوتنى ئۆچۈرۈۋالىدۇ. پويىز باشلىقى قاتتىق خاپا بولۇپ، ئېدىسۇننىڭ تەجرىبە قىلىدىغان بارلىق نەرسىلىرىنى پويىزدىن چۆرۈۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنى قاتتىق بىر شاپىلاق ئۇرۇپ، بىر قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويىدۇ.



شۇنداق بولسىمۇ ئېدىسۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسىدىن قەتئىي يانمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى تېجەپ پۇل يىغىپ قايتىدىن خىمىيىلىك تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىدۇ. بىر قېتىم سۇلغات كىسلاتاسى ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. يەنە بىر قېتىم سۇلغات كىسلاتاسى ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. لېكىن ئېدىسۇن بۇنداق خەتەرلىكلەردىن قىلچە قورقۇپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ خىمىيىلىك تەجرىبىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

ئېدىسۇن ئېلېكتر لامپىسىنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا، تەننەرخى ئەرزان، ئىشلىتىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغان لامپۇچكا قىلىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن كۆرمىگەن قېتىم تەجرىبە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ دائىم بىرقانچە ئون سائەتلەپ تەجرىبىخانىدىن چىقماي ئىشلەيدۇ. بەك ھېرىپ كەتكەن چاغلىرىدا تەجرىبە ئۈستەلى ئۈستىدە بىردەم ئۇخلىۋېلىپ، يەنە ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق بوشاشماستىن تىرىشىش ئارقىسىدا، ئاخىرى مۇۋاپىق لامپۇچكا قىلىنى تېپىپ چىقىپ، ئېلېكتر لامپۇچكىسىنى ئىجاد قىلىدۇ. كېيىن ئېدىسۇن يەنە كىنو، پاتېفون... قاتارلىق نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە مىڭ خىلدىن ئارتۇق نەرسىنى كەشىپ قىلغان ئاتاقلىق ئالىم.

## يېڭى سۆز- ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Bilimsel | پەننىي |
| Kimyasal | خىمىيىلىك |
| Dene - | تەجرىبە قىل - |
| Alet | ئەسۋاب |
| Çöp | ئەخلەت |
| Şişe | بوتۇلكا |
| Kutu | قۇتا |
| Şiş-, | تومپاي - |
| As - | ئاس - |
| Taşı - | توشۇ - |
| Yolucu | يولۇچى |
| Sigara iç - | تاماكا چەك - |
| Tren başkanı | پويىز باشلىقى |
| Köşe | بۇلۇڭ |
| Katıl -, eklen - | قوشۇل - |
| Harekete geç - | قوزغال - |
| Beyaz fosfor | ئاق فوسفور |
| Yükle - | قاچىلا - |
| Düş -, çök - | ئۆرۈل - |
| Alev al - | ئوت ئال - |
| Toktat at - | شاپىلاق ئۇر - |
| Sağır | گاس |
| Asit | سۇلغات كىسلاتا |
| Yak - | كۆيدۈر - |
| Kör | قارىغۇ |
| Ampül | ئېلېكتر لامپىسى |
| Maliyet | تەننەرىخ |
| Filaman | لامپۇچكا قىلى |
| Gramofon | پاتېفون |
| ömür | ئۆمۈر |

## گىراماتىكا

**1- سائەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى:**

-« سائەت XX دە » شەكلى، مەسلەن:

بىز سائەت توققۇزدا ئىشقا چۈشىمىز.

ئۇلار سائەت ئۈچتە كېلىدۇ.

- سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « سائەت XX بولدى» ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن:

سائەت ئون بولدى.

- « سائەت X X دىن مىنۇت ئۆتتى» شەكلى، مەسلەن:

سائەت تۆتتىن بەش مىنۇت ئۆتتى.

- « سائەت X X گە X X مىنۇت\ كەم» شەكلى، مەسلەن:

سائەت ئون ئىككىگە ئون مىنۇت قالدى.

15مىنۇتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « چارەك» ئىشلىتىلىدۇ. يېرىم سائەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « يېرىم» ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن:

سائەت بەشتىن چارەك ئۆتتى.

سائەت تۆت يېرىم بولدى.

بىز يېرىم سائەتتىن كېيىن بارىمىز.

**2- ئورۇن – بەلگە كېلىش**

ئورۇن – بەلگە كېلىش جۈملىدە ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئورنى، ۋاقتى جەھەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسمغا « - دىكى/- تىكى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسملار ئېنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسلەن:

① تۆمۈر خەلپە دۆڭ كۆرۈكتىكى هارۋىكەشلەر دېڭىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، دوخمۇش – دوخمۇشتا توپلىنىپ، تۆت بۇرجەكلىك يوغان قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلانلارنى ئوقۇۋاتقان كىشلەرنى كۆرۈپ قالدى.

② باغدىكى گۈللەردىن ئۇزۇۋالدىم.

③ ئۆيدىكى كۆڭۈلسىزلىك تېخى تۈگىمىدى.

④بۇ ئابزاستىكى جۈملىلەر ئانچە قىيىن ئەمەس.

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان يېڭى سۆز-ئىبارىلەر**

- چۈشەنمىگەن مەزمۇنلار بارمۇ؟
- چۈشەنمىگەن مەزمۇن يوق.

يىقىلغان چېلىشقا تويماس، بەدنىيەت خۇيىنى قويماس.

(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئورۇن – بەلگە كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تەشتەك | تەشكىلات | ساقچى |
| تەقدىرنامە | ئۆمەك | مۇخبىر |
| ئۆلكە | تۆشۈك | چۆمۈچ |
| سايمان | شوئار | رەخت |
| دولقۇن | قاتناش | ۋېۋىسكا |



2- تۆۋەندىكىلەرنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەڭ.

مەسىلەن:

سائەت قانچە بولدى؟ ( 25 :3) ← سائەت ئۈچتىن يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتتى.

سائەت قانچە بولدى؟

| | | |
|---|---|---|
| 10:8 | 12:01 | 3:54 |
| 4:15 | 03:7 | 11:40 |
| 12:16 | 02:6 | 1:3 |
| 22:45 | 5:33 | 9:50 |

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① رەنا بۈگەپنى ئاڭلىسا چوقۇم ھوشىدىن كېتىدۇ.

② مېنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان ئادەملەرنى مەن بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەيمەن، ئەمما، مېنى ئۆزىدىن پەس كۆرىدىغان ئادەملەردىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىمەن.

③ بىز ھازىرچە ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايمىز.

④ ئۇ ئەزەلدىن كىشىلەرگە تەڭ – باراۋەر مۇئامىلىدە بولىدۇ، قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ.

⑤ تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەكشۈرۈلگەندە، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

⑥ جەمئىيىتىمىزدىكى مىللىي تەڭسىزلىك مىللىي زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىدۇ.

⑦ ئايشە ئۇيغۇرچىنى شۇنداق چىرايلىق سۆزلەيدۇ.

⑧ يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قارىقاش دەرياسىنىڭ ئاخىرى قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

⑨ يۇرتىمىزدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن قېرىلار خېلى كۆپ.

⑩ بىز ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمىز.

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Saat ikiyi beş geşiyor.

2) Saat on ikiye yirmi iki var.

3) Dedemler bu sokağın başında oturur.

4) Kediler ciğer sever.

5) Kedim bütün gün ağacın gölgesinde uyur.

6) Yamğur bereket getirir.

7) Biri yer bini bakar, kıyamet ondan kopar.

8) Büyük annem gözlükle daha iyi görür.

9) Anne babalar her zaman çocuklarını düşünür.

10) Ben onu durakta beklemedim.

## ئون ئالتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئۇغۇز ئۇيغۇرچىنى ئۇيغۇرلاردەك سۆزلەيدۇ.

ئەركىن تۈركچىنى تۈركلەردەك يازىدۇ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ھاشىمنىڭمۇ سىزنىڭ | لۇغىتىڭىزدەك | بىر | لۇغىتى | بار. |
| | قەلىمىڭىزدەك | | قەلىمى | |
| | كومپيۇتېرىڭىزدەك | | كومپيۇتېر | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بۇ | سىنىپ | ئۇ | سىنىپتەك چوڭ | ئەمەس. |
| | كىتاب | | كىتابتەك قىزىق | |
| | قەغەز | | قەغەزدەك نېپىز | |
| | ئۈنئالغۇ | | ئۈنئالغۇدەك قىممەت | |

II

ئا: يازدا قەشقەر ئىسسىقمۇ، ئۈرۈمچىمۇ؟

ئە: يازدا قەشقەر ئىسسىقراق.

ئا: قىشتا غۇلجا سوغۇقمۇ، تۇرپان سوغۇقمۇ؟

ئە: قىشتا غۇلجا سوغۇقراق.

ئا: بۇ ئۆي كەڭمۇ، ئۇ ئۆي كەڭمۇ؟

ئە: بۇ ئۆي كەڭ.

ئا: سىلەرنىڭ ياتاق كىچىكمۇ، بىزنىڭ ياتاق كىچىكمۇ؟

ئە: بىزنىڭ ياتاق كىچىك.

ئا: بۇ ئىمارەت ئېگىزمۇ، ئۇ ئىمارەت ئېگىزمۇ؟

ئە: بۇ ئىمارەت بۇ ئىمارەتتىن ئىگىزرەك.

ئا: بۇ ماشىنا ياخشىمۇ، ئۇ ماشىنا ياخشىمۇ؟

ئە: ئۇ ماشىنا بۇ ماشىنىدىن ياخشىراق.

ئا: ئانارگۈل ئېگىزمۇ، سىز ئېگىزمۇ؟

ئە: ئانارگۈل ماڭا قارىغاندا ئېگىزرەك.

ئا: ئانارگۈل چوڭمۇ، سىز چوڭمۇ؟

ئە: ئانارگۈل ماڭا قارىغاندا چوڭراق.

III

| | | | |
|---|---|---|---|
| بۇ شېئىرنى | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ<br>خالمۇرات | تەرجىمە | قىلاي<br>قىل<br>قىلىڭ<br>قىلسۇن<br>قىلسۇن |
| | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار<br>خالمۇراتلار | ئاۋۋال | سۆزلەيلى<br>سۆزلەڭلار<br>سۆزلىسۇن<br>سۆزلىسۇن |

IV

تۈركچە سۆزلىمەڭلار، ئۇيغۇرچە سۆزلەڭلار.

تارتىنماڭلار، چاي ئىچىڭلار.

يەكشەنبە كۈنى بازارغا بارمايلى، سۇ ئۈزەيلى.

ئۇلار چۈشتە توپ ئوينىمىسۇن، دەم ئالسۇن.

V

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | مەن<br>بىز<br>ئۇ (ئۇلار) | هازىر | بارايمۇ<br>بارايلىمۇ<br>بارسۇنمۇ | ؟ |
| ئە: | بېرىڭ<br>بېرىڭلار<br>بارسۇن | | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | تۆت<br>يەتتە<br>ئون بىر | بولدى، | ئىنگلىزچە تېكىست يادقا ئالمايلىمۇ<br>دەرس تەكرارلىمايلىمۇ<br>چىراغنى ئۆچۈرمەيلىمۇ | ؟ |
| ئە: | ئوينايلى<br>تەكرارلايلى<br>ئۆچۈرەيلى | . | | |

## تېكىست

مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار

م: ساۋاقداشلار، ھازىر دەرس باشلايلى. مېھرىگۈل، ۋەلى، گۈلزار سىلەر دوسكىغا چىقىڭلار. مەن بىر نەچچە جۈملە ئېيتاي. سىلەر يېزىڭلار.

.....

ياقۇپ، ئۇلار توغرا يازدىمۇ؟

ئا: مېھرىگۈل پۈتۈنلەي توغرا يازدى. ۋەلىمۇ ئاساسەن توغرا يازدى. 2- جۈملىدە بىر ئاز خاتا بار.

م: باشقىلارنىڭ پىكرى بارمۇ؟

ئو: باشقا پىكرىمىز يوق.

م: ئەمىسە 12- دەرسنىڭ تېكىستىنى ئۆگىنەيلى. ئاۋۋال مەن ئوقۇي، سىلەر بىلەن دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار.

ئەمدى بىللە ئوقۇيلى.

سائادەت، سىز ئوقۇڭ.

سائادەتنىڭ تەلەپپۇزى قانداق؟

ئو: توغرا.

م: ئەمدى تۇردى، سىز ئوقۇڭ!

تۇردى توغرا ئوقۇدىمۇ؟

ۋ: ئانچە توغرا ئەمەس. «ئوكۇش» ئەمەس، «ئوقۇش»، «گەرب» ئەمەس، «غەرب».

م: ۋەلىنىڭ پىكرى توغرا. تۇردى، كېيىن كۆپرەك مەشق قىل.

ت: ماقۇل.

م: ئەمدى تېكستنى تەرجىمە قىلايلى.

....

قۇربان، سەن 1- ئابزاسنى تەرجىمە قىل.

....

قۇربان توغرا تەرجىمە قىلدىمۇ؟

ئو: ئۇ بەك چاپسان سۆزلىدى. يەنە بىر قېتىم سۆزلىسۇن. ياخشىراق ئاڭلايلى.

....

م: تەرجىمىسى توغرىمۇ؟

ئو: توغرا.

م: ئەمدى بىللە ئوقۇيلى. ئۈنلۈكرەك ئوقۇڭلار.

م: ۋاقىت توشتى، دەم ئېلىڭلار.

**يېڭى سۆز- ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| نېپىز | İnce |
| قىممەت | Pahalı |
| ئىمارەت | Bina |
| قارىغاندا | Kıyasla |
| تارتىنـ.، خىجىل | Utan- |
| بولـ - | |
| چىراغ | Işık |
| ئۆچۈر- | Söndür- |
| بىر نەچچە | Birkaç |
| پۈتۈنلەي | Hemen hemen |
| دېگۈدەك | Göre |
| ئاساسەن | Diğer |
| باشقا | Şimdi |
| ئەمدى | Birlikte |
| بىللە | Defa |
| قېتىم | Sesli |
| ئۈنلۈك | |



**گرامماتىكا**

**1- ئىسمنىڭ ئوخشاتما كېلىش شەكلى**

ئوخشاتما كېلىش بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان خاراكتېر، شەكىل،

ئالامەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى ياكى مەلۇم بىر ئورتاقلىقى بارلىقنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « - دەك، - تەك » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئابدۇشۈكۈر مەتمىنندەك بىلىملىك ئادەمنى تاپماق تەس.

ئابدۇخالىقنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم.

بۈگۈن ھاۋا نەشتەردەك سوغۇق ئىدى.

ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ بىزنىڭ پىكرىمىزدەك.

**2- سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى**

سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە مۇشۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى ھەر خىل دەرىجە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

گۈلگىنە قىپقىزىل رەختتىن كىيىم كىيىشكە ئامراق.

سۈپسۈزۈك، كۆكۈچ ۋە تىنىق ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى.

ئىزاھات: ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر مەنە ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ دەرىجىلىك سۈپەت ۋە دەرىجىسىز سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مەنە جەھەتتىن نىسپىيلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: « ئاق » دېگەن سۈپەت « ئاقراق، ئاپئاق، ئاقۇش، ئاققىنە» دېگەندەك دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە. مانا مۇشۇنداق دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە بولغان « چىرايلىق، كىچىك، ئېگىز، ئاۋات، يېڭى» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەتلەردۇر.

مەنە جەھەتتىن مۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەر دەرىجىسىز سۈپەت، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: « ماددىي، ئەركەك، چىشى، ئىقتىسادىي، گراماتىكىلىق....» دېگەن سۈپەتلەر دەرىجىسىز سۈپەت بولۇپ، بۇنداق سۈپەتلەر دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ ھەم دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، شۇنىڭدەك تەكرارلانمايدۇ.



ئادەم ۋە نەرسىلەردە بولىدىغان بىر خىل تۈردىكى سۈپەتلەرنىڭ بىر – بىرىدىن ئارتۇق – كەملىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرقلىنىشى سۈپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيە دەرىجىلىك سۈپەتلەرگە خاس بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل دەرىجە شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ئەسلىي دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر. بۇ خىل دەرىجە شەكلى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىسى بولمايدۇ. مەسلەن: ساختىپەز، ئاۋات، سېمىز، چىداملىق، ياخشى، قىزىل، يىراق....

② كېمەيتمە دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئادەتتىكىدىن سەل كېمەيتىپ كۆرستىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر. بۇ خىل دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا « - راق، - رەك، -ش، -ۋش، - ۇش، - تۇل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چوڭ- چوڭراق، ئېگىز – ئېگىزرەك، ئاق-ئاقۇش، ئېقىش، كۆك- كۆكۇش، قارا- قارامتۇل

③ ئاشۇرما دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرستىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر. بۇ خىل دەرىجە بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرغا « پ » نى قوشۇپ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسلەن: كۆك – كۆپكۆك، قىزىل – قىپقىزىل. باراۋەر – باپباراۋەر، تەكشى – تەپتەكشى، يېڭى – يىپيېڭى.....

④ ئەركىلەتمە دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئامراقلىق ھېسياتى بىلەن ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر. بۇ خىل دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرگە « - غىنا، - قىنا، - گىنە، - كىنە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسلەن: تاتلىق- تاتلىققىنا، چىرايلىق – چىرايلىققىنا، چاققان- چاققانغىنا، ئېگىز- ئېگىزگىنە، كىچىك – كىچىككىنە.....

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ يۇقىرىقى شەكىللىرى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئىزچىل نۆۋەتلىشىپ كېتەلمەيدۇ. بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر بولسا ئىككى – ئۈچ تۈردىلا كېلەلەيدۇ.

3- پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى

بۇيرۇق رايى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقنى، خاھىشنى، تەلپىنى، ئىلتىماسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر. مەسلەن:

سەن بار!

يەنە بىر ناخشا ئېيت (ئېيتىڭ).

بۇ جۈملىنى مەن تەرجىمە قىلاي.

ۋاقىت توشتى، ماڭايلى.

بۇ خىل راي شەكلى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

بۇيرۇق رايىنىڭ I- شەخس بىرلىك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « - اي،- ەي، -ي»

قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خالاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئال+ اي = ئالاي، كۆر + ەي= كۆرەي، سورا+ي=سوراي....; I -شەخس كۆپلۈك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « - ايلى، ەيلى، -يلى » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ چاقىرىق، تەشەببۇس قىلىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئال + ايلى= ئالايلى، كۆر + ەيلى= كۆرەيلى، سورا+ يلى= سورايلى....

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ I - شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكىنىڭ ئاخىرىغا « دەپ» پېئىلى بىرىكىپ كەلسە، مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن شۇ بالىنى كۆرەي دەپ كەلدىم.

بۇ ئىشتىن سىلىنى خەۋەرلەندۈرەيلى دەپ كەلدۇق.

ئەگەر بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار « تۇر، يۈر » ياردەمچى پېئىللىرى بىلەن بىرىكىپ كەلسە، ھەرىكەتنى بېجىرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقنى، « قال » ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىرىكىپ كەلسە، ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىشقا ماڭاي دەپ تۇراتتىم.

ئۆيگە قايتايلى دەپ يۈرىمىز.

بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولاي دەپ قالدىم.



بۇيرۇق رايىنىڭ II- شەخس بىرلىك شەكلى پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلى ۋە مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىنىڭ سىرتىدا پېئىل ئۆزەكلىرىگە « - غىن، - قىن، - گىن، - كىن» ياكى « -ڭ، -ىڭ، -ئۇڭ، -ۇڭ» ۋەياكى « - سىلا، - سىلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بۇيرۇق ۋە تەلەپ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئاڭلا-، سۆزلە، ياسات، ماڭغۇز، يېگۈز، يازغىن، ياتقىن، كۆرگىن، كەتكىن، ئىشلەڭ، ئېلىڭ، ئوقۇڭ، ئۆتۈڭ، بارسىلا، ئىشلىسىلە....; II -شەخسنىڭ كۆپلۈك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « - ڭلار، - ىڭلار، - ۈڭلار، - ۇڭلار» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بۇيرۇق، تەلەپ، چاقىرىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇڭلار، يېزىڭلار، تۇتۇڭلار، ئۆتۈڭلار.....

بۇيرۇق رايىنىڭ III- شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-سۇن»، «- غاي، -قاي، - گەي، -كەي» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بۇيرۇق، تىلەك مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: يازسۇن، بارغاي، تۇتقاي، كۆرگەي، كەتكەي....

**بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى**

پېئىل ئۆزىكىگە « - ما، - مە » بولۇشسىز قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇ+ ما+ي = ئوقۇماي، كەل+مە=كەلمە، ياز+ ما+ڭ=يازماڭ،

بار+ما+سۇن=بارمىسۇن، كىر+مە+ڭلار=كىرمەڭلار...

بۇيرۇق رايىنىڭ سوئال شەكلى

پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى شەكلىگە « - مۇ » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بار+اي+مۇ=بارايمۇ، كۆر+مەيلى+مۇ=كۆرمەيلىمۇ، كەل+سۇن+مۇ=كەلسۇنمۇ...

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**

- هازىر ئاڭلاپ يازايلى
- قەغەز-قەلەم تەييارلاڭلا.

ئۆزەڭگە ياخشىلىق تىلىسەڭ، كىشىگە يامانلىق قىلما.

( ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئوخشاتما كېلىش بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| غىزا | تاۋۇز | چاشقان |
| ئارغامچا | خەنجەر | ئوغۇت |
| قەلەمتىراچ | داستىخان | شامال |
| ناۋات | كالا | تومۇر |
| پەتنۇس | پاقا | بويۇن |



2- تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنى دەرىجە شەكلى بىلەن ئىپادىلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كۆپ | ئاستا | پاكىز |
| يېڭى | كىچىك | گۈزەل |
| كەڭ | يورۇق | يېقىن |
| ئۇزۇن | توغرا | ئېگىز |
| نېپىز | قىممەت | ئىسسىق |

3- تۆۋەندىكى پېئىللارنى بۇيرۇق راي شەكلىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز سوئال شەكلى بىلەن ئىپادىلەڭ. مىسال:

ـاي

ـماي

مەن بار- ـايمۇ

ـمايمۇ

① مەن سورا- ② سەن سۆزلە-

③ ئۇ كەل- ④ بىز كۆر-

⑤ سىلەر ياز- ⑥ ئۇلار ئېيت-

4- تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللاردىن پايدىلىنىپ بۇيرۇق رايى شەكلىدە جۈملە تۈزۈڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تىنى- | ئۆگەن- | چېنىقتۇر- |
| ئارام ئال- | ئال- | ياردەم قىل- |
| ماڭ- | قوپ- | تەرجىمە قىل- |
| ئېيت- | ئوينا- | تەھلىل قىل- |



5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① بۇ ئىشەنگۈسىز ئاچچىق كەچمىش ئۆتكۈر خەنجەردەك ئۇنىڭ يۈرەك – باغرىنى تىلاتتى.

② چاقىرمىغان يەرگە بېرىش، يالغان بۆھتان قىلىش، دۈشمەندىن ياردەم، بېخىلدىن رەھىم تىلەش ئادەمنى ئۆلۈمدىن ئارتۇقراق نومۇسقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىز.

③ شاھىم بوۋاي قولىنى قىلىچتەك شىلتىدى.

④ تىنچلىنايلى قېرىنداشلار، تىنچلىنايلى! ئەھۋالىمىز ئېغىر بولسىمۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك، بۇ يەردىن سالامەت چىقىپ كېتىشىمىزگە يەنىلا ئۈمىد بار.

⑤ ئاتلارغا بېدىنى جادا بىلەن توغراپ بېرەيلى.

⑥ ئاستىراق ياز، ياخشىراق ياز.

⑦ ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق، چاينى كۆپرەك ئىچىڭلار.

⑧ بۇ قوغۇن ئۇ قوغۇندەك تاتلىق ئەمەس.

⑨ ئاتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان كىچىك كولدۇرمىلار جالدىرلىشىپ، خۇددى يېقىمسىز مۇزىكىدەك كىشىنى بىزار قىلاتتى.

6- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Saat ikiyi beş geşiyor.
2) Saat on ikiye yirmi iki var.
3) Dedemler bu sokağın başında oturur.
4) Kediler ciğer sever.
5) Kedim bütün gün ağacın gölgesinde uyur.
6) Yamğur bereket getirir.
7) Biri yer bini bakar, kıyamet ondan kopar.
8) Büyük annem gözlükle daha iyi görür.
9) Anne babalar her zaman çocuklarını düşünür.
10) Ben onu durakta beklemedim.

## ئون يەتتىنچى دەرس
## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئا: سىز ئۈرۈمچىگە قاچان كەلدىڭىز؟

ئە: مەن ئۈرۈمچىگە

| |
|---|
| 2006- يىلى |
| 2- ئاينىڭ 3- كۈنى |
| چارشەنبە كۈنى |
| 4- چىسلا كۈنى |
| 2009- يىلى 7- ئاينىڭ 5- كۈنى |

كەلدىم.

ئا: ئابلەتچۇ؟

ئە:

| |
|---|
| 2006- يىلى |
| 2- ئاينىڭ 3- كۈنى |
| چارشەنبە كۈنى |
| 4- چىسلا كۈنى |
| 2009- يىلى 7- ئاينىڭ 5- كۈنى |

كەلدى.

ئا: سىلەر قاچان يۇرتۇڭلارغا قايتىسىلەر؟

ئە: يۇرتىمىزغا قايتىمىز.

| |
|---|
| مۇشۇ يىلى 9- ئايدا |
| 10- ئاينىڭ21- كۈنى |
| يەكشەنبە كۈنى |
| 12- چىسلادا |
| 2010- يىلى 1- ئايدا |

ئا: نېمە بىلەن كېتىسىلەر؟
ئە: بەزىلىرىمىز پويىزدا، بەزىلىرىمىز ئاپتوبۇستا.

II

ئا: بۈگۈن ئايغا/ چىسلاغا قانچە؟

ئە: بۈگۈن ئايغا \ چىسلاغا

| |
|---|
| بەش |
| ئون تۆت |
| يىگىرمە توققۇز |

III

ئا: بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

ئە: بۈگۈن كۈنگە

| |
|---|
| دۈشەنبە |
| سەيشەنبە |
| پەيشەنبە |

ئا: ئەتە كۈنگە نېمە؟

ئە: ئەتە كۈنگە

| |
|---|
| شەنبە |
| جۈمە |
| يەكشەنبە |



IV

ئا:

| |
|---|
| 7- |
| 18- |
| 26- |

چىسلا ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى بولىدۇ؟

ئە:

| |
|---|
| 7- |
| 18- |
| 26- |

چىسلا ھەپتىنىڭ

| |
|---|
| 2- |
| 5- |
| 4- |

كۈنى بولىدۇ.

**تېكىست**

I

**ئۇيغۇر ئوت يۈرەك شائىرى ئىنقىلاپچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر**

تۇرپان شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك ئائىلە ئىدى . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 5 يېشىدىلا ساۋادىنى چىقارغان

بولۇپ، 21 ياشلارغا كەلگەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىغان .

1916 -يىلىچوڭ دادىسى مىجىت ھاجى سودا بىلەن روسىيىگە بارغاندا، ئۇمۇ بىللە بېرىپ، روسىيىنىڭ شەمەي(ھازىرقى سىمپلاتىنسكى) شەھىرىدە رۇس تىل- يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ . تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە تۇرپان يېڭى شەھەردىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى تاماملايدۇ .

1923 – يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە 2 – قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەنە 3 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ . بۇ جەرياندا ئۇ پۇشكىن، لېرمونتوۋ، تولوستوي ۋە گوركى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىدۇ . 1926 – يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا يېڭىچە ئىلىم – پەننى تەرغىپ قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت ژۇرنال نەشر قىلىشقا ھەرىكەتلىنىپ، تۇرپاندا باسما زاۋۇتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . لېكىن ئەكسىيەتچى، مىلىتارىست ياڭ زىشىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتى، پىچاندىكى ئىسكەندەر خوجا قاتارلىقكىشىلەر بىلەن 1927– يىلى « ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » نامىدا بىر مەرىپەت جەمىيىتى قۇرۇپ، ئىئانە توپلاپ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ دېگەنكىشىنىڭ قوروسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يېڭىشەھەر ئاقسارايدا « ھۆرىيەت مەكتىپى »، كونا شەھەر جەنۇبىي قوۋۇقتا يەنەبىر مەكتەپ ئاچىدۇ.



بۇ دەۋىردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇن، ئۆتكۈر ئىسيانكارلىق سادالىرى ھەتتا ئەينى دەۋىردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئەندىشىگە سالىدۇ . ھۆكۈمەت ئۇنى شېئىر يېزىشتىن، خەلقنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتىن چەكلەيدۇ.

ئۆز غايىسى يولىدا تېز پۇكمەس روھقا ئىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932 – يىلى 11- ئايدا « ئويغان » ، « ئاچىل » دېگەن شېئىرلىرىنى ئاق رەختكە چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ . 1932- يىلى 12- ئاينىڭ بېشىدا تۇرپان ۋە قۇمۇلدا دېھقانلار زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ . قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغان شىڭ شىسەي 1933 – يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە قايتىشدا تۇرپانغا كەلگەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە سەبدىشىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى دەپ قاراپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ . جاللات شىڭشىسەي 1933 – يىلى 3 – ئاينىڭ 13 – كۈنى ئۇنى سەبداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرپان شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر قازىخانا

مەسچىتىنىڭ ئالدىدا قەتلى قىلىدۇ . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بوينىغا قىلىچ تەگلەنگەندىمۇ دۇشمەنگە باش ئەگمەي، باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەيدۇ . بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا « ياشىسۇن ئەركىنلىك! » ، « ياشىسۇن ئازادلىق! » دەپ ياڭراق شۇئار توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ.

II

**سۆھبەت**

ئا: ئالىيە، دەرس توختاتتىڭلارمۇ؟

ئە: ھەئە، توختاتتۇق.

ئا: نەچچىنچى چىسلادا توختاتتىڭلار؟

ئە: 12- چىسلادا، سىلەرچۇ؟

ئا: ئۆتكەن ھەپتىنىڭ 6- كۈنى. سىلەر ماتىماتىكىدىن قاچان ئىمتىھان بېرىسىلەر؟

ئە: ئەتە.

ئا: نەچچىنچى چىسلار (دا) ماتىماتىكىدىن ئىمتىھان بېرىسىلەر؟

ئە: 27- چىسلا (دا).

ئا: باشقا دەرسلەردىن ئىمتىھان بېرەمسىلەر؟

ئە: يەنە « ئەدەبىيات » تىن ئىمتىھان بېرىمىز. سىلەر نېمە دەرسلەردىن ئىمتىھان بېرىسىلەر؟

ئا: بىز تارىختىن، ئىنگلىزچىدىن ئىمتىھان بېرىمىز. قاچان تەتىل قىلىسىلەر؟

ئە: 2- ئاينىڭ 10- كۈنى. سىلەرچۇ؟

ئا: بىز 2- ئاينىڭ 11- كۈنى تەتىل قىلىمىز.

**يېڭى سۆز- ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Tarih | چىسلا |
| Cumartesi | شەنبە |
| Pazar | يەكشەنبە |
| Devrimci | ئىنقىلاپچى |
| Kalp | يۈرەك |
| yetenekli | تالانتلىق |
| Tüccar | سودىگەر |
| Göre | نىسبەتەن |
| Okur yazarlık | ساۋات |
| Mescit | مەچىت |

| | |
|---|---|
| Yazı | يېزىق |
| Eğitim al- | تەھسىل قىل - |
| Aydınlatma, Uyandırış | ئويغىتىش |
| Matbaa | باسما |
| Teşebbüs et – | تەشەببۇس قىل - |
| İrticai | ئەكسىيەتچى |
| Militarst | مىلىتارىست |
| İzin verme - | يول قويما - |
| Birlik,Cemiyet | ئۇيۇشما |
| Tahsil | مەرىپەت |
| Güney | جەنۇب |
| Büyük kapı | قوۋۇق |
| Yaratıcılık | ئىجادىيەت |
| İçerik | مەزمۇن |
| Keskin | ئۆتكۈر |
| İnkılapçı | ئىسيانكارلىق |
| Despot | مۇستەبىت |
| Yönetim | ھاكىمىيەت |
| Kaygılandır- | ئەندىشىگە سال - |
| Yasakla- | چەكلە- |
| Hedef, Gaye | غايە |
| Uyan | ئويغان |
| Sokak | كوچا |
| Yapıştır – | چاپلا - |
| İsyan et – | قوزغىلاڭ كۆتۈر- |
| Basır – | باستۇر- |
| Ekip arkadaş | سەبداش |
| Propagandacı | تەرغىباتچى |
| Cellat | جاللات |
| Öldür – | قەتلى قىل - |
| Boyun eğ - | باش ئەگ - |
| Kahramanlarca | باتۇرلاچە |
| Nutuk | نۇتۇق |
| Özgürlük | ئەركىنلىك |
| Yaşa – | ياشا - |

| | |
|---|---|
| ئازادلىق | Kurtuluş |
| شوئار | Slogan |
| قۇربان بول- | Feda et - |

## گرامماتىكا

### 1- يىل، ئاي، كۈننى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

ئۇيغۇرتىلدا يىل، ئاي، كۈننى ئىپادىلەش ئۇسۇلى تۈركچىدىن پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

2009- يىل 12- ئاينىڭ 28- كۈنى ياكى 2009- يىلى 28- دېكابىر

2008-يىل (ئىككى مىڭ سەككىزىنچى يىل)

12- ئاي (ئون ئىككىنچى ئاي)

12-ئاينىڭ 28- كۈنى (ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى)

2009- يىلى

7- ئايدا

5-كۈنى (چىسلا، چىسلادا، چىسلا كۈنى)

2009- يىلى 7- ئايدا

ئەركىنلەر 4- چىسلادا \4- چىسلا كۈنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.



**ئىزاھات: ئۇيغۇرتىلىدىكى ئايلارنىڭ ئىسملىرى**

| | |
|---|---|
| يانۋار | ئىيۇل |
| فېۋرال | ئاۋغۇست |
| مارت | سېنتەبىر |
| ئاپرېل | ئۆكتەبىر |
| ماي | نويابىر |
| ئىيۇن | دېكابىر |

### 2- « ھەپتە» نى ئىپادىلەش شەكلى

**1) ھەپتىنىڭ مەخسۇس ئىسملىرى**

| | | |
|---|---|---|
| دۈشەنبە | چارشەنبە | جۈمە |
| سەيشەنبە | پەيشەنبە | شەنبە |
| | | يەكشەنبە |

**2) ھەپتىنىڭ X - كۈنى، مەسىلەن:**

ھەپتىنىڭ 6- كۈنى \ شەنبە كۈنى

ھەپتىنىڭ 1- كۈنى \ دۈشەنبە كۈنى

① سابىر پەيشەنبە كۈنى * ھەپتىنىڭ 4- كۈنى ئىمتىھان بېرىدۇ.

**3- « كۈن » ۋە « ھەپتە »نىڭ سوراق شەكلى، مەسلەن:**

① - بۈگۈن ئايغا \ چىسلاغا قانچە؟

- بۈگۈن ئايغا/ چىسلاغا بەش.

- ئەتە 12- ئايغا قانچە بولىدۇ؟

- ئەتە 12- ئايغا 29 بولىدۇ.

② بىر ئاي ئىچىدىكى كۈننى ئىپادىلەش ئۈچۈن « نەچچىنچى چىسلا» ياكى « ئاينىڭ نەچچىنچى كۈنى» ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن

- بۈگۈن نەچچىنچى چىسلا / بۈگۈن ئاينىڭ نەچچىنچى كۈنى؟

- بۈگۈن 28- چىسلا / بۈگۈن ئاينىڭ 28- كۈنى.

- ئەتە 12- ئاينىڭ نەچچىنچى كۈنى بولىدۇ؟

- ئەتە 12- ئاينىڭ 26- كۈنى بولىدۇ.



③ « ھەپتىنى » ئىپادىلىگەندە « كۈنگە نىمە / ھەپتىگە نەچچە / ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى » ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن

- بۈگۈن ھەپتىگە نەچچە / بۈگۈن كۈنگە نىمە؟

- بۈگۈن ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى؟

- بۈگۈن ھەپتىگە بىر./ بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە. / بۈگۈن ھەپتىنىڭ 1- كۈنى.

- ئەتە ھەپتىگە نەچچە؟ / ئەتە كۈنگە نىمە؟ / ئەتە ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى؟

- ئەتە ھەپتىگە ئىككى./ ئەتە كۈنگە سەيشەنبە./ ئەتە ھەپتىنىڭ 2- كۈنى

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**

- «buz dolap» نى ئۇيغۇرچە نىمە دەيدۇ؟
- «buz dolap» نى ئۇيغۇرچە « توڭلاتقۇ» دەيدۇ.

بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما ، بىلمىگەننى بىلمەن دەپ كايىما

(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① بۈگۈن، چىسلا، بەش.

② بىز، 8-، ئاي، 10-، كۈن، ئۈرۈمچى، بار-

③ 12-، چىسلا، بىز، لېكسىيە، زال، چوڭ، ئاڭلا-

④ مەمتىلى ئەپەندى، ئاتۇش، بۇيامەت كەنتى، 1091-، يىل، دۇنيا، كەل-

⑤ زۇنۇن قادىر، 1989- يىل، 9- ئاي، 24- كۈن، كېسەل، سەۋەبى، بىلەن، 77 ياش، ۋاپات، بول-

⑥ ئۇيغۇر، ئەدىپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، 1966- يىل، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، باشلانغان، قەدەر، تۆت، يىل، جەريانى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى، كۈتۈپخانا، نازارەت، ئاستى، ئىشلە-

⑦ ئەدەبىياتشۇناس، ئالىم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، 1995- يىل، 10- ئاي، كېسەل، سەۋەب، بىلەن، بىز، بىلەن مەڭگۈلۈك، خوشلاش-

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Kaşgarlı Mahmut 1008 yılında kaşgar'dan 45 km güney batıda Opal köyünde dünyaya geldi.

2) Pazartesi günü işe gitmeyeceğim.

3) Ali Şir Nevai zengin bir Uygur ailede dünyaya gelmiştir.

4) Doğu Türkistan Cumhuriyeti 12 kasım 1944'te kuruldu.

5) Uygur halkı yakın tarihte, yani 1933 ve 1944 yıllarında, kendi bağımsız devletletini kurmuştur.

6) Yağmur bereket getirir.

7) Biri yer bini bakar, kıyamet ondan kopar.

8) Büyük annem gözlükle daha iyi görür.

9) Anne babalar her zaman çocuklarını düşünür.

10) Ben onu durakta beklemedim.

## ئون سەككىزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| هەر كۈنى ئەتىگەندە | بەدەن چېنىقتۇرۇش<br>ئىنگلىزچە ئۆگىنىش | ئۇنىڭ ئادىتى. |
| ئا: سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز نېمە؟ | | |
| ئە: مېنىڭ ۋەزىپەم | دەرسلىك تۈزۈش<br>دەرس بېرىش | |
| ئا: بۇنى يەنە | كۆرۈشنىڭ<br>تەھلىل قىلىشنىڭ<br>چۈشەندۈرۈشنىڭ | ھاجىتى بارمۇ؟ |
| ئە: ياق، يەنە | كۆرۈشنىڭ<br>تەھلىل قىلىشنىڭ<br>چۈشەندۈرۈشنىڭ | ھاجىتى يوق. |
| ئا: سىلەر | ۋاسكېتبول ئويناشنى<br>پەي توپ ئويناشنى<br>سۇ ئۈزۈشنى | بىلەمسىلەر؟ |
| ئە: ئازاراق بىلىمىز. | | |
| ئا: سىز | ساياھەت قىلىشنى<br>مۇزىكا ئاڭلاشنى<br>كىتاب ئوقۇشنى | ياخشى كۆرەمسىز؟ |
| ئە: ياخشى كۆرىمەن. | | |

| | | |
|---|---|---|
| ئا: بۇ يەكشەنبە كۈنى | سۇ ئۈزۈشكە<br>توپ ئويناشقا | بارايلىمۇ؟ |

ئە: بارايلى.

ئا: ئىنگلىزچە ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقلار بارمۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: | ئوقۇشتا<br>يېزىشتا<br>ئىنگلىزچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا | قىيىنچىلىقىمىز يوق، لېكىن |
| | ئاڭلاشتا<br>سۆزلەشتە<br>ئۇيغۇرچىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىشتا | ئازاراق قىيىنچىلىقىمىز بار. |



II

| | | |
|---|---|---|
| ئا: بۇ كىتابنى | بۈگۈن قايتۇرۇش<br>مۇشۇ ئۆيدە كۆرۈش<br>بۈگۈن ئېلىش | كېرەك \ لازىممۇ؟ |
| ئە: ھەئە بۇ كىتابنى | بۈگۈن قايتۇرۇش<br>مۇشۇ ئۆيدە كۆرۈش<br>بۈگۈن ئېلىش | كېرەك \ لازىم. |

بۇ ماقالە ناھايىتى مۇھىم، ئۇنى ياخشى

| | |
|---|---|
| ئۆگىنىش<br>مۇزاكىرە قىلىش | كېرەك \ لازىم. |

| | | |
|---|---|---|
| تىل ئۆگىنىشتە كۆپ | سۆزلەش<br>ئاڭلاش<br>ئوقۇش<br>يېزىش<br>تەرجىمە قىلىش | كېرەك \ لازىم. |

III

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | ئۇيغۇرچىنى كۆپ | سۆزلىشىم<br>سۆزلىشىڭ<br>سۆزلىشىڭىز<br>سۆزلىشى | كېرەك \ لازىم. |
| ئا: | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | يەنە | كېلىشىمىز<br>كېلىشىڭلار<br>كېلىشى | كېرەك / لازىممۇ؟ |
| ئە: | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | يەنە | كېلىشىمىز<br>كېلىشىڭلار<br>كېلىشى | كېرەك / لازىم. |



IV

دەرس ۋاقتىدا پاراڭلاشماسلىق كېرەك/ لازىم.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرماسلىق كېرەك/ لازىم.

V

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىز<br>سىلەر | ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقتىن | قورقماسلىقىمىز<br>قورقماسلىقىڭلار | كېرەك \ لازىم. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | ئۇتۇقلار ئالدىدا | مەغرۇرلانماسلىقىمىز<br>مەغرۇرلانماسلىقىڭلار<br>مەغرۇرلانماسلىقى | كېرەك \ لازىم. |
| بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | قىيىنچىلىق ئالدىدا | مەيۇسلەنمەسلىكىمىز<br>مەيۇسلەنمەسلىكىڭلار<br>مەيۇسلەنمەسلىكى | كېرەك \ لازىم. |

## تېكىست

### ساۋاقداشلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆھبەت

م: ئەمەت، يېقىندىن بۇيان ساۋاقداشلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ئە: ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى، ساۋاقداشلار ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشىدۇ. كەسپىي دەرسلەرنى ۋە چەتئەل تىلىنى تەكرارلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەيدۇ. تەرتىپ - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ.

م: ئۆگىنىشتە كىملەر ياخشى؟

ئە: كەسپىي دەرسلەردە ئەسقەر، باھار ۋە خەلچەملەر ياخشى، چەتئەل تىلىدا تۇرنىسا، ئەلشىر ۋە مۇتەللىپلەر ياخشى. بولۇپمۇ ئەلشىر سۆزلەشتە، يېزىشتا ۋە ئوقۇشتا ھەممىدىن ياخشى.

م: ئەلشىر باشقا جەھەتلەردە قانداق؟

ئە: ئۇ دائىم ساۋاقداشلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە دائىم باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ. تۇرمۇشتىمۇ ناھايىتى ئاددىي - ساددا. ئىش قىلىپ، ئۇ ھەممە ئىشتا ئاكتىپ، لېكىن ئۇ بىر ئازمۇ مەغرۇرلانمايدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

م: ئابدۇللاھ قانداق؟

ئە: ئۇمۇ ياخشى. لېكىن تۇرمۇشتا بىر ئاز چېچىلاڭغۇراق.

م: ئابدۇرېشىتچۇ؟

ئە: باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئانچە قوبۇل قىلمايدۇ.ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. لېكىن ھازىر بۇرۇنقىدىن بىرئاز ياخشى. كېيىن بىز ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

م: سۆزىڭىز ناھايىتى توغرا. بىز كەمچىلىكى بار ساۋاقداشلارنى كەمسىتمەسلىكىمىز

كېرەك. ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىشكە قىزغىن ياردەم بېرىشىمى لازىم.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Anlat- | چۈشەندۈر- |
| badminton topu | پەي توپ |
| Zorluk | قىيىنچىلىق |
| Derslik kitap | دەرسلىك |
| Düzelt- | تۈز- |
| İhtiyac | ھاجەت |
| Sev- | ياخشى كۆر- |
| Bu | مۇشۇ |
| Konuş- | پاراڭلاش - |
| Bırak- | قالدۇر- |
| Başarı | ئۇتۇق |
| Böbürlen- | مەغرۇرلان - |
| Kaygılan- | مەيۇسلەن - |
| Genellikle | ئومۇمەن ئېيتقاندا |
| Çalış- | تىرىش - |
| Zamanında | ۋاقتىدا |
| Kural | تەرتىپ – ئىنتىزام |
| Uy - | رىئايە قىل - |
| Özellikle | بولۇپمۇ |
| Bütün | ھەممە |
| Bakımdan | جەھەتتە |
| Yönlendirme | باشلامچىلىق |
| Rol, fonkisyon | رول |
| Sade ve basit | ئاددىي – ساددا |



**گىراماتىكا**

**1-«-ش» لىق ئىسمداش**

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ئىسىمداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

«-ش»لىق ئىسمداش تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

① پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « -ش، ىش، -ۇش، -ۈش » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىسمىنىڭ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىمغا ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئوقوشۇڭ قاچان تۈگەيدۇ؟

سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدۇق.

بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ.

بىزنىڭ غايىمىز خەلققە بەخت يارىتىش.

ئۇ رەسىم سىزىشقا ماھىر.

« -ش، ىش، -ۇش، -ۈش »نىڭ بولۇشىز شەكلى بولسا پېئىل يىلتىزى ۋە ئۆزىكىگە « - ماسلىق، - مەسلىك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بىل + مەسلىك ← بىلمەسلىك

بار + ماسلىق ← بارماسلىق

② پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - ماق، - مەك » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئىسىمداش مەنە جەھەتتىن «ش» لىق ئىسىمداشقا ئوخشايدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا بۇ خىل مەنىدە كۆپ قوللىنىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ماقال – تەمسىللەردە، شېئىرلاردا ۋە تۇراقلىق قۇرۇلمىلاردا «ش» لىق ئىسىمداش بىلەن ئوخشاش مەنە ۋە ئوخشاش رولدا كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن:

بارماقنىڭ كەلمىكى بار.

③ يەنە بەزى ئىسىمداشلارغا «غان» لىق سۈپەتداشلارغا « - لىق، - لىك » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ ھەم جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

قۇتلۇقنىڭ كېلىدىغانلىقى ئېنىق.

سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى قەلبىنۇردىن ئاڭلىدىم.

قاھارنىڭ كېلىش – كەلمەسلىكىنى بىلمەيمەن.

**2- «...ش كېرەك \ لازىم » شەكلى**

مەسىلەن:

① تەرتىپ – ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش كېرەك \ لازىم.

② ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرۇش كېرەك \ لازىم.

③ بۇ خەتنى ئۇنىڭ ئۆزى يېزىشى كېرەك \ لازىم.

**3- « ....شى كېرەك \ لازىم » شەكلى**

① بىز مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك \ لازىم.

② سىز ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرۇشىڭىز كېرەك\ لازىم.

③ بۇ خەتنى مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بېرىشىم كېرەك \ لازىم.

**4- « .....ماسلىق كېرەك \ لازىم » شەكلى**

① مەغرۇرلانماسلىق كېرەك\ لازىم.

② باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى باشقىلارغا دېمەسلىك كېرەك \ لازىم.

**5-« .....ماسلىقى كېرەك \ لازىم » شەكلى**

① بىز مەغرۇرلانماسلىقىمىز كېرە ك\ لازىم.

② بىز ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى دېمەسلىكىمىز كېرەك \ لازىم.

**دائىم ئىشلىتىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**



| |
|---|
| ھازىر بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرىمەن. |
| ھازىر تاپشۇرۇقلاردىكى خاتالىقلارنى تۈزىتەيلى ھەم تەھلىل قىلايلى. |

كۆپ سۆزلىگەن تۇتۇلار، ئاز سۆزلىگەن قۇتۇلار.    (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارغا ئىسمداش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تۇراقلاشتۇر – | تەلپۈن - | جېكىلە - |
| تۇرغۇز - | گىرەلەشتۈر - | تەگ - |
| كۆم - | چۆچۈ - | پەخىرلەن - |
| ئورۇنلا - | پاناھلان - | ئۆزگەر - |

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① قۇشنىڭ تۇخۇم بېسىش ۋاقتى كەلدىمۇ، ئەركىكى دەررۇ قۇيرۇقىغا رەڭمۇرەڭ چاپان كىيىدۇ.

② سەن تېخى يەنىلا بالا. ئۇن نەچچە ئادەم بىلەن 500 كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا چېقىلىش – تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان بىلەن باراۋەر.

③ بۇ قىزنىڭ كۆلكىسى بىلەن خۇيى بەزى كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن.

④ بۇ ئىت خىرقىراۋاتىدۇ، يۈگۈرۈپ كېلىپ چىشلەيدىغاندەك تۇرقى بار.

⑤ سەن ياكى بېرىشقا تۇر، ياكى قېلىشقا تۇر.

⑥ تېلېۋىزوردا نارىسىدە قىزلارنىڭ ئىپپىتىگە تەگكەن ئەھۋال توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرىمىز.

⑦ ئەپەندىم روزىنىڭ ھېسابىدىن ئاداشماسلىق ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئىپتاردىن كېيىن خالتىغا بىر تاش سېلىپ قويىدىكەن.

⑧ بىزنىڭ كونا قائىدىمىز بويىچە، باشلىقنىڭ سۆزىگە ھەممە ئادەم ئىتائەت قىلىش لازىم.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ailesinden uzakta yaşamak onu çok üzüyor.
2) Klasik Uygur müziği dinlemekten çok hoşlanırım.
3) Baba çocuklarına en iyi şekilde bakmaya çalışıyor.
4) Çarpma ve bölme birbirinin tersidir.
5) Güzellik, gözler arkasındaki bakışlarda gizlidir.
6) Gülüşünüzün altında nasıl bir anlam var, acaba?
7) Annesine mektup yazması gerek/lazım.
8) Geleceğimizi düşünmemiz lazım/gerek.
9) Tatilden dönmem lazım/gerek.
10) İçki içmek, insan sağlığı için çok zararlıdır.

4- تۆۋەندىكى پارچىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

بىز ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا قارىتا تەقدىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ توغرا ۋە ياخشى ئىدىيلىرى ھەم ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاڭلىق تۈردە مۇستەھكەملەش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. بىز تەقدىرلەش ئارقىلىق تەقدىرلەنگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى پىسخىكا جەھەتتىن قانائەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ھەم ئالغا ئىنتىلىش روھىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. تەقدىرلەش ئۇسۇلى بەزىدە شەخسكە قارىتىلسا، يەنە بەزىدە كوللېكتىپقا قارىتىلىشى مۇمكىن.

# ئون توققۇزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىلەر | سۇ ئۈزەلەمسىلەر<br>ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەمسىلەر<br>ۋاسكېتبول ئوينىيالامسىلەر<br>ماشىنا ھەيدىيەلەمسىلەر | ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئە: مەن | سۇ ئۈزەلمەيمەن<br>ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيمەن<br>ۋاسكېتبول ئوينىيالايمەن<br>ماشىنا ھەيدىيەلمەيمەن | . ئۇلار | سۇ ئۈزەلەيدۇ<br>ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدۇ<br>ۋاسكېتبول ئوينىيالايدۇ<br>ماشىنا ھەيدىيەلمەيدۇ | . |



| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىلەر تۈنۈگۈن | ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزەلىدىڭلارمۇ<br>ھېلىقى كىتابنى ئالالىدىڭلارمۇ | ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئە: | ئۆتكۈزەلمىدۇق<br>ئالالمىدۇق | ، بۈگۈن | ئۆتكۈزىمىز<br>ئالىمىز | . |

II

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: ئەتە | (سىلەر) ھەممىڭلار<br>(ئۇلارنىڭ \ ئۇلار) ھەممىسى | سانائەت كۆرگەزمىسىگە | بارامسىلەر<br>بارامدۇ | ؟ |
| ئە: ھەئە، ئەتە | (بىز) ھەممىمىز<br>(ئۇلارنىڭ \ ئۇلار) ھەممىسى | سانائەت كۆرگەزمىسىگە | بارىمىز<br>بارىدۇ | . |

| | | |
|---|---|---|
| ئا: | (سىلەرنىڭ\ سىلەر ) ھەممىڭلاردا<br>(ئۇلارنىڭ\ ئۇلار) ھەممىسىدە | ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت بارمۇ ؟ |

ئا: | ( بۇ كىتابلارنىڭ \ بۇ كىتابلار )<br>( بۇ دەپتەرلەرنىڭ \ دەپتەرلەر )<br>( بۇ لۇغەتلەرنىڭ \ بۇ لۇغەتلەر ) | ھەممىسى سىلەرنىڭمۇ؟
---|---|---

ئە: ھەئە، ھەممىسى بىزنىڭ.

| ئا: | ( سىلەر ھەممىڭلار)<br>( ئۇلارنىڭ \ ئۇلار )<br>(يېڭى ساۋاقداشلارنىڭ \ يېڭى ساۋاقداشلار ) ھەممىسى | ئۇيغۇرچە | سۆزلىيەلەمسىلەر<br>سۆزلىيەلەمدۇ<br>سۆزلىيەلەمدۇ | ؟ |
|---|---|---|---|---|

| ئە: ئاز - پاز | سۆزلىيەلەيمىز.<br>سۆزلىيەلەيدۇ.<br>سۆزلىيەلەيدۇ. |
|---|---|



## تېكست

I

### پايتەخت- ئۈرۈمچى ھەققىدە

ئۈرۈمچى - بىر مەركىزى شەھەر، يازدا بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، قىشتا قار ياغغان كۈنى ئاپپاق قارلىرى بىلەن چىرايلىق، بىراق ئەتىسىلا ئاپپاق قارلار ئىس-تۈتەك سەۋەبىدىن قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا چوڭ بازار، دۆڭكۆۋرۈك، سەنشىخاڭزا، يەنئەن يولى ئەتراپىدىكى كونسۇل كوچىسى، چوڭ مەسچىت (ياڭخاڭ مەسچىت، نوغاي مەسچىتى، بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئالدى قاتارلىق جايلار ھەقىقەتەنمۇ ئادەمگە بىر خىل روھى ئۇزۇق بولىدىغان، باشقا شەھەرلەردە كۆرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان، نازۇ- نېمەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇسلۇبى بىرلەشكەن، قانداق بىر خىل تاماقنى يەيمەن دېسىڭىز يېيەلەيدىغان، كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتسا شۇ خىل يېمەكلىكلەرنى تاپقىلى بولىدىغان ئاجايىپ بىر دۇنيا، بۇ جايدا ھازىرقى زاماندا مودا كىيىنگەنلەرنىمۇ، ئەنئەنىۋى كىيىم كەيگەنلەرنىمۇ ئۇشقىلىپ ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇچرىتالايسىز، بىرەرسى بىلەن ئۇچراشماقچى بولسىڭىزمۇ مۇشۇ يەردىن تاپالايسىز ۋە ئۇچرىتالايسىز، ھالال مېھنىتى ۋە ئاددى ساددا، قىزغىنلىقى

بىلەن سودا قىلىنىۋاتقانلار، بىر كويغا ئۈچ، بەش كويغا ئۈچ دەپ توۋلاپ تۇرۇپ سودا قىلىنىۋاتقانلارنى پەقەت مۇشۇ جايدىلا كۆرۈشىڭىز مۇمكىن.

بۇ -ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كىچىك جەمئىيىتى، يۇقىرى تەرەققىيات رايونىدا ياشايدىغان، بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىغان 10 ياشتىن تۆۋەن باشقىلار كېلىپ قالسا، بۇلار چەتئەللىكمۇ دەپ سورايدىغان بىر ئاجايىپ ماكان. مەن ئۈرۈمچىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۈرۈمچىنىڭ مۇشۇ جايلىرىنى ياخشى كۆرىمەن، قاچانلا قارىسا مەيلى قىلىن قار ياغقان كۈنلىرى بولسۇن، ياكى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بولسۇن، مۇشۇ جايلارنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، مۇشۇ جايلاردىكى بىر كويلۇق ماتاڭ، ياكى پايپاقلارنى سېتىپ ھالال پۇل تېپىۋاتقانلارنى كۆرگەن ۋاقتىمدا دىلىمدا ئاجايىپ بىر قايىللىق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىمەن، مىللىتىمگە بولغان مېھرى-مۇھەببەت، قايىللىق ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ئۈرۈمچى چوڭ شەھەر، بىر دوست بىلەن يەنە بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىشتا ماشىنىغا چىقماي ياكى تاكسىغا چىقماي ئامال يوق، ئارىلىق ئۇزۇن، ماشىنىلار جىق، قاتناش قىستاڭچىلىقى دائىملىق ئىش، قاتناش قىستاڭچىلىقى ۋەياكى قار ياغقان كۈنلىرى ماشىنا ماڭالماي، ئۆز ئارا سوقۇلۇپ كېتىش سەۋەبلىك، خىزمەتكە كېچىكىش ئەھۋاللىرى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.

155

ئۈرۈمچى-بىر بىلىم يۇرتى، ئۈرۈمچى-بىر مودا شەھەر، ئۈرۈمچى- قىشتا سوغۇق، قىشتىكى ھاۋاسى مەينەترەك شەھەر، لېكىن، ھەممە يەردە پار بولغاچقا، سىزگە ئۇنچە سوغۇق بىلىنمەيدۇ، ئۈرۈمچى- بىر ئۆزىنى تاپىدىغان شەھەر، بىلىملىك كىشىلەر ھەم جەملەشكەن جاي، پاكىز ،زاھىت، تەقۋادار ،ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ھەم توپلاشقان شەھەر. قىسقىسى، مەن ئۈرۈمچىنى ياخشى كۆرىمەن.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Çok | بەكمۇ |
| Bembayaz | ئاپپاق |
| Sis, duman | ئىس-تۈتەك |
| Neden,sebep | سەۋەب |
| Değiştir – | ئۆزگەر- |
| Uluslar arası | خەلقئارا |
| Yer adı | دۆڭكۆرۈك |
| Gıda | ئوزۇق |
| Nimet | نازۇ – نېمەت |
| Şimdiki | ھازىرقى |

| | |
|---|---|
| Geleneksel | ئەنئەنىۋى |
| Coşku | قىزغىنلىق |
| Ticaret yap- | سودا قىل- |
| Gelişme | تەرەققىيات |
| Aşağı | تۆۋەن |
| Yabancı | چەتئەللىك |
| Çorap | پايپاق |
| Kalabalık | قىستاڭچىلىق |
| Çarp - | سوقۇل - |
| Çirkin | مەينەت |
| Gaz, buhar | پار |
| Dindar, takvalı | تەقۋادار |

## گراماتىكا

### 1- پېئىلنىڭ ئىمكان تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى

ئىمكان تۈس ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر.

بۇ خىل تۈس شەكلى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە « - لا، -لە » ياكى « - يالا، - يەلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە « - الا، - ەلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەم شەخس- سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

كەل + ەلە ← كېلەلە -
كۆر + ەلە ← كۆرەلە -
بار + الا ← بارالا -
ياز + الا ← يازالا -

سۆزلە + يەلە ← سۆزلىيەلە -
ئوقۇ + يالا ← ئوقۇيالا -
باشلا + يالا ← باشلىيالا -
ئوينا + يالا ← ئوينىيالا -

پېئىلنىڭ ئىمكان تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىگە « - ما، - مە » قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق بولۇشسىز شەكلى ھاسىل بولىدۇ.

كەل + ەلە +مە ← كېلەلمە -
كۆر + ەل +مە ← كۆرەلمە -
بار + ا +ما ← بارالما -
ياز + ا +ما ← يازال -

سۆزلە + يەل +مە ← سۆزلىيەلمە -
ئوقۇ + يال +ما ← ئوقۇيالما -
باشلا + يال +ما ← باشلىيالما -
ئوينا + يال + ← ئوينىيالما -

2- بەلگىلەش ئالماش «ھەممە» نىڭ ئىشلىتىلىشى

بەلگىلەش ئالماش شەيئىلەرنى جەملەشتۈرۈش ياكى ئۆز ئارا ئاجرىتىش ئارقىلىق ئىپنقلاپ كۆرسىتىدىغان ئالماشتۇر. «ھەممە» بولسا «بارلىق، پۈتكۈل، پۈتۈن، بارچە» ئالماشلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ھەممە» نىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

① ئىسىمنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

بۈگۈنكى ئاتا - ئانىلار سۆھبەت يىغىنىغا ھەممىمىزنىڭ ئاتا -ئانىلىرى ئىشتىراك قىلدى.

بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى بىر.

بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئالامسىلەر؟

ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇنداق لۇغەت بار.



② بەزىدە ئىسىمنى بىلدۈرگەندە ئىپنقلىغۇچى رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ھەممە ئادەم ئورۇندىن تۇردى.

ئۇ ھەممە ساۋاقداشلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئادىلە ھەممە جەھەتتە ياخشى.

جايى يوقنىڭ جېنى يوق. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى تۇس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىگە ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ساقلا- | قوللا - | تاپشۇر - |
| قاتناش - | تاپ - | يۈگۈر - |
| كۆچۈر- | ئۆتكۈز - | سات - |
| ئوقۇت - | يۇر - | باق - |

2- تۆۋەندىكى پېئىللارنى تۇس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئەيىبلە - | تۆلە - | ھەيدە - |
| تۈز - | ئاگاھلاندۇر- | جەملە- |
| دە - | ئۆس - | توپلا - |
| بەر - | سوز - | چىشلە - |

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① ھېچكىم جەمئىيەتتە ئارىلاشماي، يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ.

② ئابلىز ئىنتايىن مۇلايىم كىشى بولۇپ، ھېچكىمگە ئاچچىقلىيالمايدۇ.

③ ماڭا بېرىلگەن ۋەزىپىنى بۈگۈن تەلتۆكۈس تۈگىتەلەيمەن.

④ بېشىمىزغا كەلگەن دەرت - ئەلەملەر سەۋەبىدىن، قۇربان ھېيتنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىدۇق.

⑤ ھازىر جەمئىيىتىمىز شۇنداق قالايمىقانكى، تالا - تۈزگىمۇ يۈرەكلىك ھالدا چىقالمايمىز.

⑥ قېيۇم قەلبىنۇرنىڭ مۇھاببىتىدىن جۇدا بولۇپ، بىر كۈنمۇ ھايات يۈرەلمەيدۇ.

⑦ بىز ھەممىمىز ۋاسكېتبولنى ياخشى ئوينىيالايمىز.

⑧ ئالىي مەكتەپتە سېتىۋالغان كىتابلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلدىم.

⑨ بىزنى دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى ھەرگىزمۇ قورقۇتالمايدۇ.

⑩ سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئايشەمنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل.

4- تۆۋەندىكى تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Gülnar çalışkandır, bu sınavı geçebilir.
2) Bilgisayarı iyi kullanabilirim.
3) Bu akşam hava bulutlu, yağmur yağabilir.
4) Ödevlerinizi bitirebilmişsiniz.
5) Uygur Tükrçesini iyi konuşabiliyor musun?
6) Sen oraya kadar yüzemezsin!
7) Dün gece uyuyamadım.
8) Ofis'teki hepimiz Tursun'nun düğününe gidemedik.

## يىگىرمىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق

I

ئا: ھېلىقى
دېرىزىنى سۈرتكەن
تەمبۇر چالغان
ناخشا ئېيتقان
رەسىم سىزغان
بالا دولقۇنىنىڭ ئىنىسى.

ئە: ئۇمۇ مەكتىپىمىزدە ئوقۇمدۇ؟

ئا: ئۇ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. ئۇ رەسىم سىزىشقا ئامراق.

ئا: چۈشتىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىمىز؟

ئە: تۈنۈگۈن
دوكلات ئاڭلىمىغان
كۆرگەزمە كۆرمىگەن
كۇرسقا قاتناشمىغان
(ساۋاقداش) لار
دوكلات ئاڭلايدۇ
كۆرگەزمە كۆرىدۇ
كۇرسقا قاتنىشىدۇ
،
قالغان (ساۋاقداش) لار، ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىدۇ.



II

ئا: بۇ ئۆيىڭىزدىن كەلگەن خالتىمۇ؟

ئە: ياق، ئەمەس.

ئا: ئەمىسە كىمدىن كەلگەن خالتا؟

ئە: بۇ
پوچتىخانىدا ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشىمدىن
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان سىڭلىمدىن
چەتئەلدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاغامدىن
تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا پراكتىكا قىلىۋاتقان ئۇكامدىن
كەلگەن خالتا.

III

ئا: ۋاقىت ئاز قالدى، يەنە | سورايدىغان سوئالىڭلار / مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلە / ئالىدىغان كىتابىڭلار | بارمۇ؟

ئە: يەنە | سورايدىغان سوئالىمىز / مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلە / ئالىدىغان كىتابىمىز | يوق.

باتۇر | باشقىلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بولىدىغان / ئۆگىنىشكە ناھايىتى تىرىشىدىغان / قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان | بىر كىشى، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىمىز ئىنتايىن كۆپ.

IV

ئا: بۇ كۇنلۇك | كىمنىڭ / كىمنىڭكى | ؟

ئا: بۇ كۇنلۇك | مېنىڭ / مېنىڭكى | .

ئا: ئۇ كۇنلۇكچۇ؟

ئە: ئۇ كۇنلۇك | ئايۇپنىڭ / ئايۇپنىڭكى | .

ئا: قايسى كۇنلۇك ياخشىراق؟

ئە: | ئايۇپنىڭ / ئايۇپنىڭكى | ياخشىراق.

بىزنىڭ ياتاق | سىلەرنىڭكىدىن / قاسىملارنىڭكىدىن | چوڭراق.

مېنىڭ ئاكامنىڭ ماشىنىسى | سىلەرنىڭكىدىن / قاسىملارنىڭكىدىن | چوڭراق.

## تېكست

### ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرۇلۇق سۆھبەت

ئا: ساۋاقداش دىلبەر، سىزنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىڭىز ھەممىمىزنىڭكىدىن ياخشى. سىزنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىڭىز قانداق؟ بىزگە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

د: تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان نەرسە يوق. مەن ھەممىدىن ئاۋال مۇئەللىم ئىككىنچى كۈنى سۆزلەيدىغان دەرسلەرنى ئالدىن تەكرارلايمەن. دەرسنى تەكرارلىغان ۋاقىتتا ئۆزەم چۈشەنمىگەن ياكى ياخشى چۈشەنمىگەن جايلارغا بەلگە قويىمەن. مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا دەرسنى دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن، خاتىرە يازىمەن. بولۇپمۇ ئۆزەم بەلگە قويغان نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن. چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى مۇئەللىمدىن سورايمەن. مۇئەللىمنىڭ دەرس چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىغىمۇ ئالاھىدە زەن سالىمەن. دەرستىن كېيىن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمەن ۋە دەرسكە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرىمەن. ئىمتىھان ۋاقتىلىرىدا ئۆزەم مۇھىم نۇقتىلارنى خۇلاسىلاپ تەكرارلاشقا تىرىشىمەن. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆگىنىشتە ئىزچىللىققا ئەھمىيەت بېرىمەن. مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇنچىلىك.



ئا: سىز بىزگە قىممەتلىك ئۆگىنىش تەجرىبىڭىزنى تونۇشتۇردىڭىز. بۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن زور ياردەم بولدى. رەھمەت سىزگە.

### يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Pencere | دېرىزە |
| Sil- | سۈرت - |
| Süpür- | سۈپۈر - |
| Yabancı ülke | چەتئەل |
| Sor – | سورا - |
| Şemsiye | كۈنلۈك |
| Aynı | ئوخشاش |
| Metod | ئۇسۇل |
| Değ - | ئەرزى - |
| Tanıştır- | تونۇشتۇر - |
| İlk önce | ھەممىدىن ئاۋۋال |
| Belge, işaret | بەلگە |
| Not defteri | خاتىرە |

| | |
|---|---|
| تۈرلۈك | Çeşitli |
| شۇنچىلىك | Bu kadar |
| تەجرىبە | deneyim |

## گراماتىكا

### سۈپەتداش

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق سۈپەت ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرى سۈپەتداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

① پېئىل يىلتىزى، پېئىل ئۆزىكى ۋە پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرىگە « - غان، - قان، -گەن، - كەن » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كەت + كەن ← كەتكەن | تۈت + قان ← تۈتقان |
| تۈت + قان ← تۈتقان | بار + غان ← بارغان |
| كۆرمە + گەن ← كۆرمىگەن | ئىچمە + گەن ← ئىچمىگەن |
| يازما + غان ← يازمىغان | يىغلىما+ غان ← يىغلىمىغان |

پەردە ئېچىلىش بىلەن بېشىغا ئۈچلۈق كۈلا كىيگەن، گەدىنىگە ئۆچكە چۈپۈرلىرى چاپلانغان، پېشانىسىغا كوكۈلا چاچ قىستۇرۇپ، غەلتە كۆرۈنۈشلۈك قارا ساقال تاقىغان پېرىخۇن خەنجىرىنى شاراقلىتىپ سەھنىگە چىقتى.

ئاخشام ئەزىمەت يەنە كەمەرلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان كۈل رەڭ شىمىنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ هالى بامدات نامىزىغا ئولتۇرغان ئانىسىنى تەئەججۈپلەندۈردى.

قاسىم يازغان ئىلمىي ماقالىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

بۇ خىل سۈپەتداشلار « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش » قاتارلىق باغلامچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولغاندا، خەۋەر رايىنىڭ هەر خىل شەكىللىرىنى هاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى كۆرگەنىدىم.

بۇ كىتابنى ئۇنىڭدىن ئالغانىكەنمەن.

بۇ خىل سۈپەتداشلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ كەلدىم.

كۆرۈنگەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ.

بۇ خىل سۈپەتداشلار يەنە سۈپەتكە ئوخشاش ئىسىملىشىپ ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ھەم جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قانچە كۈن ماڭغىنىنى ئەسلىيەلمىدى.

كېچە - كۈندۈز ئىشلىگەنلىرىم بىكار كەتمەس؟

سۈپەتداشنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ ئىش - ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدىغان شەكلى بار. مەسىلەن:

ئۆتتۈۋات + قان ← ئۆتتۈۋاتقان يېزىۋات + قان ← يېزىۋاتقان

ئوقۇۋات + قان ← ئوقۇۋاتقان قوپۇۋات + قان ← قوپۇۋاتقان

ھەسەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىم؟

لېتىپ مۇئەللىم يېزىۋاتقان ماقالە مۇشۇ.

كەتمەنلىرىنىڭ سېپىغا تايىنىپ جىمىپ كەتكەن دېھقانلار بىر - بىرىگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلگىنىچە، چاڭ - توزان ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان يېشىل پىكاپقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

163

② پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - ار، - ەر، - ر» ، « - ماس، - مەس » قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل سۈپەتداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بار + ار ← بارار قورق + ماس ← قورقماس

كەت + ەر ← كېتەر ئېگىل + مەس ← ئېگىلمەس

بارار جايىم يوق.

بۇ ماشىنىدىكى كۆمۈر بەش توننا كېلەر.

يېڭىلمەس ئارمىيىمىز بار.

قورقماس باتۇرلارغا ھەر زامان ئېھتىياجىمىز بار.

③ پېئىل ئۆزىكىگە « - يدىغان، - ىدىغان » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ھەم جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ياز + ىدىغان ← يازىدىغان دە + يدىغان ← دەيدىغان

ئىشلە + يدىغان ← ئىشلەيدىغان بارما + يدىغان ← بارمايدىغان

ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بولدۇق.

ئوقۇيدىغان كىتابلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن.
بۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رومان.
بىزنىڭ سىنىپتا ئىنگلىزچە بىلىدىغان ساۋاقداشلار ئاز ئەمەس.

پوقۇا چالما ئاتساڭ، ئۆزەڭگە چاچرار. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى سۈپەتداشقا ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تەئەججۇپلەن - | چاچ - | ئالدىر - |
| قوزغا - | ئۆت - | سەز - |
| باغلا - | يە - | خالا - |
| سۆرەت - | ئاڭلا - | قۇتقۇز - |
| بىرلەشتۈر - | چۈشەنمە - | ئۆتكۈز - |

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① ماتېرىياللار ئاساسەن كونا، كېرەكسىز نەرسىلەر ساقلىنىدىغان ئامباردىن ئېلىندى.

② ماتور ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ رەسمىي سىنايدىغان ۋاقىتتا چاتاق چىقتى.

③ ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، ئويناشنىلا بىلىدىغان بالا ياخشى بالا ئەمەس.

④ئەنۋەر تولىمۇ تېز ۋە چاققانلىق بىلەن پىچاق كۆتۈرگەننىڭ چاترىقىغا قاتتىق بىرنى تەپتى.

⑤ ئەركىن ماشىنىسىنى يولدىن پەسكە ھەيدەپ چۈشۈپ، كۆيۈۋاتقان ماشىنىنىڭ ئۇدۇلىغا كەينىنى توغرىلاپ توختاتتى.

⑥ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان شالى خۇددى سۇ پۈركەش ماشىنىسىدىن چىقىۋاتقاندەك، يۈزلىرىمگە زەرب بىلەن چاچراشقا باشلىدى.

⑦ ئۇلار قىلالايدىغان ئىشنى بىزمۇ قىلالىشىمىز كېرەك.

⑧ بېچارە قاسىم بوۋاينىڭ بارار جايى يوق ئىدى.

⑨ تۈركىيىنىڭ يېگىملەس ئارمىيىسى بار.

⑩ ئۇرۇشتا ئەڭ ئاخىرقى غەلبە قورقماس تەرەپكىلا مەنسۇپ.

164

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Konuşan kişi komşumun oğludur.
2) Gelecek hafta seçimler yapılacak.
3) Adil ile bütün gece geçmiş günleri konuştuk.
4) Sınıfını geçen arkadaşlarım tatile gidecekler.
5) Onun elleri kırılsın istiyorum.
6) Öpülesi eller ile kırılası elleri iyi ayırmak lazım.
7) Çözülemez bir problemle karşı karşıyız.
8) Onun atar damarında bir problem var.
9) Öğretmen koşar adımlarla içeri girdi.
10) Okuduğum kitap hoşuma gitmedi.

## يىگىرمە بىرىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

جەمئىيىتىمىزدە ئىقتىدارلىق ياشلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

ئېكىسكۇرسىيىچىلەر ئۆسمۈرلەر سىزغان رەسىملەرنى كۆرمەكتە.

مۇئەللىم قىزغىن ھېسىياتتا دەرس سۆزلىمەكتە.

II

ئا: يەكشەنبە كۈنى نېمە قىلماقچىمىز؟

| ئە: يەكشەنبە كۈنى | |
|---|---|
| | تازىلىق قىلماقچىمەن |
| | بازارغا بارماقچىمەن |
| | تاپشۇرۇق ئىشلىمەكچىمەن |
| | كىنو كۆرمەكچىمەن |

III

| ئا: بۈگۈن ئاخشام | | |
|---|---|---|
| | تېلېۋىزور كۆرمەكچىمۇسىز | ؟ |
| | دەرس تەكرارلىماقچىمۇسىز | |

| ئە: ياق، مەن | | |
|---|---|---|
| | تېلېۋىزور كۆرمەكچى | ئەمەسمەن. |
| | دەرس تەكرارلىماقچى | |

ئا: ئەمىسە نېمە قىلماقچىسىز؟

ئە: مەن مۇز تېيىلىشقا بارماقچىمەن.

ئا: يالغۇز بارامسىز؟

ئە: ياق، قاسىم بىلەن بىرگە بارماقچىمىز.

IV

ئا: سىلەر قاچان توپ مۇسابىقىسىگە بارىسىلەر؟

ئە: (بىز)

| |
|---|
| ئىشتىن چۈشكەندىن |
| لېكسىيە تۈگىگەندىن |
| نۇرىلار قايتقاندىن |
| كىنو تارقىغاندىن |

كېيىن بارىمىز.

## تېكست

I

### ۋاپاسىزلىق

ئىككى بالا چۆلدە كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئېيىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بالىلارنىڭ بىرى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئىككىنچىسى ئۆلگەن بولۇپ شۇ يەردىلا يېتىۋاپتۇ. ئېيىق كېلىپ، يېتىۋالغان بالىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئۇنى بىر پەس پۇراپ كۆرۈپتۇ – دە، ئۇنىڭدىن تىنىق چىقمىغانلىقىنى سېزىپ، بۇ يەيدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك، دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئېيىق كۆزدىن غايىپ بولغاندىن كېيىن، قېچىپ كەتكەن بالا ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئېيىق قۇلىقىڭغا بىر نېمە دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. ئۇ نېمە دېدى» دەپ سوراپتۇ. ئاغىنىسى: « ئېيىق ماڭا دوستۇڭنى دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر، ئاغىنەڭ قورقۇنچاق ئىكەن، قورقۇنچاق كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ. ئېغىر كۈنلەردە ئەسقاتمايدۇ. سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق دوست بولۇپ قالغان بولغىيتتىڭ؟»دېدى، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھېلىقى قورقۇنچاق بالا خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپتۇ، شۇنداقلا ھەرگىز قورقۇنچاقلىق قىلماسلىققا، ئاغىنىسىدىن ئايرىلماسلىققا نىيەت باغلاپتۇ.

II

### دۇكانغا بېرىش توغرۇلۇق سۆھبەت

ئا: بىردەمدىن كېيىن دۇكانغا بارماقچىمەن. سىز بارامسىز؟

ئە: باراي، نېمە ئالماقچىسىز؟

ئا: سىياھ، لۆڭگە، سوپۇن ئالماقچىمەن. سىزچۇ؟

ئە: مەن يۇڭ ياغلىق، پايپاق، ماركا ئالماقچىمەن، يەنە خەت سالماقچىمەن، ھازىر ماڭامدۇق؟

ئا: ئابلىزمۇ بارماقچى. ئۇ ھازىر كېلىدۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن بىرگە بارايلى.

ئە: نەرسىلەرنى ئالغاندىن كېيىن ياتاققا قايتامسىلەر؟
ئا: ئابلىز بىلەن رەسىم كۆرگەزمىسىگە بارىمىز، سىزمۇ بارامسىز؟
ئە: كېيىن باراي.

## يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Çöl | چۆل |
| Ayı | ئېيىق |
| Kork- | قورق - |
| Yat- | يات - |
| Çevre, Etraf | ئەتراپ |
| Dolaş- | ئايلان - |
| Kokla- | پۇرا - |
| Soluk | تىنىق |
| Hisset-, Sez - | سەز- |
| Kayıp ol- | غايىپ بول - |
| Kaç- | قاچ - |
| Arkadaş | ئاغىنە |
| Dostluk | دوستلۇق |
| Ötlek | قورقۇنچاق |
| Ağır | ئېغىر |
| Faydalan- | ئەسقات - |
| Utan -, Mahcup ol - | خىجىل بول - |
| Niyet | نىيەت |
| Bağla- | باغلا - |
| Asla, katiyen | ھەرگىز |
| Hem de | شۇنداقلا |
| Dükkan | دۇكان |
| Mürekkep | سىياھ |
| Havlu | لۆڭگە |
| Sabun | سوپۇن |
| Eşarp | ياغلىق |
| Yün | يۇڭ |
| Çorap | پايپاق |
| Pul | ماركا |
| Koy -,Gönder- | سال - |
| Sonra | كېيىن |
| Tembel | ھورۇن |
| Aşağıla – | كۆزگە ئىلما - |

## گىراماتىكا

### 1- ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر رايى

ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئېشىۋاتقان ياكى ئاشمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر رايى، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل راي شەكلى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

پېئىل ئۆزىكىگە ھازىرقى زامان مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان شەخس – سان قوشۇمچىلىرى- « - ۋاتىمەن، -ۋتىمەن، - يۋاتىمەن، - ۇۋاتىمەن، - ۋاتىمىز، - ۋتىمىز،- ۇۋاتىمىز، - ۈۋاتىمىز؛ - ۋاتىسەن، -ۋتىسەن، - ۇۋاتىسەن- ۈۋاتىسىلەر؛ - ۋاتىدۇ، -يۋاتىدۇ، ۇۋاتىدۇ،-ۈۋاتىدۇ» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇۋاتىمەن، ئېلىۋاتىمىز، قوشۇۋاتىسەن، كۆرۈۋاتىسىلەر، يېزىۋاتىدۇ.....

بىز تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز.

دېھقانلار مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ساۋاقداشلار سىنىپتا دەرس ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇ قىز ماڭا تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ.

ئىزاھات ①: پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى يەنە « -ماق، - مەك » لىق ئىسىمداشلارغا ئۇرۇن كېلىش قوشۇمچىسى، ئاندىن سەخس – سان قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يازماق + تا + مەن ← يازماقتىمەن

ئوقۇماق + تا + مىز ← ئوقۇماقتىمىز

كۆرمەك + تە + سىلەر ← كۆرمەكتەسىلەر

سۆزلىمەك + تە ← سۆزلىمەكتە

ئىزاھات ②: بولۇشسىز پېئىللارغا « -ي »قوشۇمچىسى ۋە شەخس – سان قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇمايۋاتىمەن، كۆرمەيۋاتىسەن، يازمايۋاتىدۇ.

### 2- مەقسەت پېئىلى

ئىش – ھەرىكەتنى بېجىرگۈچىنىڭ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلاش نىيىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل مەقسەت پېئىل، دەپ ئاتىلىدۇ.

مەقسەت پېئىللىرى پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - ماقچى، - مەكچى » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ ھەم بەزى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

بەزىدە ئۇلار باغ ئىچىدە ئېگىزرەك ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا چىقىپ، سىرتتىكى ئىشلارنى كۆرمەكچى بولۇشاتتى.

ئالىم تۈركىيىدە ئوقۇماقچى.

①مەقسەت پېئىلىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى

يازماقچى + مەن ← يازماقچىمەن

ئاڭلىماقچى + مەن ← ئاڭلىماقچىمەن

ئوقۇماقچى + مەن ← ئوقۇماقچىمەن

كۆرمەكچى + سىلەر ← كۆرمەكچىسىلەر

②مەقسەت پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى

| | |
|---|---|
| بارماقچى ئەمەسمەن | كەلمەكچى ئەمەسمىز |
| ئاڭلىماقچى ئەمەسسەن | كۆرمەكچى ئەمەسسىلەر |
| ئالماقچى ئەمەسسىز | كەتمەكچى ئەمەس |

③مەقسەت پېئىلىنىڭ بولۇشلۇق سوئال شەكلى

| | |
|---|---|
| يازماقچىمەنمۇ | يازماقچىمۇسەن |
| كەتمەكچىمىزمۇ | كەتمەكچىمۇسىز |
| ئالماقچىمۇ | ئالماقچىمۇسىلەر |

④مەقسەت پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سوئال شەكلى

| | |
|---|---|
| يازماقچى ئەمەسمەنمۇ | يازماقچى ئەمەسمۇسەن |
| كەتمەكچى ئەمەسمىزمۇ | كەتمەكچى ئەمەسمۇسىز |
| ئالماقچى ئەمەسمۇ | ئالماقچى ئەمەسمۇسىلەر |

ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلەر (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى مەقسەت پېئىلىغا ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| چۆگىلە - | جۆيلە - | پەسەي - |
| چۈمۈل - | چۈشكۈنلەشتۈر - | ئازاي - |
| چۈم - | چۈش - | قىينا - |
| قايىل قىل - | ۋارقىر - | ئىلھاملاندۇر - |

2-تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①ئۇ مەقسىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەمكىن سۆزلىدى.

②ئىسمائىل ئالدىكى ساھىپجامال قىزغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرماقتا.

③بۇ جاھالەت، بۇ خۇراپاتلىق بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىمىزنى خاراب قىلماقتا.

④مۇدىر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خىلىلا تاتىرىپ قالغانلىقىغا، كەيپىياتىنىڭ باشقىچە چۈشكۈن كۆرۈنۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى.

⑤خالمۇرات مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا ناھايىتى چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ جاۋاب بەرمەكتە.

⑥ئەلىي ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن تۈركىيىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇماقچى.

⑦سەنمۇ يازلىق تەتىلدە « ئويغانغان زېمىن » رومانىنى ئوقۇماقچىمۇ؟

⑧ئېرىنىڭ كاجلىقىغا غەزەپلەنگەن سارىخان ئېتىزلارنىڭ ئالا قالغان يەرلىرىنى بىر ئامال قىلىپ تېرىپ قويماقچى بولدى.

⑨نېمانچە كاجلىق قىلىسەن، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

⑩ يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئامانلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرى كۈندىن – كۈنگە كۈچەيتىلمەكتە.



3- تۆۋەندىكى تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ne oldu? Ağlıyor musun?
2) Ailenle görüşüyor musun?
3) Şimdi ülkemizde sıkı yönetim ugulanıyor.
4) Kasim soğuktan titriyor.
5) Biz Uygur Türkçesini çok iyi öğreneceğiz.
6) Biraz sonra anneme yardım edeceğim.
7) Ayşe elindeki çiçekleri kokluyor.
8) Ailem Kaşgar'da yaşamakta.
9) Kamil hergün spor yapmakta.
10) Biz hepimiz sınava hazırlanmaktayız.

## يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئالىم ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتىدۇ.

گۈلجامال ئۆرە تۇرۇپ تېكىستنى ئوقۇۋاتىدۇ.

ئابدۇسالام رەسىمگە قاراپ سۆزلەۋاتىدۇ.

| | |
|---|---|
| ئالدىرىماي<br>تارتىنماي<br>كۈلمەي | سۆزلەڭ. |

II

| | |
|---|---|
| ئۇلار ئەتە | ھېيتكار جامەسىگە بېرىپ رەسىمگە چۈشىدۇ<br>مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئويۇن كۆرىدۇ<br>تۇرپاندىكى ساياھەت ئورۇنلىرىغا بارىدۇ |



III

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: بۇ | مەكتەپ<br>جامە<br>دەرسلىك<br>رومان | قاچان | قۇرۇلدى<br>سېلىندى<br>تۈزۈلدى<br>يېزىلدى | ؟ |
| ئە: بۇ | مەكتەپ<br>جامە<br>دەرسلىك<br>رومان | 2001-يىلى | قۇرۇلدى<br>سېلىندى<br>تۈزۈلدى<br>يېزىلدى | . |

① 1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قەشقەردە سابىت داموللا « شەرقىي

تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

②1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قەشقەردە سابىت داموللا تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

## تېكىست

## I

### ئۇيغۇر ئەدىپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

كۈچلۈك رېئالىزملىق روھ ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1985- يىلى ئۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي رومان «ئىز» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كىتابخانلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە كىشىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان چولپان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى-ئاخىرى "قەشقەر كېچىسى"، "ئىز"، "ئۆمۈر مەنزىللىرى"، "ئويغانغان زېمىن" قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە "شېئىر ۋە شائىر"، "تۇرپان تەسىراتلىرى"، "قەشقەر كېچىسى" ، "ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك" قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. مۇشۇنداق مول نەتىجىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىستېداتلىق يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923- يىلى قۇمۇلدا ئوتتۇرا ھال تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتا- ئانىسىدىن كىچىكىدىلا ئايرىلىپ، يېتىم قالغان. دادىسى تىلەش بېگىم ئاتۇش تىجەنلىك كىشى بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتەر چېغىدا، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىمنى قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان دوستى ئوسمان ھاجىغا ئوغۇللۇققا بېرىۋەتكەن. ئوسمان ھاجىم كۆپنى كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق، تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا، ئابدۇرېھىمنى ئىنتايىن ئارزۇلاپ ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن. ئۇنى ئۆزى ئوقۇتۇپ خەت-ساۋات چىقارغاندىن كېيىن، دىنىي مەكتەپكە بەرگەن. 1934-يىلى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر باشلانغۇچ مەكتەپتە پەننىي بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان ۋە 1936-يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئۈرۈمچى بىرىنچى گىمنازىيىدە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن

173

كېيىن، 1939- يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1942- يىلى بۇ مەكتەپنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپ تۇرمۇشى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۈچۈن يېڭى ھايات دەۋرى بولغان. 1943- يىلى باھاردا، مىللىتارىست شىڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەرلىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە بايلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياش شائىرمۇ بۇ بوراندىن ئامان قالماي 1944-يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇ 1945- يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1946 -يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى "يۈرەك مۇڭلىرى" تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىقتى. 1949- يىلدىن كېيىنمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خىلى بىر مەزگىل ئاساسەن تەرجىمانلىق، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن،جۈملىدىن چەت ئەل تىللىرى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى توختىتىپ قويمىغان ئىدى. لېكىن شۇ چاغلاردا ئۇ سول لۇشيەنىنىڭ كاساپىتى بىلەن مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. ئۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە "ياخشى" ، " كېرەك بولسا"، "ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس"، "بوغدا ئانام"،"مەن ئاق بايراق ئەمەس"،"قەشقەر كېچىسى"، "ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك"،"گۈل ۋە ئازغان" قاتارلىق شېئىر، داستان ۋە باللادىلارنى، "ئىز"، "ئويغانغان زېمىن "رومانلىرىنى ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تولۇق نامايان قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ ھارماس قەلەمكەش، ئىستېداتلىق يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم تىلەشۈ ئۆتكۈر 1995-يىلى 10-ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Güçlü | كۈچلۈك |
| Realist | رېئالىزملىق |
| Derin | چوڭقۇر |
| Temel | ئاساس |
| Kamuoyu | جامائەتچىلىك |
| Yetenekli | تالانتلىق |
| Yazar | يازغۇچى |
| Başkanlık | باشچىلىق |
| Ayaklanma | قوزغىلاڭ |

| | |
|---|---|
| Geçmiş | ئۆتمۈش |
| Yansıt - | ئەكس ئەتتۈر - |
| Okuyucu | كىتابخان |
| Ara | ئارا |
| Tart - | قوزغا- |
| Özellikle | ئالاھىدە |
| Yıldız | چولپان |
| Enine –sonunda | ئىلگىرى – ئاخىرى |
| Mesafe | مەنزىل |
| Zemin | زېمىن |
| Yayınla - | نەشر قىل - |
| Masal | چۆچەك |
| Destan | داستان |
| Çok sayıda | نۇرغۇن |
| Ders kitabı | دەرسلىك |
| Böyle | مۇشۇنداق |
| Gönül | كۆڭۈل |
| Onurlu yer | تۆر |
| Yer al - | ئورۇن ئال - |
| İleri düşünceli | تەرەققىيپەرۋەر |
| Evlat | پەرزەنت |
| Sev - | ئارزۇلا - |
| Dikkatini ver - | كۆڭۈل قوي - |
| Okuryazarlığı öğren - | ساۋات چىقار- |
| Temel, başlangıç | باشلانغۇچ |
| Nasiplen - | مۇيەسسەر بول - |
| Gönder - | ئەۋەت - |
| Pedoloji Yüksek Okulu | دارىلمۇئەللىمىن |
| Pekiyi | ئەلا |
| Tamamla - | پۈتتۈر - |
| Maske | نىقاب |
| Yırtma - | يىرت - |
| Bırak - | تاشلا - |
| Mahiyet | ماھىيەت |

| | |
|---|---|
| ئاشكارلا - | Ortaya çıkart - |
| نۇرغۇن | Çok sayıda |
| زىيالىي | Aydın |
| قولغا ئال - | Tutuklan – |
| دەھشەتلىك | Vahşi |
| تۈرمە | Hapis |
| تەھرىرلىك | Editörlük |
| شۇغۇللان - | Meşgul ol - |
| تۇنجى | İlk |
| توپلام | Koleksiyon |
| مۇڭ | Istırap |
| تاش مەتبەئە | Taş matbaacılık |
| باس - | Bas -,yayınla- |
| خېلى | Hayli |
| بىر مەزگىل | Belli bir süre |
| ئاساسەن | Adeta |
| چەتئەل تىلى | Yabandı Dil |
| ئىستىبداتلىق | Yetenekli |
| ئەدەبىياتشۇناس | Edebiyat uzmanı |
| ئەمدىلا | Daha |
| ئوقۇمۇشلۇق | Kültürlü,eğitimli |

## گراماتىكا

### 1- رەۋىشداش

پېئىلنىڭ رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان شەكلى رەۋىشداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشداشلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بۇ دەرسىمىزدە يالغۇز « - پ » رەۋىشدىشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

پېئىل يىلتىزى ۋە ياكى ئۆزىكىگە « -پ، - ىپ، - ۇپ، - ۈپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆر + ۈپ ← كۆرۈپ　　　ياز+ىپ ← يېزىپ

تۇر + ۇپ ← تۇرۇپ　　　ئوقۇ+پ← ئوقۇپ

بۇ خىل رەۋىشداشلار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ گېلەم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

ياغاچلاردا ئاچ قالغان قاغا – قۇزغۇنلار قاناتلىرىنى يېيىپ ئولتۇرۇشاتتى.

قىزلار ئەتىگە تۇرۇپ، چىيىنى ئېچىپ، چىرايلىق ياسىنىپ قىزىل تاغ باغچىسىغا كەتتى.

2- پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئەسلي دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجبۇري دەرىجە ۋە ئۆملۈك دەرىجىدىن ئىبارەت بەش دەرىجىدىن تەركىب تاپىدۇ.

3- پېئىلنىڭ ئەسلي دەرىجىسى

ئەسلي دەرىجە دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلىدىن ئىبارەت. ئەسلي دەرىجىدىكى پېئىللار باشقا شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. بۇ خىل پېئىللار ھەرىكەتنىڭ گراماتىكىلىق ئىگىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار كەلدى.

مەن بەش يىل ئوقۇدۇم.

بىناكارلىق ئۇستىلىرى نۇرغۇنلىغان بىنالارنى بەرپا قىلدى.

بۇلارنىڭمۇ ئالدىدا بېزەكلىك ئاتلار قوشۇلغان، گىلەم سېلىنغان ئوچۇق ھارۋا ئۈستىدە چىرايلىق گېيىنگەن، بەللىرىگە توقۇلمىلىق شايى رومال باغلىنغان ناغرا، سۇناي، كانايچىلار زوق بىلەن قىزىل پۆپۈكلەر باغلانغان چالغۇلىرىنى چالماقتا.

4- مەجھۇل دەرىجە

مەجھۇل دەرىجە ھەرىكەتنىڭ جۈملىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئەمەس، باشقا بىر شەخس ياكى شەيئى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى.

پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى ئاخىرقى بوغۇمى «ل» بىلەن ئاياغلاشقان ئۆتۈملۈك پېئىللارغا « - ن، -ىن، -ۇن، -ۈن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، باشقا ئۆتۈملۈك پېئىللارغا « - ل، -ىل، -ۇل، -ۈل» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: چال – چالىندى. ئال – ئېلىندى، قىل – قىلىندى. ياز – يېزىلدى. كۆر – كۆرۈلدى....

مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆتۈملۈك پېئىللار ئۆتۈمسىز پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەركىن پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

قاسىم ئۆيگە يېقىنلىشاي دېگەندە، كوچىدا تۇساتتىن ئوق ئېتىلدى.

ئەتىيازدا تېرىلغۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

« ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن يىل سەرپ قىلىنغان.

يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى مەقسەت پېئىلغا ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كۆل - | ئاغدۇر – | قىل - |
| قوپ - | سۇپۇر – | تازىلا – |
| يەت - | ئىشلە – | ئېلىپ بار – |
| قال - | تۈزەت - | قولغا كەلتۈر - |

2- تۆۋەندىكى پېئىلارنى مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| قوش - | ئوقۇ – | تەرتىپكە سال - |
| دە – | ئەت - | تارقال - |
| تۈز – | ئىپادىلە – | ئېلىپ بار – |
| قىل - | تەرەققىي قىل - | ئۆتكۈز - |

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①مىلادىنىڭ 1865-1867-يىللىرى ياقۇپ بەگ ئۈچتۇرپان، كۇچار، كورلا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى قولغا گىرگۈزۈپ، قەشقەردە يەتتە شەھەر خانلىقىنى قۇرۇپ ئۆزىنى « بەدۆلەت» دەپ ئاتىدى.

② بىز دەريا لېۋىگە بېرىپ، دەرياغا تور سالدۇق. زور بىر بېلىق كېلىپ تورغا ئىلىندى.

③ئۇنىڭ ئاپئاق ئىككى مەڭزى سەل – پەل قىزارغاندەك بولۇپ، تورلاشقان كۆزلىرىدە ئۇچقۇنلار چاقنىغاندەك كۆرۈندى.

④ئىستانبۇلدا ئوقۇيدىغان بىر دوستۇم ئىستانبۇلنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك شەھەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

⑤مەن يازلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتقاندا كوچادىكى مىڭ ئۆي، تۇرپاندىكى ئىدىقۇت، بىزەكلىك قاتارلىق مەشھۇر ئورۇنلار ۋە تارىخىي يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلىمەن.

⑥مەن يۇرتۇمنى مەدھىيىلەيمەن، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن.

⑦سىناش ئارقىلىق ناچار ئادەت تورموزلىنىدۇ ۋە يەنىمۇ ئاجىزلىشىدۇ، ئالىيجاناپ ھەرىكەتلەر بولسا كۈچىيىدۇ.

⑧يەر تەۋرەشنى ئالدىن كۆزىتىشتىكى سىناقلاردىمۇ، ئالدىن بېرىلگەن خەۋەرنىڭ ئىككى قېتىملىقىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى.

⑨ئۇنىڭ قورسىقى توقلاندى.

⑩ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ تونۇردا نان يېقىپ يەپ ئادەتلىنىپ قالغان، ھازىرمۇ ئۇلار تونۇر نېنىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ne oldu? Ağlıyor musun?
2) Ailenle görüşüyor musun?
3) Şimdi ülkemizde sıkı yönetim ugulanıyor.
4) Hasan soğuktan titriyor.
5) Biz Uygur Türkçesini çok iyi öğreneceğiz.
6) Biraz sonra anneme yardım edeceğim.
7) Ayşe elindeki çiçekleri kokluyor.
8) Ailem Kaşgar'da yaşamakta.
9) Kamil hergün spor yapmakta.
10) Biz hepimiz sınava hazırlanmaktayız.

## يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| تۈنۈگۈن | يىغىن بولۇپ قىلىپ<br>بىر مېھمان كېلىپ قىلىپ<br>بىرئاز ئىشىم چىقىپ قىلىپ | مەكتەپكە بارالمىدىم. |

II

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تۈركىيىگە كېلىشتىن بۇرۇن | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | ئوقۇتقۇچى | ئىدىم<br>ئىدىڭ<br>ئىدىڭىز<br>ئىدى | . |
| ئۈچ يىل بۇرۇن | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | شوپۇر | ئىدۇق<br>ئىدىڭلار<br>ئىدى | . |



III

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ھازىر | مەن دوختۇر (مەن)<br>سەن دوختۇر(مەن)<br>سىز دوختۇر (سىز)<br>ئۇ دوختۇر (دۇر) | ،لېكىن بىر يىل بۇرۇن | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | دوختۇر ئەمەس | ئىدىم.<br>ئىدىڭ.<br>ئىدىڭىز.<br>ئىدى. |
| ھازىر | مەن مۇخبىر (مىز)<br>سىلەر مۇخبىر(سىلەر)<br>ئۇلار مۇخبىر (دۇر) | ، بۇرۇن | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | مۇخبىر ئەمەس | ئىدۇق.<br>ئىدىڭلار.<br>ئىدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | سەن<br>سىز<br>ئۇ | شۇ چاغدا | تەنھەرىكەتچى ئىدىڭمۇ \ تەنھەرىكەتچىمىدىڭ<br>تەنھەرىكەتچى ئىدىڭىزمۇ\ تەنھەرىكەتچىمىدىڭىز<br>تەنھەرىكەتچى ئىدىمۇ\ تەنھەرىكەتچىمىدى | ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئە: ھەئە، | مەن<br>مەن<br>ئۇ | شۇ چاغدا تەنھەرىكەتچى | ئىدىم ،<br>ئىدىم<br>ئىدى | . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار | شەھەرگە كېلىشتىن بۇرۇن | ئىشچىمىدىڭلار<br>ئىشچىمىدى | ؟ |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئە: | بىز<br>ئۇلار | شەھەرگە كېلىشتىن بۇرۇن<br>ئىشچى ئەمەس | ئىدۇق<br>ئىدى | ، | بىز<br>ئۇلار | دېھقان | ئىدۇق.<br>ئىدى. |

III

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بەش يىل بۇرۇن | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | زاۋۇتتا | ئىشلەيتتىم<br>ئىشلەيتتىڭ<br>ئىشلەيتتىڭىز<br>ئىشلەيتتى | . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مۇندىن بىر يىل بۇرۇن | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | بۇ يەردە | ئوقۇيتتۇق<br>ئوقۇيتتىڭلار<br>ئوقۇيتتى | . |

IV

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | تۈركىيىگە كېلىشتىن بۇرۇن تۈركچە | بىلمەيتتىم<br>بىلمەيتتىڭ<br>بىلمەيتتىڭىز<br>بىلمەيتتى | . |

V

ئا: | سەن / سىز / ئۇ | بۇرۇن دائىم مۇز | تېپىلاتتىڭمۇ \ تېپىلامتىڭ / تېپىلاتتىڭىزمۇ \ تېپىلامتىڭىز / تېپىلاتتىمۇ \ تېپىلامتى | ؟

ئە: ھەئە، | مەن / مەن / ئۇ | بۇرۇن دائىم مۇز | تېپىلاتتىم / تېپىلاتتىم / تېپىلاتتى | .

ئا: | سىلەر / ئۇلار | بۇرۇن ئۇيغۇرچە | بىلمەيتتىڭلارمۇ \ بىلمەمتىڭلار / بىلمەيتتىڭمۇ \ بىلمەمتى | ؟

ئە: ھەئە، | بىز / ئۇلار | بۇرۇن ئۇيغۇرچە | بىلمەيتتۇق / بىلمەيتتى | .

VI

بىز ئۈلۈشكۈن | توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتۇق / كىنو كۆرەتتۇق / رەسىملەر كۆرگەزمىسىگە باراتتۇق | ، يامغۇر يېغىپ قېلىپ | ئۆتكۈزەلمىدۇق. / كۆرەلمىدۇق. / بارالمىدۇق.

## تېكىست

I

### پىخسىق

بىزنىڭ سىنىپتا ئاق پىشماق، ئورۇقراق كەلگەن خېلىل ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى قولدىن بەرمەيتتى. يەنە كېلىپ مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ماقالە يېزىش مۇسابىقىلىرىدە دائىم بىرىنچى دەرىجىلىك بولۇپ باھالىناتتى. بىراق «چىرايلىقنىڭ بىر ئەيىبى بار» دېگەندەك ئۇ بەكمۇ پىخسىق ئىدى. بىز ئۇنىڭغا «پىخسىق» دەپ لەقەممۇ قويۇپ قويغانىدۇق.

مەكتىپىمىز يېزا بازىرىنىڭ يېنىغىلا جايلاشقان. خېلىل، مەن، يەنە بىر نەچچەيلەننىڭ

ئۆيىمىز مەكتەپكە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان «تۈگمەنبېشى» دېگەن كەنتتە بولغاچقا، چۈشلۈكى ئۆيگە كەتمەي بازاردىكى بىر چايخانىدا چاي ئىچەتتۇق. خېلىل بولسا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيىدىن نان ئەكىلىپ مۇزدەك سۇ بىلەنلا قورسىقىنى تويغۇزاتتى. بىز ئۇنى نۇرغۇن قېتىم بازارغا چىقىپ بىللە چاي ئىچىپ كېلىشنى ئېيتقان بولساقمۇ، ئۇنىمىدى. بۇ پىخسىق بولغاچقا، بىر چەينەك چاي، بىر نان ئۈچۈن ئاتمىش پۇڭ خەجلەشكە چىدىمايتتى.

تونۇردەك قىزىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىز سىنىپىمىزدىكى بىر نەچچە بالا بازارغا چىقتۇق. ئارىمىزدا خېلىلمۇ بار ئىدى. كۈن بەك ئىسسىپ كەتكەچكە ئۇسساپ كەتكەنىدۇق. ئارىمىزدىن بورھان:

- ئۇسسىغانسىلەر، چوكا مۇز ئېلىپ يەيلى، - دېدى. بىز بىردىن چوكا مۇز ئالدۇق. خېلىلمۇ ئېلىپ يەر دەپ ئويلىغانىدۇق، ئەمما ئۇ چوكا مۇز ئالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئىچىمدە: «پۇلغا چىدىمىدى بۇ پىخسىق» دەپ ئويلىدىم. جاپپار ئۇنىڭغا:

- خېلىل، ئۇسسىغانسەن، چوكا مۇزدىن بىرنى ئېلىپ بېرەيمۇ؟ - دېۋىدى، ئۇ:

- رەھمەت، چوكا مۇز ئادەمنى بەكمۇ ئۇسسىتىۋېتىدىكەن. مەن سۇ ئىچەي، - دېگىنىچە يېنىمىزدىكى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. قەيسەر چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

- پىخسىق... – دەپ دۇدۇراپ قويدى. بىز كۈلۈشتۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان تۆت يىل جەريانىدا، ئۇنىڭ بازاردىن پۇلغا بىر نەرسە ئېلىپ يېگىنىنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولسا كېرەك، دادىسى پۇل بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپمۇ ئويلىدىم. بىراق ئۇنىڭ ئوقۇش قوراللىرى بىزنىڭكىدىن تولۇق ھەم ئېسىل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ھەر يىلى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى ۋە بىر نەچچە گېزىتقا يىللىق مۇشتىرى بولاتتى. ئوقۇتقۇچى ھەر مەۋسۇملۇق كىتاب پۇلى يىغقاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىقى پۇل تاپشۇرۇشنى ئامال بار كەينىگە سۈرەتتى. ئەمما خېلىل ھەممىدىن بۇرۇن تاپشۇراتتى.

بىر كۈنى مەكتىپىمىزدە ھەر دائىمقىغا ئوخشاش «پالانچى نەمۇنچىدىن ئۆگىنىپ، پالانى يەردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ئىئانە توپلاش پائالىيىتى» ئېلىپ بېرىلدى. مەن بىر كۈن دېگۈدەك دادامنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ بىر سوم پۇل ئالدىم. ئەمما ئاپاتكە ئۇچرىغانلارغا ئىئانە قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئىئانە توپلاشنىڭ ئىختىيارىي بولغىنى بەكمۇ ياخشى بولدى. بىر سومغا سۈت بىلەن ياسالغان چوڭ مۇزدىن بەشى كېلەتتى. شۇ بۇ پۇلنى ئىئانە قىلمىدىم. ئەمما خېلىل پۇل ئىئانە قىلارمۇ دېگەن ئويدا ئۇنىڭغا ئالاھىدە

سەپسېلىپ يۈردۈم. ئارىدىن ئۈچ كۈنى ئۆتۈپ مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلدى. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار رەتلىك تىزىلىپ مەكتەپ مەيدانىدىن ئورۇن ئالدۇق. مەكتەپ مۇدىرى ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ بولۇپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى.

- ساۋاقداشلار، 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى خېلىل ئىككى يىلدىن بۇيان ئائىلىسى بەرگەن پارچە – پۇرات پۇللاردىن ئىقتىساد قىلغان، كېرەكسىز نەرسىلەرنى تېرىپ سېتىپ يىغقان 09 سوم پۇلنى بۇ قېتىم ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىگە ئىئانە قىلدى. بىز بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار خېلىنىڭ بۇ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم!

مۇدىرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن چاۋاك سادالىرى مەيدىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ تاپتا نېمە سەۋەبتىندۇر مۇدىرنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىمچە ئۆزۈم ئامراق چوكا مۇزدەكلا قېتىپ قاپتىمەن. قەلبىمنى خىجىللىق ئوتلىرى ئۆرتىمەكتە. مەن ساۋاقدىشىم خېلىلنى خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىمەن. ئىسىت، مەنمۇ خېلىلغا ئوخشاش بولغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى – هە !

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Beyaza yakın, beyazımsı | ئاق پېشماق |
| Zayıf | ئورۇق |
| Yarışma | مۇسابىقە |
| Kusur | ئەيىب |
| Cimri, Pinti | پىخسىق |
| Lakab | لەقەم |
| Köy | كەنت |
| Öğlen | چۈشلۈك |
| Buz gibi | مۇزدەك |
| Çaycanlık | چەينەك |
| Dayan - | چىدا - |
| Susa – | ئۇسسا - |
| Mırılda – | غودۇر - |
| Ufak, bozuk | پارچە - پۇرات |
| Değerli | ئېسىل |
| Yonca | غۇنچە |
| Para birimi | سوم |
| Bağış | ئىئانە |
| Bak – | سەپسال - |

184

## گىراماتىكا

### 1- ياردەمچى پېئىللار

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىراماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىل، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

يىراقتا بىر توپ ئادەم نەغمە – ناۋا قىلىشماقتا ئىدى.

بوۋاي ئۇلارغا پات – پات قاراپ قوياتتى.

ئىزاھات: ئۇيغۇر تىلىدا ياردەمچى پېئىللار رولىغا قاراپ تۇس ياردەمچىلىرى ۋە باغلامچى پېئىللار، دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

تۇس ياردەمچىلىرى ئومۇمەن پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىگە ياكى بەزى كېلىشلىك ئىسىمداش شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تۇس ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى پېئىللاردۇر. بۇخىل پېئىللار ئاساسەن بىر قىسىم مۇستەقىل پېئىللارنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تۇس ياردەمچىسى رولىدا كېلىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن: «كۆرۈپ باقـ -»، « يوقلاپ تۇر –» قۇرۇلمىلىرىدا «باق-، تۇر-» پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تۇس ياردەمچىسى رولىدا كېلىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن: «كۆرۈپ باقـ -، يوقلاپ تۇر -» پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تۇس ياردەمچىسى رولىدا كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە تۆۋەندىكى پېئىللار تۇس ياردەمچىسى رولىدا كېلىدۇ:

ئالـ ، بەر -، كۆر-، باشلا -، قالـ -. قوي-، كەتـ -، تاشلا-، بولـ ، چىقـ، ئۆتـ، ياتـ-، ئولتۇر-، يۈر، تۇر-،سالـ -، ئەتـ-، بار - ،يەت -.....

بەزى تۇس ياردەمچىلىرىنىڭ رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە مەخسۇس تۇس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان بىر قانچە قوشۇمچە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: « - ۋات، -ىۋات، -ۇۋات، -ۈۋات» تۇس ياردەمچىسى «ياتـ -،»نىڭ قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ; « -لار، -لەر (- يالا، - يەلە) - الا، -ەلە» بولسا، تۇس ياردەمچىسى «ئالـ -» نىڭ «ئا» لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان; «-ۋەر، ىۋەر» بولسا، تۇس ياردەمچىسى «بەر- »نىڭ «ئا»لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان؛ « - ۋەت، -ىۋەت، - ۇۋەت، ۈۋەت» بولسا، تۇس ياردەمچىسى «ئەۋەتـ -»نىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق

ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان;«-ۋال، ىۋال، -ۋۋال، -ۇۋال» بولسا، تۇس ياردەمچىسى «ئال ـ» رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان.

باغلامچى پېئىل – تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە شەخسسىز پېئىللارغا (پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى)غا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىلغا خاس گرامماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن باغلايدىغان ياردەمچى پېئىل.

باغلامچى پېئىللار تۇغۇن سۆزلەر ھەم پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، بۇ خىل تۇرغۇن سۆزلەرنى پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، بۇ خىل تۇرغۇن سۆزلەرنى پېئىلنىڭ راي ۋە شەخس، سان كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «بول، قىل-، تۇر-، كەل، چىق -، ھېسابلا -، ئوخشا -، دە-» پېئىللىرى بەلگىلىك شارائىتتا باغلامچى پېئىل رولىدا كېلىدۇ; ئۇنىڭدىن باشقا مۇئەييەن گرامماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قالغان « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش، ئەمەس، - دۇر، -تۇر» قاتارلىقلارمۇ باغلامچى پېئىللاردۇر.

مەسىلەن:

تۆمۈر ئاغرىپ قالدى.

مېنىڭ سائىتىم توختاپ قالدى.

تۈنۈگۈن كوچىدا كونا بىر دوستۇمنى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇ چاغدا دادام ئىشچى ئىدى، مەن تېخى كىچىك ئىدىم.

سىز دوختۇر ئىدىڭىزمۇ\ سىز دوختۇرمىدىڭىز؟

ئۇلار دوختور ئىدىمۇ؟ \ ئۇلار دوختۇرمىدى؟

**2- پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى**

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى، دەپ ئاتىلىدۇ.

1) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن تەكرار ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلىدۇر. مەسىلەن:

ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى.

قىلىن ياغقان قاردىن كېيىن، ھاۋا شۇنداق سوۋۇپ كەتتى، ئېغىزدىن چىققان تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە توڭلاپ قېتىپ قالاتتى.

تۈنۈگۈن بوغدا كۆلىنى ساياھەت قىلغىلى باراتتۇق، يامغۇر يېغىپ قالدى، بارالمىدۇق.

2) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | -ەتتىم، - اتتىم، يتتىم | -ەتتۇق، اتتۇق،-يتتۇق |
| II-شەخس | ئاددى تۈرى | - ەتتىڭ، -اتتىڭ، يتتىڭ | - ەتتىڭلار، - اتتىڭلار، -يتتىڭلار |
| | سىپايە تۈرى | -ەتتىڭىز، -اتتىڭىز، -يتتىڭىز | |
| III-شەخس | | - ەتتى، - ئاتتى، - يتتى | |

مەسىلەن:

كۆر + ەتتىم ← كۆرەتتىم
كەت + ەتتىڭ ← كېتەتتىڭ
تۈگەش + اتتىڭىز ← تۈگىشەتتىڭىز
كۆرسەت+ اتتى ← كۆرسىتەتتى
ئۇلا + يتتۇق ← ئۇلايتتۇق
ئاڭلا +يتتىڭلار ← ئاڭلايتتىڭلار



ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى، مەسىلەن:

كېتەتتىڭمۇ +مۇ ← كېتەتتىڭمۇ
باراتتۇق + مۇ ← باراتتۇقمۇ
بىلمەيتتىڭلار + مۇ ← بىلمەيتتىڭلارمۇ
يازمايتتى +مۇ ← يازمايتتىمۇ

ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلىنىڭ يەنە بىر شەكلى مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن:

كەت + ەم + تىڭ ← كېتەمتىم
كەت + ەم + تىڭ ← كېتەمتىڭ
بار + ام + تۇق ← باراتتۇقمۇ
ئوقۇ + م + تىڭىز ← ئوقۇمتىڭىز
بىلە + م + تىڭلار← بىلەمتىڭلار
يازما + م + تى ← يازمامتى

يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز، سوئال شەكىللىرى بىلەن تۈرلەپ چىقىڭ.

سەز- ، بەلگىلە، ۋەيران بول- ، ياساندۇر، ئۆچ- ، دوپپۇلدە- ، بېغىشلا، نەزەر تاشلا-

2- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى تىرناق ئىچىنى مۇۋاپىق باغلامچى پېئىل بىلەن تولدۇرۇڭ.

①مېنىڭ تاغام بۇرۇن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى (      ).

②ئىشخانا مۇدىرىمىزنى ماختاپ قويسا، خوشال بولۇپ تېرىسىگە سىغمايلا قالىدىغان ئاجايىپ بىر ئادەم (      ).

③ئۇلۇشكۈن ئاخشام مەن ئۆيدە يوق (      ).

④ئۆتكەن جۈمە سەن خىزمەت ئورنۇڭدا (      ).

⑤ۋارىسجاننىڭ بېشىدا بېغىر رەڭ مانچىستىر دوپپا، ئۇچىسىدا كۆپ رەڭلىك ئەستەرلىك شىم – چاچان، پۇتىدا غۇلجا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن ئىسكەتلىك ئۆتۈك بار (      ).

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①گۈندىپاي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى، تاشۋاي بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ تاشلىدى.

②مەن ئۆز – ئۆزۈمدىن جىلە بولغان ھالدا بۇلاق بېشىغا كەلدىم. بۇ بۇلاق ئېگىز ئېتىز قىرىنىڭ تۈۋىنىدە بولغاچقا، يېزا تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ يەر كۆرۈنمەيتتى.

③ئوتنىڭ يالقۇنى تاملارنى ۋە ئەتراپنى يورۇتماقتا. تۈتۈنلەر بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆيلەرنى قاپلىماقتا ۋە قىزىل يوللۇق قارا رەختەك يەلپۈنۈپ ئاسمانغا ئۆرلىمەكتە ئىدى.

④خاسىيەتنىڭ ياردىمى تاماق جەھەتتىنلا ئەمەس، ۋاقىت جەھەتتىنمۇ بىرمۇنچە ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بەردى.

⑤ئۇ چاغدا ئۇلار ئاغزىدىن بىرەر يات سۆز چىقىپ كەتكەن ئادەمنى ھايت – ھۇيت دېگۈچە تۇرمىگە تاشلايتتى.

⑥قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئەركىننىڭ كۆزىگە شىرىنگۈلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، بۇرۇن شىرىنگۈل چېچىنى چوققىسىغا تۈرمەكلىۋالاتتى.

⑦ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىكرەك بىر تۈزلەڭلىككە ھەشەمەتلىك ساراي سېلىنغان، سارايىنىڭ ئالدىدا چوڭ باغ بار ئىدى.

⑧ئۆز ۋاقتىدا نۇردۇن مېنى قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا، مەن تۈگىشەتتىم.

⑨باغدا تۈمەن – تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، بارلىق ئېسىل قۇشلار

سايرىشىۋاتقان بىر چاغ ئىدى.

⑩شىۋىرغان كۆچەيدى، قاراڭغۇ تۈن پەردىسى ئاستا - ئاستا يېيىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Bu ödevi geçen hafta yaptıydım.
2) Hüseyin, Ötkür'ün yanına gittiydi, ama Ötkür'ün işi vardı.
3) Kimse ona inanmadıydı.
4) Eskiden her şeye çok çabuk sinirlenirdim.
5) Kardeşim küçükken karanlıktan çok korkardı.
6) Geçen sene sigara içiyorudum, artık içmiyorum.
7) İsmail arkadaşları ile oyun oynamazdı.
8) Bu gece kardeşimi yolcu edeceğiz.
9) Artık bize gelmez oldun.
10) Müdürümüz saat dokuzda işe gelmemizi zorunlu kıldı.

## يىگىرمە تۆتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئۈچ يىل بۇرۇن ئوقۇغۇچى ئىدۇق، ھازىر (بىز) | دوختۇر / مۇئەللىم / ئادۋۇكات | بولدۇق.

چوڭ بولغاندا | ئوچقۇچى / يازغۇچى / ئالىم | بولۇش - ئۇكامىنىڭ ئارزۇسى.

II

ئا: ئۆمەر نەگە كەتتى؟

ئە: ئۇ – | پوچتىخانىغا خالتا ئەۋەتكىلى / كوتۇپخانىغا گېزىت كۆرگىلى | كەتتى.

ئا: ئادىلچۇ؟

ئە: ئۇ | پوچتىخانىغا خالتا ئەۋەتكىلى / كوتۇپخانىغا گېزىت كۆرگىلى | كەتتى.

III

ئا: سىلەر ئۈرۈمچىگە كەلگىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟

ئا: بىز ئۈرۈمچىگە كەلگىلى | بىر يىل بولدى / ئىككى يىلغا يېقىن بولدى / ئىككى يىلدىن ئارتۇق بولدى / بۇ يىل كۈزدە بەش بولىدۇ

IV

بۇ

| |
|---|
| ۋەزىپىنى بىر ھەپتىدە ئورۇنلىغىلى |
| يول بىلەن سۇ ئۈستى باغچىسىغا بارغىلى |
| كىتابلارنى ئىشخانىدىن تاپقىلى |

بولىدۇ.

V

① بىز ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا قاتناشتۇق.

مۇئەللىم بىزنى ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا قاتناشتۇردى.

② دۇنيادا سانائەت ۋە يېزا - ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

بىز سانائەت ۋە يېزا - ئىگىلىكنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

VI

ئانام دائىم سىڭلىمغا

| |
|---|
| خەت يازدۇرىدۇ |
| رەسىم سىزدۇرىدۇ |



ئا: سىز نەگە بېرىپ كەلدىڭىز؟

ئە: مەن

| |
|---|
| بەدەن تەكشۈرتكىلى |
| چاچ ياساتقىلى |

بېرىپ كەلدىم .

**تېكىست**

I

**ياڭاق ۋە ئۇنىڭ پايدىسى**

ياڭاق – شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ كونا مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ياڭاق يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ خوتەندە ئەڭ كۆپ. ئادەتتە خوتەن ياڭىقى پوتكۈل شەرقىي تۈركىستاندا مەشھۇر. يۇرتىمىزدا ياڭاق دېگەن ھامان، ئەقلىمىزگە دەرھال خوتەن كېلىدۇ. تۆۋەندە ياڭاقنىڭ پايدىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلايلى.

ياڭاق مېغىزىدىن ھەر خىل ئېسىل ياغلارنى ئىشلەپچىقارغىلى، ھەرخىل

يېمەكلىكلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە بەزى كېسەللىكلەرنىمۇ داۋالىغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى بىر دورىگەرچىلىك ھەققىدىكى كىتابتا مۇنداق يېزىلىدۇ: «ياڭاق مېغىزىنى قايىنتىپ ئىچكەندە، تاماق سىڭمەيدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ، ياڭاق بىلەن ھۆل زەنجىۋىلنى تەڭ ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ ھەسەل قېتىپ يېگەندە، يۆتەلنى ساقايتقىلى بولىدۇ. ياڭاق مېغىزىدىن ياغ تارتىپ، ئۇنى ئىستېمال قىلغىلى، يېقىلغۇ قىلغىلى، ماشىنىلارنى ئىشلەتكىلى، سىر ياسىغىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈشىگە قارىغاندا، بىر قاداق ياڭاق مېغىزىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى توققۇز يېرىم قاداق قايماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ياكى باش قاداق تۇخۇمنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىگە تەڭ ئىكەن.

ياڭاق يوپۇرمىقىنىڭ پۇرىقى ناھايىتى مەززىلىك بولىدۇ. ئۇنى بوياقنىڭ خام ئەشياسى قىلغىلى بولىدۇ. ياڭاق يوپۇرمىقىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئۇنى سوپۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بەزى زىيانداش ھاشاراتلەرنى يوقىتىدىغان دورا ياسىغىلى بولىدۇ. ياڭاق پوستىدىن ھەر خىل دورىلارنى ئىشلىگىلى ۋە كۆنچىلىكتە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

ياڭاق ياغىچىدا كارىۋات، ستولبا، ئۈستەل، ئورۇندۇق ۋە پاراخوت، ئاپتوموبىل، پويىزلارنىڭ كوزۇپ- ۋاگونلىرىنى ياسىسا ناھايىتى چىداملىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ئاۋئاتسىيە ۋە ھەربىي سانائەتتە مۇھىم ماتېريال. ياڭاق ياغىچىنىڭ كۈلىدە كالىي ماددىسى بولغاچقا، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا بولىدىغان دورىلارنى ئىشلەش مۇمكىن. ياڭاقنىڭ ھەممە نېمىسى كېرەكلىك، قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى.



II

**دەرس تەكرار قىلىش توغرۇلۇق سۆھبەت**

ئا: بۈگۈن يېڭى دەرس ئۇقۇدۇڭلارمۇ؟

ئە: يېڭى دەرس ئۇقۇمىدۇق، تۈنۈگۈن ئۆتكەن دەرسنى تەكرار قىلدۇق.

ئا: قانداق تەكرار قىلدىڭلار؟

ئە: مۇئەللىم بىزگە تېكىستنى ئوقۇتۇپ، تەرجىمە قىلدۇردى ھەم تېكىستتىكى بەزى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلدۇردى.

ئا: جۈملە تۈزدۈرمىدىمۇ؟

ئە: جۈملە تۈزدۈردى. ئايتېكىنلەرگە جۈملە تۈزدۈردى.

ئا: ئۇلار تۈزگەن جۈملىلەر توغرا بولدىمۇ؟

ئە: بەزىلىرى توغرا بولدى، بەزىلىرى خاتا بولدى.

ئا: مۇئەللىم باشقا ساۋاقداشلارغا شۇ خاتا جۈملىلەرنى تۈزەتكۈزدى. ئاخىرىدا مۇئەللىم ساۋاقداشلار ياخشى چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈردى. بۇ قېتىمقى تەكرار ئارقىلىق بۇ دەرسنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈردۇق.

### يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Çekirdek | مېغىز |
| Yağ | ياغ |
| Eczacılık | دورىگەرلىك |
| Gıda | يېمەك |
| Kaynat - | قايناتـ - |
| Islak | ھۆل |
| Zencefil | زەنجىۋىل |
| Eşit | تەڭ |
| Karıştır - | ئارىلاشتۇر - |
| Bal | ھەسەل |
| Kat – | قاتـ - |
| İyileştir – | ساقايتـ - |
| Kristal şeker | ناۋات |
| Tüket – | ئىستېمال قىلـ - |
| Yakıt | يېقىلغۇ |
| Araştır – | تەتقىق قىلـ - |
| Boya | سىر |
| Ağırlı (ölcüt) | قاداق |
| Besin | ئوزۇقلۇق |
| Kaymak | قايماق |
| Yaprak | يوپۇرماق |
| Boya maddesi | بوياق |
| Ham malzeme | خام ئەشيا |
| Suda beklet - | چىلا – |
| Zararlı haşarat | زىيانداش ھاشارەت |
| Dericilik | كۆنچىلىك |
| Kutup | ستولبا |
| Araba | ئاپتوموبىل |
| Vagon | كوزۇپ – ۋاگون |
| Sağlam | چىدامىلىق |

| | |
|---|---|
| ئاۋىئاتسىيە | Havacılık |
| ھەربىي سانائەت | Askeri sanayi |
| كۈل | Kül |
| كالىي | potasyum |
| تۈز - | kur – |
| ئۈزلەشتۈر - | kavra - |

## گراماتىكا

### 1- «-غىلى»لىق رەۋىشداش

پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-غىلى، -قىلى، -گىلى، -كىلى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ ۋە جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كەت + كىلى ← كەتكىلى — قوپ + قىلى ← قوپقىلى

كۆر + گىلى ← كۆرگىلى — ياز + غىلى ← يازغىلى

ۋەتەننىڭ تۇپىسىنى كۆزۈمگە سۈرتكىلى كەلدىم.

ئايشەمخان ئورما ئورغىلى ماڭدى.

### 2- پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى



مەجبۇرىي دەرىجە جۈملە ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى باشقا بىر شەخسكە ئورۇنلىغۇزغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلىدىن ئىبارەت. پېئىلنىڭ مەجبۇرىي شەكلى تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە ( «-اي، - ەي، -ار، - ە» بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە « - دۇر، -تۇر، -دۈر، تۈر» ياكى «-غۇز، -قۇز، -گۈز، -كۈز» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز + دۇر ← يازدۇر
چاپ + تۇر ← چاپتۇر
يە + گۈز ← يىگۈز
ئۆس + تۈر ← ئۆستۈر

ھېسام چاقچاق قىلىپ بىزنى كۈلدۈردى.

ئاخشام ئانام مېنى كىنوغا بارغۇزمىدى.

مۇتەللىپ ماشىنىنى رېمونت قىلدۇرغىلى كەتتى.
سەن پويىز بېلىتى ئالدۇردۇڭمۇ؟
②«-اي، - ەي، -ار، - ە» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ت» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| زوراي + ت ← زورايت | ياشار + ت ← ياشارت |
| كۆپەي + ت ← كۆپەيت | كۆكەر + ت ← كۆكەرت |
| كۈچەي+ ت ← كۈچەيت | ئۆزگەر+ ت ← ئۆزگەرت |
| سۆزلە + ت ← سۆزلەت | ئوقۇ + ت ← ئوقۇت |

مەن كىيسەل كۆرىمەن.
مەن كىيسەل كۆرستىمەن.
ئۇ ماشىنا رېمونت قىلغىلى كەتتى.
ئۇ ماشىنا رېمونت قىلدۇرغىلى كەتتى.

رازى بولمىغان ئاش قوساق ئاغرىتار (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)



**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى «-غىلى» لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن تولۇلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئاغدۇر - | يۈگۈر - | چۈش - |
| ئاغرا - | ماختا - | تىللا - |
| ئېچىش - | ھۇجۇم قىل - | چاقىر - |
| يوشۇر - | توي - | پايدىلان - |

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىدىكى جۈملىگە ئۆزگەرتىڭ.

① يىغىنىدا غېنى بىر ناخشا ئېيتتى.
②تۈنۈگۈن سۇ ئۈزگىلى بارمىدىم.
②تۈنۈگۈن سۇ ئۈزگىلى بارمىدىم.
③ئۇنىڭ ئۈكىسى سائەت توققۇز بولغاندا ئۇخلىدى.
④كىچىك بالا بۇ ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

⑤ئۇ ئۆيۈمدىن كەلگەن خەتنى كۆردى.

⑥ئۇكام ھەركۈنى سائەت ئالتىدە قوپىدۇ.

⑦غەيرەت تېكىستنىڭ 1- ئابزاسىنى ئوقۇدى ۋە تەرجىمە قىلدى.

3- تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

تەڭ بۆلمەك

تەڭ ئىشلەتمەك

تەڭ كېلەلمەسلىك

تەڭ تۇرۇش

تەڭ بۆلۈش

ئاق – قارىنى ئايرىلاشتۇرماق

بۇغداي قوناقنى ئايرىلاشتۇرماق

كېسەلنى ساقايتماق

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①ئۇ تەتىلدىن پايدىلىنىپ، دوستلىرىغا كۆزگى بۇغداي تېرىيدىغان يېرىنى ئاغدۇرتۇۋالدى.

②مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس (ماقال).

③ئابدۇلنى بېقىپ چوڭ قىلغان بولساقمۇ، بىزنى زار قاقشىتىپ ئاغزى – بۇرنىمىزغىچە تويغۇزدى.

④روزا تۇتقانلار سەل بۇرۇنراق ئىشتىن چۈشسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئاغزى ئوچۇقلار ئانچە ئالدىرىمىسا بولار.

⑤بىر گۇندىپاي باشلىقى ساڭا قەغەز – قەلەم ئاچىقىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

⑥بىز ئاغىنىدارچىلىقنى قانۇن ئورنىغا دەسسەتمىگەن بولساق، ئوغلىڭىز بۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

⑦دۈشمەن ئايروپىلانى يۇرتىمىزنى بومباردىمان قىلغىلى بەش كۈن بولدى.

⑧توي كۈنى قېرىلار بىر يەردە، ياشلار بىر يەردە بولىدۇ.

⑨بۇ يىل ھۆل – يېغىن نورمال يېغىپ، يىل ياخشى كەلگەنلىكىدىن مېۋە – چېۋىمۇ قالتىس بولدى.

⑩بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى تامامەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Bu ödevi geçen hafta yaptıydım.
2) Hüseyin, Ötkür'ün yanına gittiydi, ama Ötkür'ün işi vardı.
3) Kimse ona inanmadıydı.
4) Eskiden her şeye çok çabuk sinirlenirdim.
5) Kardeşim küçükken karanlıktan çok korkardı.
6) Geçen sene sigara içiyorudum, artık içmiyorum.
7) İsmail arkadaşları ile oyun oynamazdı.
8) Bu gece kardeşimi yolcu edeceğiz.
9) Artık bize gelmez oldun.
10) Müdürümüz saat dokuzda işe gelmemizi zorunlu kıldı.

## يىگىرمە بەشىنچى دەرس
## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق

I

ئايۇپ ماڭا مۇشۇ [كىتابچىلىك \ كىتابچە / چىنىچىلىك \ چىنىچە] بىر [ئۈنئالغۇ / نەشپۈت] بەردى.

مەن ئۇيغۇرچىنى ھەسەنچىلىك [سۆزلىيەلمەيمەن / بىلەلمەيمەن / يازالمايمەن]

II

ئا: سىز بۇ [رومانىنى ئوقۇغان / كىنونى كۆرگەن / ھېكايىنى ئاڭلىغان] مۇ (سىز)؟

ئە: مە بۇ [رومانىنى ئوقۇغان / كىنونى كۆرگەن / ھېكايىنى ئاڭلىغان] (مەن)، سىزچۇ؟

ئا: مەن بۇ [رومانىنى ئوقۇمىغان / كىنونى كۆرمىگەن / ھېكايىنى ئاڭلىمىغان] (مەن).

III

ئا: سىلەر ھېلىقى ماقالىنى [كۆرۈپ / يېزىپ / كۆچۈرۈپ] بولدۇڭلارمۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: بىز ھېلىقى ماقالىنى | كۆرۈپ<br>يېزىپ<br>كۆچۈرۈپ | بولدۇق. |
| ئا: تېكىستنىڭ 3- ئابزىسىنى قايسىڭلار | ئوقۇپ<br>تەرجىمە قىلىپ<br>تەھلىل قىلىپ | باقىسىلەر؟ |
| ئە: مەن | كۆرۈپ<br>يېزىپ<br>كۆچۈرۈپ | باقاي. |

## تېكىست

### قەشقەر



قەشقەر - ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىدا پارلىغان نۇرلۇق مەرۋايىت، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمى شەھەر. تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈركىي ۋە باشقا مىللەتلەر خېلى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشاپ مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك خاقانىيە خانلىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان. خاقانىيە سۇلالىسى ئاز كەم 400 يىل سەلتەنەت سۈرۈش جەريانىدا، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قوشنا ئەللەر مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 11-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ۋەكىل خاراكتېردىكى ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر « قۇتادغۇ بىلىك» ۋە « تۈركىي تىللار دىۋانى» قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، « تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىق. « قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئۆلمەس ئەسەرنى قەشقەردە يېزىپ چىققان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن.

قەشقەر رايونى قەدىمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدا بولغاچقا، ئۇ يالغۇز شەرق بىلەن غەرب سودا ئىشلىرىدا مۇھىم بولغان زۆرۈر جاي بولۇپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ،

دۇنيادىكى تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ۋە نام-ئاتىقى بار بىر قانچە چوڭ دىن بۇ زېمىندا ئۇچراشقان. شۇ تۈپەيلى چەتئەللىك بەزى ئالىملار بۇ رايوننى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ «خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ ئاچىلى» دەپ سۈپەتلىگەن.

قەشقەردە ھازىرقى بار بولغان قەدىمى شەھەر كوچىلىرىدىن ھېيتگاھ جامائەسىنى مەركەز قىلغان چاسا كوچا، ئوردا ئالدى، بۇلاق بېشى، ئوردا مەسچىتى، دۆڭمەسچىت، جانقۇرغان، تۆرياراباغ، كونا دەرۋازا يولى، يار بېشى كۆلالىچىلار مەھەللىسى قاتارلىق جايلار ئۆستەڭ بويى ئەتراپلىرىغا مەركەزلەشكەن. ئوردا بېشى يولى، كونا دەرۋازا يولى، يارباغ يولى، ئاربيا يولى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمي تۈرلۈك- كوچىلار قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە بولۇپ، جانقۇرغان كوچىسى بىلەن بۇلاق بېشى كوچىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەنە 20 نەچچە تار كوچىلارغا ئايرىلغان. ئومۇمىي دائىرىسى 2 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئون نەچچە مىڭ ئائىلە ئولتۇراقلاشقان. بۇ كوچىلارنىڭ بەرپا قىلىنىش تارىخىنى مىلادى 10- ئەسىرلەرگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. ئولتۇراق رايوندا ھازىر ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 12سى بار. بۇ يەردىكى ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بولسۇن ياكى مەسچىت قۇرۇلۇشلىرى، رەستىلەر قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇش تۈسىنى ئالغان. كوچىلار ئەگرى- بۈگرى، ئۆمۈچۈك تورىدەك ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. خۇددى سىرلىق ئوردا، قەلئە يوللىرىغا ئوخشايدۇ. ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى قۇرۇلما جەھەتتە خام كېسەك، توپا، پىششىق خىش، ئەنجان تاملاردىن ياسالغان. ئۆينىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنىۋېرىپ ئالدى يەر يۈزىدىن 4- 5 قەۋەتچە ئېگىزلەپ، يىراقتىن قارىغاندا قەلئەگىلا ئوخشاپ قالغان. ئولتۇراق رايوندا يەنە ئەسلى ئورنىغا ئەسلى ھالىتىنى ساقلىغان ئاساسدا پىششىق خىشتىن يېڭىلىنىۋاتقان تۈرلۈك كوچىلارمۇ بار. ئولتۇراق ئۆيلەر بەك زىچ سېلىنغانلىقتىن كوچىلار خېلىلا تار. ئەسلى ھالىتىنى ساقلاش ۋە ئۆرۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرەكلەر بىلەن يۆلەپ قويۇلغان تۈرلۈك- كوچىلارمۇ بار. تار كوچىلارنىڭ ئۈستى يېپىلىپ، ئۆي قىلىنغان. كوچىلارنىڭ باش- ئاخىرىنى پەرق ئەتمەك ئىنتايىن تەس. بەزىدە بۇ كوچىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەر ئۆزلىرىمۇ ئادىشىپ قالىدىكەن. بىر قىسىم كوچا بۆلەكلىرىدە ئىككىنچى بىر كوچىغا ئايلىنىش يول كۆرسەتكۈچ بەلگىلىرى كۆرسىتىپ قويۇلغان. بىر قىسىم كوچىلارغا پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەرگە جايلاشقان ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پەس بولغاندا ئىككى قەۋەت، بەزى تۈرلۈكلار ئۈچ- تۆت قەۋەت بولغاچقا ئالقانچىلىك بوشلۇقلارمۇ ئائىلىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. قورولارغا پەقەت بىرلا ياغاچ دەرۋازىدىن كىرىپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى يان ئۆيلەرگە قايرىلغىلى، پەشتاق- پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئۈستۈنكى قەۋەتلەرگە چىققىلى بولىدۇ، ئۆگزىنىڭ گىرۋەكلىرى بىر

200

مېتىر ۋە بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا ئېگىزلىتىپ، كۈننىڭ ئىسسىق چاغلىرىدا كېچىسى ئارام ئېلىشقا پايدىلىنىلغان. ئاستىنقى قەۋەتتىكى قورو ئىچى ئىنتايىن تار بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر بىرەر تۈپ ئەنجۈر كۆچىتى، ئانار كۆچىتى، بىرەر تۈپ گۈل تىكىپ ياكى گۈللۈكلەرنى ياساپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئىقتىسادى ئەھلى كۆچى بويىچە ئايۋان- ساراي، پېشايۋانلار ئىسىل بېزىلىپ، گىلەملەر سېلىپ قويۇلغان.

بۇ يەردىكى جانقورغان، بۇلاق بېشى كوچىلىرىدىن باشقا، يار بېشى كۈلالچىلار مەھەللىسى قەدىمىيلىكى، ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدۇ. 40 مېتىرچە ئېگىزلىكتە 800 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان كۈلالچىلار مەھەللىسى تۆت- بەش يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ كوچىدا كولالچىلار كۆپرەك مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن «يار بېشى كولالچىلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان.

قەشقەر شەھىرىدىكى بۇ قەدىمىي تۇرالغۇ- كوچىلار قەشقەر شەھىرى سەيلە- ساياھەتچىلىكىنىڭ يارقىن نۇقتىسى بولۇپ قالغان. بۇ كوچا- مەھەللىلەر قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە، ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىغا، ئاھالە ئەڭ زىچ ئورۇنلارغا جايلاشقان. ئاھالىلەرنىڭ سەيلە- ساياھەتچىلىك ئېڭى، تىجارەت ئېڭى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ يەردىكى ئىش باشقارمىلىرى، شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ئورۇننى ساياھەت نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن ھەمدە بۇ كوچىلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە «كۈلالچىلار ئائىلىسى»، «مىللىي چالغۇ- ئەسۋابلار ئائىلىسى»، «دوپپىچىلار ئائىلىسى»، «كەشتىچىلىك ئائىلىسى»، «مىسكەرچىلىك ئائىلىسى»، «پىچاقچىلىق ئائىلىسى»، «گىلەم توقۇش ئائىلىسى»، «ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئائىلىسى»، «ئاسارە- ئەتىقە يىغىپ ساقلىغۇچىلار ئائىلىسى» دېگەندەك ئوخشىمىغان ۋىۋىسكىلارنى ئېسىپ، قەدىمى شەھەر ساياھەتچىلىكى، قەدىمى كوچا- تۇرالغۇ ساياھەتچىلىكى؛ مەدەنىيەت يادىكارلىق، ئاسارە - ئەتىقە بۇيۇملىرى ساياھەتچىلىكى؛ مىللىي ئۆرپ- ئادەتلەر ساياھەتچىلىكى؛ مىللىي قول- ھۈنەر سەنئىتى ساياھەتچىلىك تۈرلىرىنى ئائىلە ساياھەتچىلىكى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق بولغان ساياھەت بايلىقىنى ئاچقان.

قەشقەر شەھىرىدىكى بۇ قەدىمى كوچا- تۇرالغۇلار، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ قول- ھۈنەر سەنئىتى، ئۆرپ- ئادىتى، بىناكارلىق مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخنىڭ ئەينى سىماسىدۇر. بۇ جاي بىزگە يىراق قەدىمى دۇنيانىڭ تەسراتىنى بېرىدۇ. قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇ قەدىمى كوچا تۇرالغۇلىرىنى ئايلانغاندا، ھەر بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى بايقىغاندا، نەچچە يۈز يىل، ھەتتا مىڭ يىل ئالدىدىكى دەۋردە تۇرۇۋاتقاندەك، قىسقىغىنا ھاياتتا نەچچە دەۋرنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەندەك بىلىنىدۇ.

## يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Görkemli, İhtişam | پارلاق |
| Aydınlı, güneşli | نۇرلۇق |
| İnci, sedef | مەرۋايىت |
| Eski | قەدىم |
| Vadi | ۋادا |
| Oldukça, epey | خېلى |
| Renkli | رەڭدار |
| Sür - | سۈر - |
| Beşik | بۆشۈك |
| Komşu | قوشنا |
| Öğretmen, yazar | مۇئەللىپ |
| Değiş - | ئالماش - |
| Uzlaş - | كېلىشتۈر - |
| Nitele -, tarif et - | سۈپەتلە – |
| Sokak | كوچا |
| Cadde | مەھەللە |
| Başkanlık | باشقارما |
| Ahali, nüfus | ئاھالە |
| Eğri büğrü | ئەگرى – بۈگرى |
| Örümcek | ئۆمۈچۈك |
| Kenetle, kilitle - | گىرەلەش - |
| Kerpiç | خام كېسەك |
| Tuğla | خىش |
| Kalabalık, yoğun | زىچ |
| Kavak | تېرەك |
| Sap - | ئاداش - |
| Basamak | پەلەمپەي |
| Avuç | ئالقان |
| Avlu | قورۇ |
| Çatı | ئۆگزە |
| Uç | گىرۋەك |
| Meşgul ol - | شۇغۇللان - |
| Profesyonel | كەسپىي |
| Antik eşya | ئاسارە – ئەتىقە |

## گىراماتىكا

### 1- تەكلەشتۈرمە كېلىش

تەكلەشتۈرمە كېلىش بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان مىقدار ياكى دەرىجە جەھەتتىكى مەلۇم ئوتاقلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-چە، -چىلىك» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كېرەمچىلىك چېغىمدىلا ئات مىنەلەيتتىم.

قۇتلۇقنىڭ مۈشتۈمى توخۇمچىلىك بار.

ئۇ سۇغا ئارقىسىچە سەكرىدى.

مەن سىزچىلىك يۈگۈرەلمەيمەن.

### 2- پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ماقالىنى مەن گېزىتتە كۆرگەن.

بوۋام چەتئەلگە پەقەتلا چىقىپ باقمىغان.

يىراقتىكى دۈشمەندىن، ئايىنىپ كەتكەن دوست يامان. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)



## كۆنۈكمە

1- تۆۋەندىكى پېئىللانى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئايدىڭلاش - | ئاسرا - | ئەتىۋارلا - |
| چۆك - | ئىزدەن - | ئەجەبلەن - |
| ئايان بول - | ئەپسۇسلان - | زەربە بەر- |
| قۇتۇل - | ئەپلەشتۈر- | چۆچۈت - |
| ئاۋايلا - | ياراش - | قىستۇر - |

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

①ئۇيغۇر ئوت يۈرەك ئۇستاز مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى 1901- يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەن كەنتىدە توختاجى ئىسىملىك يېتىشكەن تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

②بۇ مەسىلە مېنىڭ كاللامدا بۇرۇنلا ئايدىڭلىشىپ بولغان.

③مەن ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ بەخت گۈلىنىڭ ئەبەدىلئەبەد توزۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن.

④«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇيغۇر خەلقىگە زور يوقۇتۇشلارنى ۋە زىيانلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلانى ئەبگارلاشتۇرۇۋەتكەن.

⑤ئۇ نىجاتتىن ئارتۇقچە ئاغرىنىپ يۈرگەنلىكىگىمۇ قاتتىق خىجىل بولدى. شۇ ئاخشىمى نىجات بىلەن كۆرۈشۈشكە بارالمىغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

⑥مەكتەپقۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەندۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەن پەقەت بىر يىللا ئوقۇغان.

⑦ئۆز ۋاقتىدا قاسىمنىڭ قىلغان – ئەتكەنلىرى ماڭا تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلغان.

⑧ھامۇت ئىدارىنىڭ ئامبارچىسى بولغان ۋاقتىدا خىيانەتتىن قول ئۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن قانۇن ئالدىدا ئەدىبىنى يېگەن.

⑨ۋەلىچىلىك ئىنگلىزچە سەۋىيەم بولغان بولسا، ماگىستىرلىققا ئىمتىھان بەرگەن بولاتتىم.

⑩كونىلۇن تىزمىلىرىدىكى يېشىل قارىغايلار ۋە زەرەپشان قىرغاقلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

⑪ئۇنىڭ دورىگەرلىككە ئائىت ئۈچ پارچە ماقالىسى چەتئەلدىكى نوپۇزلۇق ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان.

⑫دادامغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكلەرگە تەن بەرمەكچى بولدۇم.

⑬نۇر بوۋاي ئۆتمۈشتە دەرد – ئەلەم چەككە، زۇلۇمنىڭ تاغلىرى قەددىنى ئەگكەن.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Onun kadar maddi durumu
m iyi olsaydı, çoktan ticarete atalacaktım.
2) Daha önce trene binmemiştim, çok heyecanlandım.
3)Ali eve zamanında dönmemişti, babası ona kızdı.
4)Bir saat kadar önce sizi anneniz aramıştı.
5)Üniversitede öğrenciyken ödevlerimi düzenli olarak yapardım.
6)Dedem sigare içmezdi.
7)Uyumayacaktım ama çok yorgundum.
8)Sebze almayacatım fakat sebzeler çok taze idi.
9)Hani bekleyecektiniz, hemen gelmişsiniz.
10)Bu ekonomik krizi sıkı önlemler alarak aşabilirsiniz.

## يىگىرمە ئالتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| (ئەگەر) | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | دەرسنى تېز | سۆزلىسەم<br>سۆزلىسەڭ<br>سۆزلىسىڭىز<br>سۆزلىسە | ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمەيدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| (ئەگەر) | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | ھېيتكار جامەگە | بارساق<br>بارساڭلار<br>بارسا | ھەممىز بىرلىكتە رەسىمگە چۈشەيلى. |

ئا: ئەمەتنى يوقلىغىلى قاچان بارىمىز؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: (ئەگەر) | توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمىسەك<br>مەجلىس ئاچمىساق | چۈشتىن كېيىن بارىمىز. |

205

II

ئا: بۇ رومانىنى ئالامسىز؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: (ئەگەر) | ياخشى<br>ئەرزان<br>قىزىق | بولسا، ئالاي. |

ئا: چۈشتىن كېيىن نېمە قىلىسىلەر؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: (ئەگەر) | ئىش<br>كىنو | بولمىسا، نومۇر تەييارلايمىز. |

III

| | | | |
|---|---|---|---|
| (ئەگەر) بۇ | ناخشىنى ئۆگەنگەن<br>ھېكايىنى ئاڭلىغان<br>ژورنالنى كۆرگەن | بولساڭلار، باشقىسىنى | ئۆگىنەيلى.<br>ئاڭلايلى.<br>كۆرەيلى. |

| | | |
|---|---|---|
| (ئەگەر) ئۇ | تاماق يەۋاتقان<br>دوكلات تەييارلىۋاتقان | بولسا، چاقىرماڭ. |

IV

تۈنۈگۈن يامغۇر ياغمىسا \ ياغمىغان بولسا، دالا سەيلىسىگە چىقاتتۇق/چىققان بولاتتۇق.
دەرسىمىز بولمىسا، ئەتىكى ئىلمىي لېكسىيىنى بىزمۇ ئاڭلايتتۇق/ئاڭلىغان بولاتتۇق.
ئەتە بولساڭلار، كۆرۈشەلمەيتتۇق \ كۆرۈشەلمىگەن بولاتتۇق.

V

بۇ ئىمارەتلەر پۈتۈپ قالدى.
بۇ دەرسىمۇ تۈگەپ قالدى.
قىش تۈگەپ باھار كېلىپ قالدى.

VI

سەن ئۆزەڭنىڭ قەلىمىڭدە \ قەلىمىدە ياز.
سىز ئۆزىڭىزنىڭ قەلىمىڭىزدە \ قەلىمىدە ياز.
ئۇ ئۆزىنىڭ قەلىمىدە يازسۇن.
مەن ئۆز قەلىمىمدە يازاي.
سەن ئۆز قەلىمىڭدە ياز.
سىز ئۆز قەلىمىڭىزدە يېزىڭ.
ئۇ ئۆز قەلىمىدە يازسۇن.
بىز ئۆزىمىزنىڭ ئورنىمىزدا \ ئورنىدا ئولتۇرايلى.
سىلە ئۆزەڭلارنىڭ ئورنىڭلاردا \ ئورنىدا ئولتۇرۇڭلار.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرسۇن.

بىز ئۆز ئورنىمىزدا ئولتۇرايلى.
سىلەر ئۆز ئورنىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار.
ئۇلار ئۆز ئورنىدا ئولتۇرسۇن.

## تېكىست

### ئاتۇش گىردىسى

ناۋادا سىز قەدىمىي شەھەر ئاتۇشقا بارغۇدەك بولسىڭىز، ئالدى بىلەن يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا قاتار ئولتۇرۇپ گىردە سېتىۋاتقان ئادەملەرنى ئۇچرىتىسىز. رەتلىك تىزىلغان، چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان

چىرايلىق گىردىلەر سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمايدۇ. سىز بۇ گىردىلەردىن ئىختىيارسىز بىر نەچچىنى سېتىۋالماي بۇ يۇرتتىن كېتەلمەيسىز.

شۇنداق، ئاتۇش گىردىسى - ئاتۇشتىن چىقىدىغان ئەنجۈرگە ئوخشاشلا داڭلىق. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاتۇشنىڭ داڭلىق قوشكېزەكلىرى. ئويلاپ بېقىڭ، بىرى قىزىق تونۇردا پىشسا، يەنە بىرى تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا پىشىدۇ.

ئاتۇش گىردىسى ئاجايىپ يېيىشلىك، ئاجايىپ تەملىك! بىلەمسىز، ئۇنىڭغا ئاتۇش دېھقانلىرىنىڭ تاشلىقنى ئاشلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇشتا تۆككەن ھالال تەرى سىڭگەن.

مەن ئاتۇش گىردىسىگە بەكمۇ ئامراق. ئاتۇشنىڭ ئىشچان ناۋايلىرى خېمىرنى كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن قايتا - قايتا تاۋلاپ، بۇ يۇرتنىڭ قاقاس تاغلىرىدىن چىقىدىغان سۆزگەن بىلەن تونۇرنى ئوبدان قىزىتىپ تاۋلاپ، كىچىك - كىچىك گىردىلەرنى ياقىدۇ. سىز تونۇردىن ئەمدىلا چىققان چىرايلىق گىردىلەرنى كۆرگەندە، ھاياجانلانماي تۇرالمايسىز. ئۇ بەئەينى كىشىنىڭ ھەۋسىنى كەلتۈرىدىغان قىزىرىپ پىشقان بىر دۆۋە ئالمىغا ئوخشايدۇ.

مەن ئاتۇش گىردىسىگە كىچىكىمدىن تارتىپ بەك ئامراق. ئېھ، ئاتۇش گىردىسى، سەن سەنئەتكار ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان يەنە بىر سەنئەت. تىلغا تەم، تەنگە كۈچ بېغىشلايدىغان ئالىي نېمەت. مەن سېنى مەدھىيىلەيمەن، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن.



### يېڭى سۆز - ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| ئاتۇش | Artış (yer adı) |
| ناۋادا | Eğer |
| قەدىمىي | Eski, antik |
| قاسناق | Yaka |
| گىردە | Tandır ekmeği |

| | |
|---|---|
| Karşılaş – | ئۇچرا - |
| Dikkat çek – | جەلپ قىل - |
| Farkında olmayan | ئىختىيارسىز |
| İkiz | قوشكېزەك |
| Tandır | تونۇر |
| Güneşli | ئاپتاپ |
| Acayip | ئاجايىپ |
| Lezzeli | يېيىشلىك |
| Dök – | تۆك- |
| Sin – | سىڭ – |
| Beğen – | ئامراق بول - |
| Ekmekçi | ناۋاي |
| İşle – | تاۋلا – |
| Çorak | قاقاس |
| Kızart – | قىزىت - |
| Güya | بەئەينى |
| Heveslen – | ھەۋىسى كەل - |
| Küme | دۆۋە |
| Yarat – | يارات - |
| Sanat | سەنئەت |
| Ada – | بېغىشلا – |
| Öv – | مەدھىيلە - |



## گراماتىكا

### 1- پېئىلنىڭ شەرت رايى

شەرت رايى مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر ھەرىكەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر.

بۇ خىل راي شەكلىگە پېئىل ئۆزىكىگە «- سا، -سە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم شەخس، سان قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. بۇ مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقىغا باغلىق بولۇپ كېلىدۇ.

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I شەخس | | -سەم، - سام | -سەك ،-ساق |
| II شەخس | ئاددىي تۈرى | --سەڭ، -ساڭ | -سەڭلار، -ساڭلار |
| | سىپايە تۈرى | | |
| III شەخس | | - سە، - سا | |

مەسىلەن:

كەل + سەم ← كەلسەم　　　ئوقۇ + ساق ← ئوقۇساق

بەر + سەڭ ← بەرسەڭ　　　قىل + سىڭىز ← قىلسىڭىز

ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول.

ئىشلىسەڭ، چىشلەيسەن.

بۈگۈن يامغۇر ياغمىسا، تاغقا چىقىمىز.

قېلىنراق كىيىنمىسەڭ، سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ.



**2- « -قال -» ياردەمچى پېئىلى ۋە بىر قىسىم ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن تەركىب تاپقان «-پ»لىق رەۋىشداشلار بىرىكىپ كەلگەندە، «-پ»لىق رەۋىشداش ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىپ بولۇشىغا ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:**

مېنىڭ ئۇكام ئوقۇش يېشىغا يېتىپ قالدى.

ئوقۇشىمىزمۇ تۈگەپ قالدى.

سىلەر ئۇيغۇرچىنى خېلى ياخشى بىلىپ قالدىڭلار.

**3- ئۆزلۈك ئالماش**

ئۆزلۈك ئالماش شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئالماشتۇر. تىلىمىزدىكى ئۆزلۈك ئالماش «ئۆز»دېگەن بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھامان ئىسمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن تەۋەلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالماش ۋە ئىسىملارغا شەخس، سان، ئاتاش تۈرى جەھەتتە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەن ئۆزۈم، بىز ئۆزۈمىز، سەن ئۆزۈڭ، سىز ئۆزىڭىز، سىلى ئۆزلىرى، سىلەر ئۆزۈڭلار، ئۇ ئۆزى، ئۇلار ئۆزلىرى.....

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | ئۆزۈم | ئۆزىمىز |
| II-شەخس | ئاددىي تۈرى | ئۆزەڭ | -ئۆزەڭلار |
| | سىپايە تۈرى | ئۆزىڭىز، ئۆزلىرى | |
| III-شەخس | | ئۆزى | |

مەن ئۆزەم باراي.

بۇ خەتنى ئۆزەڭ يازدىڭمۇ؟

مەن قاسىمنىڭ ئۆزىدىن سورىدىم.

ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىقىدا.

**4-جۈملە**

جۈملە بولۇش ئۈچۈن تولۇق ئاياغلاشقان ئوي – پىكىرنى ئىپادىلىشى كېرەك. ئەمما، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي – پىكىر ئاددىي بولۇشىمۇ، مۇرەككەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، جۈملىلەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. 210

**1) ئاددىي جۈملە**

ئاياغلاشقان بىرلا ئوي – پىكىرنى بىلدۈرگەن، ئايرىم جۈملىلەرگە بۆلۈنمەيدىغان جۈملىلەر ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن دەرسكە كىرىشتى.

ئۇ بىلىپ تۇرۇپ ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ.

**2) قوشما جۈملە**

مەنە جەھەتتىن ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، قۇرۇلما جەھەتتىن بىر – بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان تىل بىرلىكى قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەنە،تۈزۈلۈش ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تارماق جۈملىلەرنىڭ قوشۇلمىسى قوشما جۈملە، دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

كىم ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ئاجىزلىق، مىسكىنلىككە

دۇچار بولىدۇ (قابۇسنامىدىن).

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئىككى ئاددىي جۈملە بولسىلا بىر قوشما جۈملىنى تۈزۈشكە بولمايدۇ. قوشما جۈملىنى تۈزگۈچى ئاددىي جۈملىلەر چوقۇم مەنە جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر - بىرى بىلەن زىچ گراماتىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئايرىم تۇرغان ئاددىي جۈملە بىلەن بىرىكىپ قوشما جۈملە ھاسىل قىلىش ھالىتى ھېچقانداق پەرققە ئىگە بولمايدۇ.

كۆكلىكى كالتە كېلىپ قاپتۇ، كەشتە تىكىلگەن كوپتىسىمۇ كىچىك كېلىپ قاپتۇ، ئەمدى يېڭى كىيىم توغرىسىدا ئويلاش كېرەك.

يامغۇر ياغسا، يەر ھۆل بولىدۇ.

دوستۇم، كۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپتىكى، مەن بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم.

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ (سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ) ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەڭداش قوشما جۈملە، بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئارىلاش قوشما جۈملە دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

211

**① تەڭداش قوشما جۈملە**

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تولۇق ئاياغلاشقان شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىل - تەربىيىگە مۇھتاج، ئىلىم - ئەخلاق پەزىلەتكە موھتاج، شادلىق - تىنچلىققا موھتاج، يېقىنلىق - مۇھەببەتكە موھتاج.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

كۆز يېشى بەدىنىنى قۇرۇتتى، يۈرىكىنى ھالسىراتتى، ئۇيقۇ غىزاسىنى ئازايتتى.

سىرتتا بوران چىقىۋاتىدۇ ھەم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

مەن سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزنى قوللايمەن، ئەمما شەخسىي ئىشلىرىمغا ئارىلىشىشىڭىزنى خالىمايمەن.

مەن باردىم، شۇنىسى ئۇ بارمىدى.

**② بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما جۈملە بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ناۋادا شەھەردە ياشاپ، شەھەر قىزلىرىچە كىيىنگەن بولسا، گۈللەرنىڭ گۈلى بولىدىكەن بۇ رەنا.

ئۈنچىلىك پۇلۇم بولغان بولسا، سىېنىڭ يېنىڭغا كەلمىگەن بولاتتىم.

سىزنى بەك سېغىندىم، شۇڭلاشقا كەلدىم.

**③ ئارىلاش قوشما جۈملە**

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەر ئارىلاش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

سۇ بولسىلا، بېلىق بولىۋەرمەيدۇ، ئەمما بېلىق بار يەردە سۇنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر.

بۇقا بوينىغا يىغار، ئابدال قوينىغا يىغار. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1 - تۆۋەندىكى پېئىللانى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭ.



| | | |
|---|---|---|
| چەكلە – | تارت - | قىينا – |
| تۇرغۇز – | توختا – | بېكىت - |
| بەلگىلە – | تەييارلا – | ئاجىزلاش - |
| قوغدا – | ئۇيۇش - | كۆچەي - |

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①بىزنىڭ يۇرتىمىز ئاجايىپ گۈزەل.

②ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدۇ.

③بۇ سۇ شۇنداق سۈزۈك ئىدىكى، تېگىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

④بۇ ئىش ئەمەلگەن ئاشمىسا، كۆل بولىمىز كېتىمىز.

⑤يا ئادەملەرنىڭ كۆزى قارىغۇ، ياكى ئەمەلنىڭ كۆزى قارىغۇ.

⑥ياخشىلىققا ياخشىلىق - ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق – ئەر كىشىنىڭ ئىشى.

⑦پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، پاكىت ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى، قېنى، پاكىتقا قاراپ باقايلى.

⑧ئۆمۈر بويى ئۆي - ماكانسىز ئۆتۈشكە رازىمەنكى، ھەرگىز بۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلمايمەن.

⑨بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە كىرەلىگەن بولسام. قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

⑩بىلىملىك كىرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كىرەكسىز سۆزنى كۆمۈپ تاشلايدۇ.

⑪دەل - دەرخلەر سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى تاشلىماقتا ۋە ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇماقتا.

⑫تەپەككۇر تىلسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇرسىز تىلمۇ بولمايدۇ.

⑬ھازىر ئايلىنىپ كېلىشكە بەك كېچىكتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تالادا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

⑭شۇ ئات شۇ يۇرت كاتتىلىرىنىڭ يە بېشىنى تىك قىلىدۇ، يە يەرگە ساڭگىلىتىدۇ.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Onlar benim için çok önemlidir.
2) Alışveriş yaparken çocukluk arkadaşımla karşılaştım.
3) Çok param olsa araba alırdım.
4) Bizimle gelirsen çok sevinirim.
5) Bana öyle geliyor ki sen o işi başaracaksın.
6) Yeteri kadar çalışmadı ki sınavı kazansın.
7) Sabah kalktı, kahvaltısını yaptı, dışarı çıktı.
8) Sonbaharda yapraklar sararır, havalar serinler.
9) Kahkahalarla gülüyor, etrafındakilere hiç aldırmıyordu.
10) Gülüyor, eğleniyor, hoş vakit geçiriyorduk.
11) Ona bir şey söylemek istiyordu fakat buna cesaret edemiyordu.
12) O kadar konuştum da anlatamadım.

4- جۈملە تۈزۈڭ.

ئۇچرىماق، يېيىشلىك، سىڭمەك، بېغىشلىماق، مەدھىيىلىمەك

214

## يىگىرمە يەتتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ساۋاقداشلار | تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇشتى | . |
| | ئويۇن كۆرۈشكە كېتىشتى | |
| | ھېلىقى مەسىلە توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلىشىۋاتىدۇ | |

II

| | | |
|---|---|---|
| ئۇلار | كۆرۈشمىگىلى | ئۇزۇن ۋاقت بولدى. |
| | خەت يېزىشمىغىلى | |
| | ئالاقە قىلىشمىغىلى | |

| | | |
|---|---|---|
| مەن مەغپىرەتلەر بىلەن ئۇرۇمچىدە | تونۇشقان | . |
| | كۆرۈشكەن | |
| | ئۇچراشقان | |

III

| | | |
|---|---|---|
| كامىل مېنىڭ | ۋەزىپەمنى ئورۇندىشىپ | بەردى. |
| | سائىتىمنى رېمونت قىلىشىپ | |
| | نەرسە – كېرەكلىرىمنى توشۇشۇپ | |

IV

| | | |
|---|---|---|
| ئۇ | ھېلىقى ماقالىنى ئۈچ قېتىم كۆرگەنىدى | . |
| | ھېلىقى ماقالىنى ئۈچ قېتىم تۈزەتكەنىدى | |
| | ئۈلۈشكۈن بىر قېتىم توپ مۇسابىقىسىگە قاتناشقانىدى | |
| | تۈنۈگۈن ئىككى مىسرا شېئىر يازغانىدى | |

بۈگۈن يەنە

| |
|---|
| بىر قېتىم كۆردى |
| بىر قېتىم تۈزەتتى |
| بىر قېتىم قاتناشتى |
| بىرنى يازدى |

بۇ ئىمارەتلەر سېلىنغاندا،

| |
|---|
| مەن |
| سەن |
| سىز |
| ئۇ |

تېخى باشلانغۇچ مەكتەپكىمۇ

| |
|---|
| كىرمىگەنىدىم |
| كىرمىگەنىدىڭ |
| كىرمىگەنىدىڭىز |
| كىرمىگەنىدى |

ئا: تۈنۈگۈن سىزنى تاپالمىدىم،

| |
|---|
| كۇتۇپخانىغا كىتاب ئالغىلى |
| ئايرودرومغا ئاكىڭىزنى كۈتۈۋالغىلى |
| سودا - سېتىق قىلغىلى |

كەتمىگەنىمىدىڭىز؟

ئە: ھەئە

| |
|---|
| كۇتۇپخانىغا كىتاب ئالغىلى |
| ئايرودرومغا ئاكىڭىزنى كۈتۈۋالغىلى |
| سودا - سېتىق قىلغىلى |

كەتكەنىدىم.

V

مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن،

| |
|---|
| ئىشلەۋېرىڭلار |
| ئۆگىنىۋېرىڭلار |
| سۆزلىشىۋېرىڭلار |

مۇنچىلىك يامغۇر نېمە،

| |
|---|
| مۇسابىقىنى باشلاۋېرىمىز |
| ئۆيگە كېتىۋېرىمىز |
| باغچىغا بارىۋېرىمىز |

VI

| | | |
|---|---|---|
| هازىر | كىتاب ئارىيەت ئېلىشقا<br>كېسەل كۆرستىشكە<br>مۇنچىغا چۈشۈشكە | بولىدۇ. |
| ئا: بۇ | لۇغەتلەرنى ئارىيەت ئېلىشقا<br>گېزىتلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا | بولامدۇ؟ |
| ئە: ياق، | ئارىيەت ئېلىشقا<br>سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا | بولمايدۇ، پەقەت مەشەدىلا كۆرۈشكە بولىدۇ. |

## تېكست

### مەن ئوقۇۋېتتىم

ھەممە دەرسلەردە ياخشى كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىم ئايشەمگۈلنىڭ مەكتەپكە كەلمىگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولدى. مەن ئىككى قېتىم ئۆيگە بارغان بولسامۇ، يا ئايشەمگۈل بىلەن، ئاتا – ئانىسى بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە شۇ قىز ئوقۇغۇچى ئىسمىگە كېلىپ قالدى. 216

مەن قورسىقىمنى توقلىۋېلىش ئۈچۈن يولنىڭ چېتىدىكى كىچىك بىر ئاشخانىغا كىردىم. مەن ئەمدىلا مېلەگزىنى قايرىپ، بوسۇغىدىن پۇتۇمنى ئېلىشىمغا: « كەلسىلە ئاكا، تامىقىمىز تەييار» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايشەمگۈل ئالدىمغا چىقتى – دە، مېنى كۆرۈش بىلەن نېمە قىلارىنى بىلمەي، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. مەن ئېغىز ئاچتىم:

- ھە، ئايشەمگۈل! سىز...، - دۇكاننىڭ ئىچىدىكى كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ يېتىپ، ماڭا غەزەپلىك قادالغان كىشىگە كۆزۈم چۈشۈپ، دېمەكچى بولغان گېپىمنى دېمەيلا قويدۇم. ئۇ كىشى ئايشەمگۈلگە ۋاقىرىدى:

- ھە، كالىدەك گۈشىيىپ تۇرسەنغۇ؟ مېھمانغا چاي قۇي!....

مەن ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان پۇتلىرى غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە ھېلىقى كىشىدىن:

- سىلە ئايشەمگۈلنىڭ دادىسى بولاملا؟ دەپ سورىدىم.

- ھەئە، ئۆزلىرىچۇ؟ دېدى ھېلىقى كىشى.

- مەن ئايشەمگۈلنىڭ سىنىپ مۇدىرى بولىمەن.

- ھە، شۇنداقمۇ؟ - ئۇ سەل ئۆرە بولدى.

- ئايشەمگۈلنىڭ...

- ئايشەمگۈل مەكتەپكە بارمىدى دېمەكچىمۇ سىز؟ - ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئۇ ئەمدى ئوقۇمايدۇ. مەنمۇ ئوقۇمىغان، بىر ئوبدان پۇل تېپىۋاتىمەن.

- ئايشەمگۈل تېخى كىچىك، ئوقۇش يېشىدىكى بالا. ئۇ ئوقۇغىنى ياخشى.... – مەن ئايشەمگۈلنىڭ دادىسىغا ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق كۆپ چۈشەندۈردۈم.

- قىزىمنىڭ ئانىسى يوق، ئەمدى ئۇ مەكتەپتىن توختاپ قالسا بولار. ئۆزىنىڭمۇ ئوقۇغۇسى يوق...، - دېدى ئۇ كىشى تاماكىسىنى پات – پات شوراپ تۇرۇپ.

شۇ ۋاقىتتا ئايشەمگۈل بىر تەخسە لەگمەننى ئەكىلىپ ئالدىمغا قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن دادىسىنىڭ گېپىگە نارازى ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى.

- قېنى ئايشەمگۈل ئۆزى دەپ باقسۇن، - مەن قىزغا قارىدىم،- سىزنىڭ ئوقۇغىڭىز بارمۇ – يوق؟

ئايشەمگۈل يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى، مەن سوئالىمنى يەنە تەكرارلىدىم. ئايشەمگۈل ئاخىرقى قېتىم ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى – دە، ئاستاغىنا:



- مېنىڭمۇ ئوقۇغۇم بار ئىدى، - دېدى ئارانلا.

«چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايشەمگۈلنىڭ ئوڭ مەڭزىدە بەش قولنىڭ ئىزى پەيدا بولدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەنە ئۇرماقچى بولۇپ قول كۆتۈرۈۋاتقان ئايشەمگۈلنىڭ دادىسىنى تۇتۇۋالدىم ھەمدە ئۇنىڭغا ئايشەمگۈلنى ئوقۇتۇش ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلدىم.

مەن ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا ئايشەمگۈلنىڭ دادىسىغا يالۋۇرۇپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

- جېنىم دادا، مەن ئوقۇيتتۇم... ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇسام بولمامدۇ؟.....

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Dönüş-,Gez-,Dolaş- | ئايلان- |
| Kenar | چەت |
| Perde | مېلەگزە |
| Burk – | قايرا – |
| Eşik | بوسۇغا |

| | |
|---|---|
| Ağaç çivisi, kazık | قوزۇق |
| Yatak | كارىۋات |
| Uza -, gerin – | سوزۇلۇپ ياتـ - |
| Suskun - | گۆشەيـ- |
| Gacırda – | غىچىرلا – |
| Sınıf öğretmeni | سىنىپ مۇدىرى |
| Kıvrıl – | پۇرۇشتۇر – |
| Arı – sıra | پات - پات |
| Em -, Çek – | شورا – |
| Pat diye | چاڭ |
| Yanak | مەڭزى |
| Yalvar – | يالۋۇر – |
| İyi | ئوبدان |
| Son | ئاخىر |
| Sigara | تاماكا |

**سۆز – ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش**



1- ئايلانماق

①ئاي يەر شارى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

②بۇ دورا ئاسان پارغا ئايلىنىدۇ.

③مېنىڭ بېشىم ئايلىنىدۇ.

2- قارىماق

①بىز ئالما شېخىنى قايرىپ ئالما ئۈزدۇق.

②ئۇ قولۇمنى قايرىدى.

③دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ قويۇڭ.

3- قاقماق

①بىز تامغا قىخ قاقتۇق.

②مەن ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم، ئۇ چىقمىدى.

③ئۇلار تۈنۈگۈن گىلەملىرىنى قاقتى.

4- شورىماق

①دادام تاماكىسىنى شورىغاچ سۆزلەۋاتاتتى.

②ئۇ بىر بوتۇلكا قېتىقنى بىردەمدىلا شوراپ ئىچىپ بولدى.

**گىرامماتىكا**

**1- پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى**

ئۆملۈك دەرىجە ھەرىكەتنىڭ بىر قانچە شەخس تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلىدىن ئىبارەت.

بۇ خىل دەرىجە شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-ش، -ىش، -ۇش، -ۈش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۈل + ۈش + تى ← كۈلۈشتى

يۈگۈر + ۈش + تى ← يۈگۈرۈشتى

ئال + ىش +ت ← ئېلىشتى

سان + ش + تى ← ساناشتى

ئىشچىلار ئىشقا مېڭىشتى.

بالىلار دىققەت بىلەن ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرۇشىدۇ.

خەلچەملەر ئۇزۇن سۆزلەشتى.

بىز ئۇلارغا توپ ئوينىشىپ بەردۇق.

ئىزاھات: ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن شەخسسىز پېئىللار (پېئىلنىڭ تۈرگۈن سۆز شەكىللىرى) نىڭ بىر تۈرى بولغان ئىسىمداشنىڭ قوشۇمچىسى شەكىلداش بولۇپ، بۇ شەكىلداش قوشۇمچىلار مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنە ئۆملۈك دەرىجىدىكى پېئىللاردا شەخس، سان، زامان ۋە راي ئۇقۇمى بولىدۇ. ئىسىمداشلاردا يۇقىرقى ئۇقۇملار بولمايدۇ. مەسىلەن:

يۈگۈرۈش (ئىسىمداش)

يۈگۈرۈشتى (ئۆملۈك دەرىجە)

**2- پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان پۈتكەن خەۋەر رايى**

ئىش – ھەرىكەتنى بايان قىلغۇچىنىڭ ھەرىكەتنى بىۋاستە بايان قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ھېلىقى ئىشنى مەن تونۇگۈنلا سىزگە ئېيتقانىدىم، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

كىتابىڭىزنى تۇرسۇن ئەكەتكەنىدى.

ئىزاھات: ئېغىز تىلىدا «ى» چۈشۈپ قېلىپ، كەينىدىكى «د» قوشۇمچىسى «ت» غا

ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەكەتكەنتى، ئېيتقانتىم

1)ئۆتكەن زامان پۈتكەن خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى

پۈتكەن ھاللىق سۆپەتداشقا «مۇ»قوشۇمچىسى ۋە «ئىدى» باغلامچى پېئىلى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

①كىتابىمنى تۇرسۇن ئەكەتكەنمىدى \ ئەكەتكەنمىتى؟

② – تۈنۈگۈن قاناس كۆلىگە باردىڭلارمۇ؟

- باردۇق.

- بۇرۇن بارمىغانمىدىڭلار \ بارمىغانمىتىڭلار؟

- بۇرۇن بارمىغانىدۇق \ بارمىغانتۇق.

2)پۈتكەن ھاللىق سۆپەتداشقا باغلامچى پېئىل «ئىدى» بىلەن «مۇ» قوشۇمچىسىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

①كىتابىمنى تۇرسۇن ئەكەتكەنىدىمۇ \ ئەكەتكەنتىمۇ؟

② بۇرۇن بارمىغانىدىڭلارمۇ \ بارمىغانتىڭلارمۇ؟

**3- پېئىلنىڭ چەكلىمىسىز تۈس شەكلى**



چەكلىمىسىز تۈس ھەرىكەتنىڭ چەكلىمىسىز بارلىققا كېلىشى ياكى داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر.

بۇ خىل تۈش شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « -ۋەر، -يۋەر» قوشۇمچىلىرى ۋە شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ + ۋەر + دىم ← ئوقۇۋەردىم      ياز+ ۋەر + ىڭ ← يېزىۋېرىڭ

كەل + ۋەر + ىڭ ← كېلىۋېرىڭ      دە+ ۋەر + دى ← دەۋەردى

كېرەك يوق، سۆزلەۋەر!

ئۇلارنى ساقلىمايلى، ئىشىمىزنى باشلاۋېرەيلى!

قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال - (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تۇس - | تىنچلاندۇر - | ئاڭلا - |
| تۇشتۇر - | يۆلەن - | سوقۇش - |

| | | |
|---|---|---|
| ئىستېمال قىل - | تەلپۈن - | ئاس - |

2- تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆتكەن زامان پۈتكەن خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوئال شەكىللىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| قاپسا - | قاپلا - | بەلگىلە - |
| قىستا - | ۋقىرا - | ئۆتكۈز - |
| سېغىن - | تىز - | ئاگاھلاندۇر - |
| تەمشەل - | ئورۇنلاشتۇر - | يۇرۇشتۇر - |

3- تۆۋەندىكى پېئىللارنى چەكلىمىسىز تۈس شەكلى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| رەنجىت - | ياسا - | جايلاش - |
| ماختا - | ئورا - | ياسا - |
| سەكرە - | ئارلاش - | چاپلا - |
| تاپ - | قادا- | تەكشۈر - |

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①ياش ۋاقتىمدا سېلىم بەگنىڭ ھويلىسىدا چېپىپ يۈرگەن توسۇن ئېتىنى مەن تۇتۇپ بەرگەنىدىم.

②ئۇنىڭ پۇلى يېتەرلىك ئىدى، شۇڭا تاۋار ئۆينى دەرھال سېتىۋالدى.

③رەيھان قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى.

④تۇرمۇشقا چىقىش مەسىلىسىدە خېلى بۇرۇنلا سىزگە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتقانىدىم.

⑤رۇستەم شۇنداق كۈچتۈڭگۈر، مىسلىسىز يوغان ۋە قاباھەت باتۇر - پالۋان ئىدىكى، ھەر بىر قولىدا بىردىن ئىككى يوغان ئۆكۈزنى ئاسلاندەك قاماللاپ كۆتۈرۈۋېلىپ بىر-بىرىگە ئۇستۇرۇشۇپ سوقۇشتۇراتتى.

⑥ئىختىساسلىق كىشلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

⑦تاشۋايمۇ بىر زامانلاردا ھەۋەسكار ئىدى، مانا ئەمدى ھەم چاللايدىغان، ھەم ئېيتالايدىغان، ھەم ئىجاد قىلالايدىغان قابىل بىر كىشى بولۇپ يېتىشتى.

⑧ئۇ كىچىك بولغان بىلەن، ئېسىمدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى مېنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى.

⑨ زوراۋانلىق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن ھېيلىگەر «مېھمان»لار

سۇلھ ئالدامچىلىقىغا كىرىشكەنىدى.

⑩ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ھەسرەت قاپلىۋالغانىدى.

⑪ماشىنىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئارىسىدا بالىلار، ئىتلار پەرۋانىلەردەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى.

⑫بولدى قىلىڭ ئۇكام، بۇلارنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، بۇلار بىلەن تەڭ بولماي كېتىۋېرىڭ!.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Uzun uzun bakıştılar.
2) Bir konu hakkında uzun süredir tartışıyorlar.
3) Sesi duyanlar toplaşırlar.
4) Öğrendiler sınıfta gülüştüler.
5) Ay'a insanlar 1969'da ayak bastıydı.
6) Bu ödevi geçen hafta yaptıydım.
7) Kimse ona inanmadıydı.
8) Okula kaydımı geçen hafta yaptırmıştım.
9) Siz çayınızı içedurun.
10) Sen içeride oturadur, ben beş dakika sonra geliyorum.



6- جۈملە تۈزۈڭ

ئايلانماق، قاقماق، پۈرۈشتۈرمەك، پات – پات، يالۋۇرماق

## يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئا: ئۇلۇشكۇن ئالغان رومانىنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ؟

ئە: كۆرۈپ بولدۇم.

ئا: قانداق ئىكەن؟

ئە: بەك [ياخشى / قىزىق] ئىكەن.

ئا: بايا كەلگەن كىشى يۈسۈپنىڭ كونا [ساۋاقدىشىمىكەن / سەپدىشىمىكەن]؟

ئا: ئەمسە مەنمۇ كۆرۈپ باقاي.

ئە: ياق، [ساۋاقدىشى / سەپدىشى] ئەمەس ئىكەن، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن.

II

ماۋۇ [ژورنال / تىياتىر] ناھايىتى ياخشى، ئىبراھىمنىڭمۇ [ئالغۇسى / كۆرگۈسى] بار.

[بۇ قىشلىق تەتىل ئۇزۇن / يول ئانچە يىراق] ئەمەس، بىزنىڭ [ئۆيگە كەتكۈمىز / ماشىنىدا بارغۇمىز] يوق.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىساق، [كۈلگۈك / يىغلىغۇك] كېلىدۇ.

هاۋا ناھايىتى ياخشى،

شەھەرگە كىرگۇم
توپ ئوينىغۇم
پوپايىكا كىيگۇم

كەلمەيدۇ.

ئا: غۇنچە ياتاقتىمۇ؟

ئە: ياتاقتا يوق، ئۇ

كۇتۇپخانىدا ئىلمىي ژورنال كۆرۈۋاتسا\كۆرۈۋاتقان بولسا
سىنىپا دەرس تەكرارلاۋاتسا \ تەكرارلاۋاتقان بولسا
مەيداندا توپ ئويناۋاتسا \ ئويناۋاتقان بولسا

كەلمەيدۇ.

ئا: ئەتە ئۇلار

ئىنگلىزچە «دوقمۇشى»غا بارامدۇ
ئويۇن كۆرگىلى كېلەمدۇ
پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەمدۇ

؟

ئە:

بارمىسا
كەلمىسە
ئۆتكۈزمىسە

كېرەك.



## تېكست

### بىلمىسىزگە ئىش يوق، ئىشىسىزغا ئاش

بۇرۇنقى زاماندا كاتتا بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ھېسابسىز مال - دۇنيالىرى، ھەشەمەتلىك ساراي، ھويلا - ئاراملىرى، توپ - توپ مال - پادىلىرى بار ئىكەن. مالاي ۋە چاكارلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەن. باينىڭ ئاررۇلۇق، ئەركە - نايناق بىرلا ئوغلى بولۇپ « ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى» دېگەندەك، ئۇنىڭ قىرىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. باينىڭ بۇ ئاررۇلۇق ئوغلى جاھاندىن بىغەم ھالدا « ئاتام مازارغا شەيىخ، مەن تەييارغا» دېگەندەك، ئەتىگەندىن كەچكىچە پۇتى تايغان، بېشى قايغان يەرلەردە ئويناپ، كۈننى بىكار ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئوغلىنى چاقىرىپ: «ئوغلۇم، ھۈنەر ئۆگەن، ئىلىم ئوقۇغىن. ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، كۈنۈڭنى بىكار ئۆتكۈزمە» دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ. باينىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتكەن شامالدەكلا كۆرۈپ، ئويناپ،

كۈلۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى باي تۇساتتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. باينىڭ ئوغلى ئاۋالقىدەكلا ئاتىسى تاپقان مال - دۇنيانى يەپ، بەخىرامان ئويۇن - تاماشا قىلىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. «يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ تۈگىمەيدۇ» دېگەندەك، ئاتىسىنىڭ مال-دۇنياسى ئاخىر تۈگەپتۇ. بۇ يىگىت بىر پارچە نانغا زار بولۇپ، يىغلاپ - قاقشاپ غەمگە پېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پۇلۇم بار چاغدا ئاغىنىلىرىمنى تازا باققان ئىدىم، ئەمدى پۇلۇم تۈگەپ قالدى، ئۇلاردىن پاناھ تىلەپ باقاي دەپ رەستىگە چىقىپتۇ. «پۇل بار چاغدا مىڭ دوست، پۇل يوق چاغدا قېنى دوست» دېگەندەك، ئۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ « ئەينى ۋاقىتتا ئاتام ھۈنەر ئۆگەن، ئىلىم ئوقۇغىن دەپ نەسىھەت قىلسا قۇلاق سالماپتىكەنمەن....«بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش» دېگەن سۆز ھەقىقەتەن توغرا راست ئىكەن دەپتۇ پۇشايمان قىلغان ھالدا.

**يېڭى سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Hadsiz hesapsız | ھېسابسىز |
| Servet | مال -دۇنيا |
| Lüks | ھەشەمەتلىك |
| Avlu | ھويلا - ئارام |
| Çiftik hayvanları | مال - پادا |
| Hizmetçi, uşak | مالاي |
| Hizmetçi, uşak | چاكار |
| Az önce | بايا |
| Sevilen | ئارزۇلۇق |
| Şımarık | ئەركە - نايناق |
| Dost | ئاغىنە |
| Gamsız | جاھاندىن بىغەم |
| Başı boş | بېشى قايغان، پۈتى تايغان |
| Boşuna geçir – | بىكار ئۆتكۈز – |
| Hüner | ھۈنەر |
| Küçül –, madara ol - | خار بول - |
| Öğüt | نەسىھەت |
| Eğlenerek | ئويناپ - كۈلۈپ |
| Aniden | تۇساتتىن |
| Eskisi gibi | ئاۋالقىدەكلا |
| İlgisiz | بەخىرامان |

| | |
|---|---|
| Oyun,eğlence | ئويۇن – تاماشا |
| Muhtaç ol - | زار بول - |
| Ağlayıp sızlayan | يىغلاپ – قاقشاپ |
| Gam | غەم |
| Aklına gel – | ئېسىگە كەل - |
| Sığın – | پاناھلان- |
| Çarşı | رەستە |
| Aynı zamanda | ئەينى ۋاقىتتا |
| Dinle – | قۇلاق سال - |
| Ahmak | ئەخمەق |

**سۆز – ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش**

1- ھەشمەتلىك

①ئىستانبۇلدا ھەشمەتلىك بىنالار ناھايىتى كۆپ.

②ئۆي سالغاندا مۇۋاپىق بولۇشىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەشمەتلىك بولۇشنى قوغلىشىپ كەتمەسلىك كېرەك.

2- ئەركە نايناق

①تاغامنىڭ قىزى ئىنتايىن ئەركە – نايناق.

②بالىنى ئەركە – نايناق قىلىپ ئۆگىتىپ قويماسلىق لازىم.

3-خار بولماق

①نىياز- باشقىلارنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن يىل خار بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

②كونىلاردا «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۆچۈڭنى خار قىل» دېگەن گەپ بار.



**گىراماتىكا**

**1- ۋاستىلىك باغلامچى پېئىل**

سۆزلىگۈچى ئىش – ھەرىكەتنى ۋاستىلىك ھالدا بايان قىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە شەخسسىز پېئىلغا (پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى)غا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىلغا خاس گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن باغلايدىغان ياردەمچى پېئىل. ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ۋاستىلىك باغلامچى پېئىللار « ئىكەن، ئىمىش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ پېئىللار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوللىنىلمايدۇ ھەم ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل مەنە ئاڭلاتمايدۇ، پەقەت جۈملىدە باشقا پېئىللارغا قوشۇلۇپ كېلىپ قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. ئۆتكەن زامان ئېنىقسىز خەۋەر رايى رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

①ئەركىن تارىخقا ئائىت كىتابلارنى كۆپ كۆرگەنىكەن.

②سىز بەك تىرىشچان ئىكەنسىز.

③ئاڭلىشىمچە، بۇ پىداكارلىقنى سەن قىلىپتىكەنسەن.

«ئىكەن» باغلامچى پېئىلنىڭ سان ۋە شەخس جەھەتتىن تۈرلىنىشى

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | ئىكەنمەن | ئىكەنمىز |
| II-شەخس | ئاددىي تۈرى | ئىكەنسەن | ئىكەنسىلەر |
| | سىپايە تۈرى | ئىكەنسىز، ئىكەنلا | |
| III-شەخس | | ئىكەن | |

ئىزاھات: ئېغىز تىلىدا «ئىكەنمەن، ئىكەنسەن» دىكى «ئى» چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدى-كەينىدىكىلەر ئۇلاپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنمەن \ يۇرتداشكەنمەن.

سەن ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنسەن \ يۇرتداشكەنسەن.

سىز ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنسىز \ يۇرتداشكەنسىز.

ئۇ \ ئۇلار ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەن \ يۇرتداشكەن.

بىز ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنمىز \ يۇرتداشكەنمىز.

سىلەر ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنسىلەر \ يۇرتداشكەنسىلەر.

**2- «-غۇ» لۇق ئىسىمداش**

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گرامماتىكىلىق شەكىللىرى ئىسىمداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

«-غۇ» لۇق ئىسىمداش تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

① پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «- غۇ، - قۇ، -گۈ، - كۈ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەر زامانداشلار ئىسمىنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ھەر زامان « بار، يوق، كەل » سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ ھەم جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق.

ئادىلنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمىدى.

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم بار.

ئوخشاتما كېلىش ياكى تەگلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە بولسا ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ؟

چىدىغۇچىلىك ھالىم قالمىدى.

سىلەر قانائەتلەنگۈدەك سۆزلىيەلمەيمەن.

سىزنى بەك كۆرگىمىز كەلدى، رەسىمىڭىزنى ئىلخەت ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىڭ.

3- «پېئىل مۇلچەر شەكلى + كېرەك»

مەلۇم بىر ئىش – ھەرىكەتنىڭ پەرەزگە ئاساسەن بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرستىدۇ. مەسىلەن:

ئەھۋالغا قارىغاندا قار ياغسا كېرەك.

ئۇ ئۆيدە يوق، دوختورخانىغا كەتكەن بولسا كېرەك.

كېرەملەر مەيداندا پۇتبول ئوينۇاتقان بولسا كېرەك.

ئەتە ئىمتىھان بەرمىسەك كېرەك.

سىز رەسىم سىزىشقا بەك ئامراق بولسىڭىز كېرەك. 

ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى «-غۇ»لۇق ئىسىمداشقا ئايلاندۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| نەيرەڭۋازلىق قىل - | سايرا – | سىلكە – |
| ئالدا – | غەلبە قازان – | غاداي – |
| كولدۇرلات - | دەم ئال - | سەيلە قىل - |
| تىزگىنلە – | تېپىل – | سۇغۇر – |

2- بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

① ئۇنىڭ ھېسابىسىز ( ) بار ئىكەن.

② مەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاتا – ئانامنىڭ ( ) ئوغلى ئىدىم.

③ چوڭ ئاپام ماڭا ( ) ئۆگەنسەڭ ( ) دەپ نەسىھەت قىلدى.

④ باينىڭ ئوغلى ( ) يەرلەردە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①بۇ خەقنىڭ ئىشى كۆنى بويى نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ.

②ناسىرجان خويمۇ ياۋاش، نومۇسچان بالا ئىكەن.

③گويا بۇنىڭ بىلەن نومۇسلۇق ئادەم بولۇپ كۆرۈنمەكچى بولسىڭىز كېرەك.

④باينىڭ ھېسابسىز مال - دۇنيالىرى بولغان بىلەن ئەركە - نايناق ئوغلىنى، ياخشى تەربىيىلىيەلمىگەنىكەن.

⑤«يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان، شۇڭا داۋاملىق ئىشلەپ تۇرۇش كېرەك.

⑥بەزى ساۋاقداشلار ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنىڭ ھەممىسنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

⑦باينىڭ ئوغلى يا ھۈنەر ئۆگەنمەي، يا بىلىم ئالماي بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەرلەردە يۈرۈپ نۇرغۇن يىلنى بىكار ئۆتكۈزۈپتۇ.

⑧ھەممە ئىش ئاۋلقىدەكلا تۇرسا، يەنە سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

⑨سۇبھىنى ھەر قاچان ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۆز قىزىمدەك كۆرۈشكە بەل باغلىدىم.

⑩پەرھاتنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن شۇنى بىلدىمكى، ھېلىم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ساۋاقداشلىرى بىلەن سۈركىلىپ جېدەل تېرىيدىغان بىشەم بىرنېمە ئىكەن.



4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ali mektubu dün postaya vermişti.
2) Ben aradığımda yemek yiyorlarmış.
3) Küçükken parka gitmeyi çok severmişim.
4) Patron aradı, saat üçte toplantı yapacakmış.
5) Evrakları götürmeyecekmişsin.
6) Ben Kamil'i  hiç unutmamışım.
7) Bem okumayı 5 yaşında öğrendim.
8) Gülmene bayılıyorum.
9) O kimseyle konuşmayabilir.

5- جۈملە تۈزۈڭ

قۇلاق سالماق، پاناھ تىلىمەك، خار بولماق، جاھاندىن بىغەم، ھېسابسىز

## يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس

## جۈملە تېپلىرى بويىچە مەشق

I

ئا: قەلبىنۇر، نېمىشقا شۇنچە خوشالسىز؟

ئە: ئانامدىن تېلېفون كەلدى.

ئا: قانداق، نېمە خۇش خەۋەر بار ئىكەن؟

ئە:

| |
|---|
| ئۆيىمىزنىڭ تۇنجى نەۋرىسى دۇنيا كەپتۇ. |
| سىڭلىم يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ. |
| دادام پېنسىيىگە چىقىپتۇ. |
| ئاكام ماشىنا ھەيدەشكە باشلاپتۇ. |

ئا: ئەمەت، سىز كۆرۈپ بېقىڭ!

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ماۋۇ | جۈملىنى<br>خەتنى<br>تاپشۇرۇقنى | توغرا | تەھلىل قىلىپتىمەنمۇ<br>يېزىپتىمەنمۇ<br>ئىشلەپتىمەنمۇ | ؟ |

| | | |
|---|---|---|
| ئە: ناھايىتى توغرا | تەھلىل قىلىپسىز.<br>يېزىپسىز.<br>ئىشلەپسىز. | |

II

ئا: ئاكاڭ ئىلخېتىدە نېمە دەپ يېزىپتۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: | «تىرىشىپ ئۆگەنگىن!»<br>«سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىلغىن!» | دەپ يېزىپتۇ. |

ئا: يەنە نېمە دەپتۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: يەنە | «ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقتىن قورقمىغىن!»<br>«بەك كەچ ئۇخلىمىغىن!» | دەپتۇ. |
| ئۇ | سېنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىڭنى<br>بۇنىڭ بىزنىڭ ئۇنئالغۇمىز ئىكەنلىكىنى | بىلىدۇ. |
| ئۇ | سېنىڭ دوختۇر ئەمەس ئىكەنلىكىڭنى / ئەمەسلىكىڭنى<br>بۇنىڭ بىزنىڭ ئۇنئالغۇمىزئەمەس ئىكەنلىكىنى / ئەمەسلىكىنى | بىلىدۇ. |

## تېكىست

### تەكەببۇر توز

بۇرۇنقى زاماندا بىر توز بار ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن گۈزەل، ئەمما ناھايىتى تەكەببۇر ئىكەن. ئۇ چىرايلىقراق بىرىنى كۆرسىلا قاناتلىرىنى سىلكىپ، قۇيرۇقلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قۇيرۇقىنى سۆرەپ، غادايغان ھالدا كۆل بويىغا سەيلى قىلغىلى بېرىپتۇ. دەرەختىكى سېغىزخان ئەدەب بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن توز سېغىزخاننىڭ سالىمىغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويماپتۇ.

توز كۆل بويىدا سەيلە قىلىپ كېلىۋېتىپ، ئۆزىگە ئوپمۇ ئوخشاش بىر قۇشنىڭ كۆلنىڭ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قاپتۇ. قارىسا كۆلدىكى قۇشمۇ ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن توز دەرھال توختاپ، ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆلدىكى قۇشنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلماقچى بوپتۇ - دە، قۇيرۇقىنى ئېچىپتۇ. توزنىڭ ئېچىلغان گۈزەل قۇيرۇقى رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان چوڭ بىر يەلپۈگۈچكىلا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىراق، كۆلدىكى ھېلىقى قۇشنىڭمۇ توختاپ تۇرۇپ، قۇيرۇقىنى ئاچىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن دەيسىز. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل قۇيرۇقىنى سىلكىنگەندە، رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان چوڭ يەلپۈگۈچكىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

تەكەببۇر توزنىڭ بىرئاز ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بېشىدىكى پەيلىرىنى سىلكىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا كۆلدىكى ھېلىقى چىرايلىق قۇشمۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بېشىدىكى پەيلىرىنى سىلكىگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ

تەكەببۇر توز راسسا ئاچچىقلىنىپتۇ – دە، غادىيىپ، كۆكسىنى كېرىگەن ھالدا ئالدىغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلاپتۇ. بىراق تەكەببۇر توز ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا بەك غادىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېيىلىپ كېتىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

توز سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن، ئۇ كۆلدە بىر ھازا غىچە تىركىشىپ، ناھايىتى تەسلىكتە بىر تال دەرەخ يىلتىزىنى تۇتۇۋاپتۇ – دە، ئۇنىڭغا يامىشىپ قىرغاققا چىقىۋاپتۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ كۆلگە قاراپ، خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى كۆلدىكى ھېلىقى قۇشمۇ ئۇستىبېشى ھۆل بولغان ھالدا تېخىچىلا دىر – دىر تىترەپ تۇرغانىكەن.

بۇ چاغدا دەرەختىكى سېغىزخان خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. توز ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپتۇ -دە، ئاچچىقلانغان ھالدا:

- ھەي سەت نېمىگە كۈلىسەن؟ بۇ يەردە سەن كۈلۈپ كەتكۈدەك نېمە بوپتۇ؟- دەپتۇ. سېغىزخان قاناتلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ:

- ھەي تەكەببۇر توز، كۆلدە كۆرۈنگەن ئاشۇ چىرايلىق قۇش ئۆزۈڭنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەسمۇ؟ تەكەببۇرلۇقۇڭدىن ئۆزۈڭنىمۇ مەنستىمەيسەنغۇ؟-دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان توز ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا ئىنتايىن خىجىل بوپتۇ.

**تاماقخانىدا**



ئا: تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى. تاماققا بارايلى.

ئە: جۇر، بۈگۈن قورسىقىم بەك ئاچتى.

(ئىككىسى تاماقخانىغا كىرىدۇ)

ئا: قارا، بۈگۈن پولۇ قىپتۇ، سەي بىلەن گاڭپەنمۇ بار ئىكەن!

ئە: ئۆچرەتتە تۇرايلى.

ئا: سەن نېمە يەيسەن؟

ئە: ئەلۋەتتە پولۇ يەيمەن – دە. ئۇنىڭدىن باشقا مانتا يەيمەن.

ئا: پاھ! بۈگۈن ئىشتىھايىڭ قالتىسقۇ!

ئە: ئۆزەڭ نېمە يەيسەن؟

ئا: مېنىڭ بۈگۈن مايلىق نەرسە يېگۈم يوق، گاڭپەن يەيمەن.

ئە: پولۇ بەكلا ئوخشاپتۇ. ئازراق تېتىپ باققىن.

ئا: تۇزلۇقراق بوپ قاپتۇ.

ئە: دەل مېنىڭلا ئېشىم بوپتۇ.

ئا: ماۋۇ مانتىنىڭ تەمى بەك پەيزى ئىكەن. سەنمۇ بىر تال يەپ باققىن.

**يېڭى سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Kibirli | تەكەببۇر |
| Tavuskuşu | توز |
| Salla - | سىلكە - |
| Gösteriş yap- | كۆز - كۆز قىل - |
| Palavra at - | غادايـ - |
| Kıyısında | بويلىماق |
| Gez - | سەيلە قىل - |
| Saksağan | سېغىزخان |
| Başını salla - | بېشىنى لىڭشىت - |
| Umrunda ol - | پىسەنت قىل - |
| Çok renkli | رەڭگا - رەڭ |
| Saç - | چاچـ - |
| Yelpaza | يەلپۈگۈچ |
| (kuşların)Tüyü | پەي |
| Tümüyle | راسا |
| Adım at - | قەدەم تاشلا - |
| Kay - | تېيىلـ - |
| Bir süre | بىر ھازا |
| Çırpın-,Mücadele et – | تىركەشـ - |
| Kök | يىلتىز |
| Tırman - | ياماشـ - |
| Yaka | قىرغاق |
| Dön - | بۇرۇلـ - |
| Bütün vücudu | ئۇستىبېشى |
| Hırılda - | خىرىلدا - |
| Düşmanca bak - | ئالايـ - |
| Çirkin | سەت |
| Kanatları kak - | قاناتلىرىنى قاق - |
| Gölge | كۆلەڭگە |
| Küçült - | مەنستىمەسلىك |

## سۆز – ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش

1- سىلكىمەك

① نۇرنىسا چاپىنىنى سىلكىۋېتىپ كىيدى.

② ئۇ قولىنى سىلكىپ مېڭىپ كەلدى.

③ سىز كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ سۆزلەڭ.

2- بويلىماق

① مۇشۇ ئېرىقنى بويلاپ ماڭسىڭىز شەۋكەتلەرنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇل بارىسىز.

② بۇ ئارغامچا كارىزنىڭ تېگىگە بويلىمايدىغان ئوخشايدۇ.

3- چاچماق

① يەرگە ئۇرۇق چاچقىلى بارىمەن.

② ئەتىياز پەسلىدە گۈللەر خۇش پۇراق چېچىۋاتقان باغچىلارغا كىرىش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك.

③ قۇياش پۈتۈن جاھانغا ئۆز نۇرىنى چاچىدۇ.

④ بۇ قېتىمقى خىراجەتنى ئادەم بېشىغا چاچايلى.

⑤ ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ مىڭ تەستە يىغقان پۇللىرىنى چېچىپ بولدى.



4- راسا

① بۈگۈن مەن راسا ھاردىم.

② ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بىر بەرمىسەم بولمىدى.

③ بۇ ئىش راسا جېنىمغا تەگدى جۇمۇ.

5- سەت

① بۇ ئادەمنىڭ قىياپىتى ھەقىقەتەن سەت ئىكەن.

② سىز قىزلار بار يەردە بۇنداق سەت گەپ قىلماڭ.

③ سىز بارمىسىڭىز سەت بولىدۇ.

④ مەن ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم.

## گىراماتىكا

### 1- ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى

ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن ۋاستىلىك بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەر رايىدۇر. مەسىلەن:

- سائەت قانچە بولدى؟

- تۆت بوپتۇ.

- ئېرىزىمۇ كەپتۇ. قارا! بۇ ئۇنىڭ سومكىسى ئەمەسمۇ؟

- ئاڭلىشىمچە ئىنىڭىز ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپتۇ. شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق، تۈنۈگۈن ئۇ يازغان ئېلخەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ ئاقسۇ يېزا – ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ.

ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى «-پ»لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ، تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ.



| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I - شەخس | | - تىمەن | - تىمىز |
| II - شەخس | ئاددىي تۈرى | - سەن | - سىز |
| | سىپايە تۈرى | - كەنلا، - سىلەر | |
| III - شەخس | | - تۇ | |

مەسىلەن:

يېزىپ + تىمەن ← يېزىپتىمەن    يېزىپ + تۇ ← يېزىپتۇ

يېزىپ + سەن ← يېزىپسەن    ئوقۇپ + تىمىز ← ئوقۇپتىمىز

يېزىپ + سىز ← يېزىپسىز    ئوقۇپ + سىلەر ← ئوقۇپسىلەر

يېزىپ + كەنلا ← يېزىپتىكەنلا    ئوقۇپ + تۇ ← ئوقۇپتۇ

ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى «-پ»لىق رەۋىشداشىنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «-مەپ، -ماپ»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرمەپ + سىلەر ← كۆرمەپسىلەر

بارماپ + تۇ ← بارماپتۇ

ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى «-مۇ»قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىپتىمەن + مۇ ← يېزىپتىمەنمۇ كۆرمەپسەن + مۇ ← كۆرمەپسەنمۇ

ئوقۇپسىلەر + مۇ ← ئوقۇپسىلەرمۇ بارماپتۇ + مۇ ← بارماپتۇمۇ

2- بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى «-غىن، -قىن، -گىن، -كىن»

بۇيرۇق رايىنىڭ II شەخس بىرلىك شەكلى پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلى ۋە مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاننىڭ سىرتىدا پېئىل ئۆزەكلىرىگە«-غىن، -قىن، -گىن، -كىن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سائەت 10 بولدى. ئۇخلىغىن، بالام.

بىزگە يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگىن.

بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن.

ئەتە كەلمىگىن، ئەتە ئۆيدە بولمايمەن / يوق.

236

3- «...نىڭ.... ئىكەنلىكى» شەكلى

ئۇيغۇر تىلىدا، ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ خىل شەكىلگە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىشىنىمىز.

پاكىت ئامىنىڭ كۈچىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغۇچى ئەمەس ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ ئانچە قىيىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

ئىزاھات: «-ئىكەنلىك»تىكى «ئىكەن» نورمالدا چۈشۈپ قالىدۇ. تەۋەلىك قوشۇمچىسى «-لىك (-لۇق، -لۈك، -لىق)»ئالدىنقى سۆزگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئادەملىكىگە ئىشىنىمىز.

پاكىت ئامىنىڭ كۈچىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغۇچى ئەمەسلىكىمنى بىلىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ ئانچە قىيىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن.

ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە (يەپتۇ). ( ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى «-غىن، -قىن، -گىن، -كىن» بىلەن تولۇقلاڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئوڭشايلاشتۇر- | ئالدىنى ئال - | ئويدۇر - |
| ئوڭشا - | تەڭشە - | ئويغات - |
| تىنچلاندۇر - | كەچۇر - | جانلاندۇر - |
| تۈزەشتۇر - | تاشلا - | راۋانلاشتۇر - |

2- تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىغا ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئويلاندۇر- | ئىلگىرىلە- | تەمشەل - |
| ئوينات - | داۋاملاشتۇر- | پاراڭلاش - |
| جېدەللىشىپ قال - | ئۇتتۇرۇپ قوي- | قايىل بول - |
| چاقچاق قىل - | نەسىھەت قىل - | تەۋرەن - |

3- بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

①ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا (　　　) كۆز – كۆز قىلىدىكەن.

②سىڭغىزخان ئۇنىڭغا (　　　) بېرىپتۇ.

③توز (　　　) كۆزلىرىنى (　　　) ئېچىپ بېشىدىكى (　　　) سىلكىشكە باشلاپتۇ.

④ئۇ كەينىگە (　　　) ياتاققا (　　　).

4 -تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①ئىشىڭ ھەققەتەن ئوڭ كېلىپتۇ.

②ئاياللار يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ يۈزلىرىدىن چۈمپەردىلىرىنى ئېلىشىپتۇ.

③ئۇلار ئېگىز ھەم بوك – باراقسان بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

④كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس، بۆرە، تۈلكە ئۈچى ئوۋغا چىقىپ، بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل، بىر كېيىكنى تۇتۇپتۇ.

⑤ ئۇلار كۆلگە تىكىلگىنىچە ئويلىنىپتۇ، ئەمما بىر ئامال تاپالماپتۇ.

⑥ ئۇ تۇرمە تاملىرىغا «ياشىسۇن ئەركىنلىك!» دېگەن خەتنى ئويۇپ قويۇپتۇ.

⑦ بۇرۇنقى زاماندا توشقان بىلەن پاقا مۇسابىقە قىلىشىپتۇ.

⑧ بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ماختاپ، كىيگەن كىيىملىرىنى كۆز - كۆز قىلىشقا ئامراق.

⑨ بىز بىر - بىرىمىزنى مەنسىتمەيدىغان يامان ئادەتلەرنى تۈگىتىشىمىز كېرەك.

⑩ مەن قاسىمغا نەسىھەت قىلىۋاتسام، سەمەت ماڭا ئالىيىپ قويدى.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Benim orada olacağımı tahmin etmişmişsin.

2) Aykut hiç basketbol oynamamışmış.

3) Akşam beni ziyarete gelmişmiş.

4) Telefonun sesini duymamışmış.

5) İşlerini zamanında bitirmişmişiz.

6) Kendimin suçlu olduğunu biliyordum.

7) Haşim Türkiye'den iki gün önce gelmiş. 

8) Öğrenciler ödevlerini evde unutmuşlar.

9) Polisler hırsızı yakalamışlar.

10) Ben ona çok kötü davranmışım!

## ئوتتۇزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۇ | ئىنگلىزچە يازالمىسمۇ / يازالمايدىغان<br>ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمىسمۇ/سۆزلىيەلمەيدىغان | بولسىمۇ، لېكىن | سۆزلىيەلەيدۇ.<br>ئاڭلىيالايدۇ. | |

| | | |
|---|---|---|
| بۇ قېتىمقى سىناقتا | مەغلۇپ بولۇپ قالساقمۇ، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز<br>مۇۋەپپەقىيەت قازانساقمۇ، مەغرۇرلانماسلىقىمىز | كېرەك. |

II

ئا: باللارنىڭ مەيداندا نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: باللارنىڭ مەيداندا | توپ ئويناۋاتقانلىقىنى<br>ئېگىزگە سەكرەۋاتقانلىقىنى<br>يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى | كۆردۇق. |

| | | |
|---|---|---|
| ئا: كىمدىن مېنىڭ | ئىنگلىزچە ئۆگەنگەنلىكىمنى<br>تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلىقىمنى<br>بىر كومپيۇتۇر ئالغانلىقىمنى | ئاڭلىدىڭىز؟ |

ئە: قاھاردىن ئاڭلىدىم.

| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىلەر سابىتنىڭ | ۋاسكېتبولنى ياخشى ئوينايدىغانلىقىنى<br>ناخشىنى قالتىس ئېيتىدىغانلىقىنى<br>ئەتە مەكتىپىمىزگە كېلىدىغانلىقىنى<br>ئۆگۈنلۈككە پراكتىكىغا بارىدىغانلىقىنى | بىلەمسىلەر؟ |

ئە: ياق بىلەيمىز.

## تېكست

### قاناس كۆلى

قاناس كۆلىنى كۆرۈشنى ناھايىتى ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتۇق. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ ناھايىتى گۈزەل ۋە ناھايىتى سىرلىق ئىكەن. قاناس كۆلى جايلاشقان ئورۇن – يۇرتىمىزدىكى بۇرچىن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇق. قاناسنىڭ ئىقلىمى ئاجايىپ-غارايىپ، تولىمۇ ئۆزگىرىشچان بولۇپ، تومۇز ئېيىدىن باشلاپ ئۇششۇك چۈشۈشكە باشلايدىكەن. سېنتەبىردە قار ياغىدىكەن، قىش پەسلى 8، 9 ئاي داۋاملىشىدىكەن. ئەسلىدە قاناسقا بارىدىغان تۈزۈكرەك يول يوق ئىكەن. قار، يامغۇر ياغقاندا بولسا، مېڭىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسكەن. قاناسنى پەقەت ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچىلا ساياھەت قىلغىلى بولىدىكەن، بىز بۇرچىن ناھىيىسىگە ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى يېتىپ كەلگەنىدۇق، ئەتىسى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى زىيارەت قىلىۋاتساق، يول باشلىغۇچى يەرلىك كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ بىر ئاپتوموبىلى قاناسقا بارىدىكەن، دېدى. بىز شۇ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قاناسقا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ئاپتوموبىل خەتەرلىك، ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاغ يولىدا ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ماڭغاندىن كېيىن سىرلىق قاناس كۆلى ئاخىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى.

بۇ ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان سوزۇنچاق كۆل بولۇپ، تىپتىنچ كۆل سۈيىگە قارىغايلار ۋە ئىگىز تاغلار سايە تاشلاپ تۇراتتى، كۆلنىڭ قىرغاقلىرى بۈككىدە ئورمان بولۇپ، بەزىدە دەرەخ شاخلىرى سۇ يۈزىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى، مانا بۇ سۇ مەخلۇقى دەپ ئاتىلىدىغان غايەت زور بىر ھايۋان گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىپ بولىدىغان كۆل ئىدى. بەزىلەر ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، ئېغىرلىقى ئىككى – ئۈچ توننا كېلىدىغان بۇ سۇ مەخلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ ھەممە ئۇنى چوڭ قىزىل بېلىق (ئىلمىي نامى جېيلو بېلىقى بولۇپ، سالمون بېلىقى ئائىلىسىگە تەۋە) بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ. ۋەھالەنكى گېزىتلەرنىڭ يېقىنقى خەۋەرلىرىدە، تەكشۈرۈشكە بارغان ئالىملار كۆرگەن چوڭ قىزىل بېلىق ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ تۆت مېتىردىن ئاشمايدىكەن، ئۇلار قاناس كۆلى ناھايىتى چوڭقۇر، قەدىمكى ھاياتلىق دەۋرىدىمۇ بۇ سۇلۇق مەۋجۇت ئىدى، ھازىر كۆلدە نامەلۇم ھايۋاننىڭ بار – يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ ھېسابلاشقان. قىسقىسى، ئۆزىنى تاسادىپىي كۆرسىتىپ قويۇۋاتقان بۇ زور مەخلۇق تا ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.

ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل جىمجىتلىقتا، بىز گويا دۇنيادىن تەرك بولغاندەك بولۇپ قالدۇق. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تاغ ئارىسىغا بارسىڭىز، قوڭغۇراق ساداسى

ياكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرى بولسىمۇ ئاڭلىنىدۇ، بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. كۆلنىڭ بويىدا كىچىككىنە بىر يېزا بار ئىكەن. ئۇ موڭغۇل يېزىسى دەپ ئاتىلىدىكەن، لېكىن ھەممىلا ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىسى چىڭ ئېتىلگەن بولۇپ، ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. كېيىن بىلىشىمىزچە، ھەممەيلەن پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ مال باققىلى كېتىپتۇ. كەچ كىردى، بەئەينى بىر دېتسىبېل سادامۇ يوقتەك، تىمتاسچىلىقتا ئادەمنىڭ قورۇققۇسى كېلەتتى، ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى بېسىپ تۇرغان سىياھتەك قارا ئاسمان يەر - زېمىننى يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

### يېڭى سۆز - ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| قاناس | Kanas gölü |
| بۇرچىن | Bir kasaba adı |
| ئىقلىم | İklim |
| ئۈششۈك | Ayaz, buz tut |
| ئوڭغۇل - دوڭغۇل | İnişli çıkışlı |
| نامايەن | Aşikar, ayan |
| ۋەھالەنكى | Oysaki |
| سوزۇنچاق | Oval |
| مەخلۇق | Yaratık |
| دۇنيادىن تەرك بول - | Terk et- |
| دېتسىبېل | Desibel |
| تىمتاس | Çok sakin |
| ئۆگزە | Çatı |
| سىياھ | Siyah |
| يۇت - | Yut - |
| تاسقال - | Elen - |



### سۆز – ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش

1- ئۈششۈك

ئەتە ئۈششۈك چۈشىدىكەن.

بۇ يىل ئەتىيازدا ئۈتياشلارغا ئۈششۈك تېگىپ كەتتى.

قۇلىقىڭ ئۈششۈپ قاپتۇ، ئۈششۈك دورىسىنى سۈركەپ قويغىن.

2- تاسقالماق

گۈرۈچ تاسقىلىپ بولدى.

ماشىنا ئۇگۈغۈل – دوگۈغۈل تاغ يولىدا ئۈچ سائەت تاسقىلىپ بولدى.

3- تىمتاس

تىمتاس كېچىدە كىشىلەر توساتتىن جانلىنىپ كەتتى.

بۇ جىلغا شۈنچىلىك تىمتاسكى، ئادەمنىڭ قورقۇسى كېلەتتى.

4- يۇتماق

سىز ئاغزىڭىزدىكى دورىنى يۇتۇپ بولۇپ ئالما يېسىڭىز بولمامدۇ.

چوڭ بېلىقلار كىچىك بېلىقلارنى يۇتىدۇ.

**گراماتىكا**

**1- «-غانلىق، -ۋاتقانلىق، - دىغانلىق»لىق ئىسمداش**

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئىسمداشلار پۈتكەن ھاللىق ئىسمداش، ئىزچىل ھاللىق ئىسمداش ۋە پۈتمىگەن ھاللىق ئىسمداش بولۇپ، ئۇلارغا «-لىق، -لىك»قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:



كەتكەن + لىك ← كەتكەنلىك سۆزلىگەن+لىك ← سۆزلىگەنلىك

قاتناشقان + لىق ← قاتناشقانلىق بارغان + لىق ← بارغانلىق

كۆرۈۋاتقان+لىق ← كۆرۈۋاتقانلىق قوپۇۋاتقان +لىق ← قوپۇۋاتقانلىق

كېلىۋاتقان +لىق ← كېلىۋاتقانلىق ئوقۇۋاتقان +لىق ← ئوقۇۋاتقانلىق

كېلىدىغان +لىق ← كېلىدىغانلىق ئوقۇيدىغان +لىق ← ئوقۇيدىغانلىق

**2-«...نىڭ + غانلىق + تەۋەلىك قوشۇمچىسى» شەكلى**

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سىلەرنىڭ تىرىشقانلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسى.

سىز بىزنىڭ بۇ كىنونى كۆرگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

**3- «...نىڭ+ ۋاتقانلىق+ تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى» شەكلى**

ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بىزنىڭ بۇ يەردە توپ ئويناۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيدۇ.

بايا مەن ئۇنىڭ تېلېفون قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

**4. «...نىڭ +دىغانلىق+تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى» شەكلى**

ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئۈلۈشكۈنلا ئاڭلىغانىدىم.

سىلەرنىڭ ئۇيغۇرچىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنەلەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

ئۇنىڭ ئىنگلىزچە بىلىدىغانلىقىنى ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

**5. شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

بېقىندى تارماق جۈملىدىكى ئوي – پىكىر بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدىكى ئوي – پىكىرنىڭ شەرتى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بېقىندىلىق جۈملە شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى تارماق جۈملىسى شەرت ياكى پەرەزنى بىلدۈرىدۇ. بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىسى شەرت ياكى پەرەز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:



1) بېقىندى تارماق جۈملىسى «ئەگەر، ناۋادا، مۇبادا» باغلىغۇچىلىرى ۋە پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدا پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى يۇقىرىدىكى باغلىغۇچىلارنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇ باغلىغۇچىلار كۆپىنچە ئىخچاملىنىدۇ، مەسىلەن:

ئەگەر سىز مېنىڭ ئۆز دادام بولسىڭىز، بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز دېمىگەن بولاتتىڭىز.

ناۋادا شەھەردە ياشاپ، شەھەر قىزلىرىچە كىيىنگەن بولسا، گۈللەرنىڭ گۈلى بولىدىكەن بۇ بەرنا.

قانچىلىك ئالىمەن دېسەڭ، شۇنچىلىك ئال.

2) بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى«-غان» لىق سۈپەتداشلارغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ۋە «لا» يۈكلىمىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سۇ بولغاندىلا، ھاياتلىق بولىدۇ.

پەقەت سۇ مىقدارى مۇۋاپىق بولغاندىلا، شالدىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

3) بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىدىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم خاتالىقتىن قول ئۈزۈپ ئويغىنىدىكەن، ئۇ يېڭى بىر كۈچ بىلەن ھەقىقەتكە قاراپ قەدەم تاشلايدۇ.

سەن بۇ خۇيۇڭنى تاشلىمايدىكەنسەن، ئامەددىن ئايرىلىپ قالىسەن.

**6- تەكىت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

بېقىندى تارماق جۈملىسى تەكىت باغلىغۇچىسى «كى» ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە كېلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەكىت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ساقىلى شۇنداق تىترىدىكى، مۇشۇ يېزىدا ئۆسۈپ، مۇشۇ يېزىدا ئاقارغان بۇ داڭلىق ساقالنىڭ بۇنچىۋالا تىترىگەنلىكىنى ھازىرغىچە ھېچكىم كۆرمىگەنىدى.

ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، تۇنجى مۇھەببىتىم بىلەن دۇنيادىن ئۆتىمەن.

بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتى.

**7- سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

بېقىندى تارماق جۈملىسى سەۋەبنى، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىسى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملە سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆز ئىچىدىن يەنە سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) بېقىندى تارماق جۈملىسىنىڭ خەۋىرى «-غان»لىق سۈپەتداشقا «ئىكەن» باغلامچى پېئىلنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە ئۇرۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىشنى باشلىغانىكەنمىز، ئۇنى پۇختا ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ئىش مۇشۇ ھالغا كەلگەنىكەن، سۇ چىقىرىش تۇسمىسىنى ئەپلەپ – سەپلەپ قولدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

2) بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمى «تۇرسا» ياردەمچى پېئىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدا بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە كۆپىنچە سوئال شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

244

بەزىدە تەستىق شەكلىدە ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

بەش ئايدىن بېرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسام، نېمىشقا بىلمەيمەن؟

ئۇلار بىزگە دۈشمەن تۇرسا، ئۇ ياقتىن بىزگە ياخشىلىق كېلەرمۇ؟

سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر «چۈنكى، سەۋەبى (سەۋەب)، شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، نەتىجىدە، شۇنىڭ بىلەن» دېگەندەك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ. ئۇ باغلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدە «چۈنكى، سەۋەبى (سەۋەب)» دېگەن باغلىغۇچىلار بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا ئىشلىتىلىدۇ. قالغانلىرى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مېنى ياقتۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇ مېنى ھېلىقى ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى.

ئۇ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئانچە خالىمايتتى. چۈنكى، جىددىي ئىش قىلىش ئۇنى چۆچۈتەتتى.

ئەمما، مەن پەشۋا بەرمىدىم، قاتتىق تىللىدىم، سەۋەب ئۇ چاغدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بىزنىڭ ئۆلۈپ – تىرىلىشىمىز بىلەن كارىڭىز بولمايدىغان بولۇپ قالغان.



گۇناھسىز بەندە يوق جۇمۇسلا بۇ ئالەمدە، شۇڭا خۇدايىم دوزاخنى ياراتقان.

ھۈنەرسىز ئادەم – مېۋىسىز دەرەخ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئۆگىتىپ قوياي.

بۇ ئىككى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان تىللارنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئاساس سالغان.

**8- قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي – پىكىر بېقىندى تارماق جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي – پىكىرگە قارشى قويۇلغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) بېقىندى تارماق جۈملىسىنىڭ بېشىدا «گەرچە» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلىدۇ (بەزىدە بۇ باغلىغۇچى ئىشلىتىلمەيدۇ)، بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى «-سىمۇ ( - سا / -سە + مۇ) شەكلىدە ئاخىرلىشىدۇ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا «لېكىن، ئەمما، بىراق» باغلىغۇچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ (بەزىدە بۇ باغلىغۇچىلارمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ).

مەسىلەن: گەرچە ئۆزىڭىزنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، لېكىن باشقىلاردىن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان.

ئۇ گەرچە كۆرۈمسىزرەك بولسىمۇ، ئادەمنى ئۆزىگە بەك جەلپ قىلىۋالاتتى.

ئۇ كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتە ناھايىتى باي.

مەن شۇنچە يېلىنغان بولساممۇ، ئۇ مېنىڭ بېرىشىمغا زادى قوشۇلمىدى.

2) بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى «-غان»لىق سۈپەتداشلارغا «بىلەن» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى ئىشلارنى سىز قىلالىغان بىلەن، مەن قىلالمايمەن.

تەقسىر، مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىگەن بىلەن، قۇللىرىم بۇغدايىنى ئۇبدان تونۇيدۇ.

خورلۇقتا، تۆھمەتكە مەن چىدىغان بىلەن، كىچىك بالا چىدىمىدى.

3) بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندى تارماق جۈملە «بولمىسا» باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ باغلىغۇچى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ. بېقىندى تارماق جۈملىسى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

246

تېزرەك ماڭايلى، بولمىسا ئاپتوبۇس كېتىپ قالىدۇ.

گەپنى ئوچۇق قىل، بولمىسا ئوقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ.

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكىلەرنى بىرلەشتۈرۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① (گەرچە)، بۇ، ناخشا، مەن، بىر نەچچە، قېتىم، ئاڭلا -. بول -، لېكىن، يەنە، ئاڭلا -، كەل - .

② ئەگەر، ئۇ، بۇ، يەر، بول -.، ئۇ، بىز، چوقۇم، ياردەم، بەر -، بول - .

③ شۇ، چاغ، گەرچە، قار، ياغ -، بول -، بىز، سېرت، كىنو، كۆر -.

④ مەن، ئەخمەت، قەشقەر، قايت -، كەل -، تونۇگۇنلا، ئاڭلا - .

⑤ گەرچە، رەنا، بىز، ھەممە، ياخشى، .ئۆگەن -، بول -، لېكىن، ئۇ، بىرئازمۇ، مەغرۇرلان -.

⑥ قايسى، يول، يېقىن، بول -، بىز، شۇ، يول، بىلەن، ماڭ -.

2- تۆۋەندىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① ئۇ ھەممە جەھەتتە ياخشى، شۇڭا ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ سايلاندى.

② گەرچە ئۇ يەرگە بارغان بولساقمۇ، لېكىن ئېسىمدە ئېنىق قالماپتۇ.

③ ئۇ دائىم «ياشلار باغچىسى»غا بېرىپ سەيلە قىلىدۇ، چۈنكى «ياشلار باغچىسى» ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن.

④ ئەگەر مەندە ماشىنا بولغان بولسا، تۈنۈگۈن سىلەر بىلەن شەھەرگە بارغان بولاتتىم.

⑤ قۇربان تاغا شەخسىي بولسىمۇ، جامائەتكە ۋە ئاممىغا ياردەم بېرىشتە ناھايىتى سېخىي.

⑥ پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، باشقىلار قىلالايدىغاننى بىزمۇ قىلالايمىز.

⑦ نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن.

⑧ ئۇنچىلىك پۇلۇق بولغان بولسا، سېنىڭ يېنىڭغا كەلمىگەن بولاتتىم.



⑨ مۇبادا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ، جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، بۇنى قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

⑩ قۇلىقىمنىڭ قۇرۇق گەپ بىلەن خوشى يوق، شۇڭا پاختا تىقىۋال.

⑪ سىزنى بەك سېغىندىم، شۇڭلاشقا كەلدىم.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Beni sevseniz dünyalar benim olur.
2) Güler yüzlü olsa onu herkes çok sever.
3) keşke şimdi yanımda olsa!
4) Beni görse yanıma gelir.
5) Hırsızı yakalasa çok mutlu olacak.
6) Burası çok soğuk, burada beklemesen iyi olur.
7) Keşke o da sınavı kazansa.
8) Biraz daha çalışsan iyi olacak.
9) O o kadar çok çalıştı ki, sonunda sınavda başarılı oldu.
10) Eğer şimdi gelmezsen, ilerde mutlaka pişman olacaksın.

## ئوتتۇز بىرىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | |
|---|---|
| ئۈلۈشكۈن تۇرسۇنلار كەلگەندە بىز | كۈتۈپخانىدا گېزىت كۆرۈۋاتاتتۇق.<br>ھويلىدا كۆچەت تىكىۋاتاتتۇق.<br>سىنىپتا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتۇق. |
| ئۇ: ئابابا ئۇ سىزنى چاقىرغىلى بارغاندا سىز | ئۇخلاۋاتاتتىڭىزمۇ / ئۇخلاۋاتامتىڭىز.<br>خەت يېزىۋاتاتتىڭىزمۇ / يېزىۋاتامتىڭىز.<br>دەرس تەكرارلاۋاتاتتىڭىزمۇ / تەكرارلاۋاتامتىڭىز. |
| ئە: ياق، شۇ چاغدا | ئۇخلاۋاتمايتتىم، يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم.<br>خەت يېزىۋاتمايتتىم، ماقالە يېزىۋاتاتتىم.<br>دەرس تەكرارلاۋاتمايتتىم، رومان كۆرۈۋاتاتتىم. |

II

| | |
|---|---|
| بۈگۈنكى ئىشىمىز تۈگىدى، ئەمدى | سۇ ئۈزگىلى بارساڭلار.<br>بالدۇراق ئۆيگە قايتساڭلار.<br>دەم ئالساڭلار. |

بۇ مەسىلىگە سەل قارىساق بولمايدۇ.
بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئا: ماۋۇ جۈملىنى مۇنداق | چۈشەنسەم<br>تەھلىل قىلسام<br>ئوقۇسام | بولامدۇ؟ |

ئە: ئەلۋەتتە بولىدۇ.

III

ئۇ ناھايىتى تىرىشچانلىقتىن/ تىرىشچانلىقىدىن ئۆگىنىش نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى.

ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن / قويغانلىقىدىن ئالغا بېسىشى ناھايىتى تېز بولدى.

ئۇ ئاممىغا كۆيۈنگەنلىكتىن / كۆيۈنگەنلىكىدىن ئامما ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئا: ئۇلۇشكۇن | بوغدا كۆلىگە<br>دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا<br>خەلقئارالىق چوڭ بازارغا | باردىڭلارمۇ؟ |

ئە: باردۇق.

ئا: سىدىق بىلەن كۆرۈشتۈڭلارمۇ ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: ئۇ | دەرس بېرىۋاتقىنى<br>ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقىنى<br>لېكسىيە بېرىۋاتقىنى | ئۈچۈن كۆرۈشەلمىدۇق. |
| بالىلار ئەتە | باھار سەيلىسىگە بارىدىغانلىقى<br>تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلىقى<br>كونسېرت كۆرىدىغانلىقى | ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىدۇ. |

IV

| | | |
|---|---|---|
| بۇ | كىتابنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇم<br>ناخشىنى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم<br>رەسىمنى كۆرگەنسېرى كۆرگۈم | كېلىدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۇنىڭ | خېتى<br>غەيرىتى | بارغانسېرى | چىرايلىق<br>ئۇستۇن | بولۇۋاتىدۇ. |

V

| | | |
|---|---|---|
| سىلەر بۇ يەردە بىردەم | ساقلاپ<br>ئولتۇرۇپ<br>گېزىت كۆرۈپ | تۇرۇڭلار، مەن سىنىپقا بېرىپ باقاي. |

چىراقنى ئۆچۈرمەي تۇرۇڭلار، ماۋۇ خېتىمنى يېزىپ بولاي.

ھېلىقى ماقالىنى كۆچۈرمەي تۇرۇڭلار، سابىرلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن.

**تېكىست**

**گۈلىستاندىن پارچە**

بىر دەرۋىش قاقاس بىر يەردە تەنھا ئولتۇراتتى. بىر پادىشاھ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. دەرۋىش ئۆزۈمگە ئۆزۈم پادىشاھ ، ھېچكىمگە بېقىنمايمەن، دېگەن قانائەت بىلەن بېشىنى كۆتۈرمىدى ۋە نەزەرمۇ سالمىدى، سۇلتان بولسا سەلتەنەت – ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى كىشىمەن دېگەن نۇقتىدىن خاپا بولۇپ مۇنداق دېدى: «جەندە كىيگەن بىر نېمىلەر خۇددى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇلاردا ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتى يوق!»

ۋەزىر دەرۋىشنىڭ قېشىغا كېلىپ دېدى: «ئەي مەرد كىشى، يەر يۈزىنىڭ سۇلتانى يېنىڭدىن ئۆتسە، نېمىشقا ئورنىڭدىن تۇرۇپ تازىم قىلمايسەن ۋە ئەدەب قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرمەيسەن؟»

دەرۋىش دېدى: «پادىشاھقا ئېيت، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن كىم بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، شۇ كىشىدىن خۇشامەت قىلىشنى كۈتسۇن، يەنە شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، پادىشاھ دېگەن پۇقرانى ساقلاش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پۇقرالار ھەرگىز پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس!».

پادىشاھ كەمبەغەللەر پاسىبانى،
گەرچە شاھلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت.
قوي دېگەن چوپان ئۈچۈن ياشىماس،
بەلكى چوپان ئاڭا قىلۇر خىزمەت.
بۈگۈن كۆرسەڭ بىراۋنى بەختلىك، شاد،
كۆرەتسەن بىرىنى كۆڭلى جاراھەت.
كۈتۈپ تۇر نەچچە كۈن، تۇپراق بىراۋنىڭ،
خىيالچان بېشىنى يەيدۇ كارامەت.

تۈگەر شاھلار بىر كۈن قۇللارنىڭ پەرقى،
ئۆلارغا كەلسە بىر كۈن يازمىش قىسمەت.
ئۆلۈكلەر قەبرىنى ئاچساكى بىر كىم،
كۆرەلمەس باي – گادىيلىقتىن ئالامەت!

دەرۋىشنىڭ سۆزى پادىشاھقا قاتتىق تەسىر قىلدى –دە: «مەندىن نېمىنى خالىساڭ سورا!» دېدى.

دەرۋىش دېدى: «مەن سەندىن شۇنى سورايمەنكى، مېنى ئىككىنچى بىئارام قىلمىساڭ!»

پادىشاھ دېدى: «ماڭا بىرەر پەندى – نەسىھەت قىلساڭچۇ!»

دەرۋىش دېدى:

«بۈگۈن بار قولدا بايلىق، بىل غەنىمەت،
قولدىن – قولغا ئۆتۈپ تۇرار مۈلك – دۆلەت»

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Derviş | دەرۋىش |
| Tenha | تەنها |
| Bağlı ol - | بېقىن - |
| Sultan | سۇلتان |
| Saltanat | سەلتەنەت |
| Derviş elbisesi | جەندە |
| İnsanlık | ئادەمگەرچىلىك |
| Erdem | پەزىلەت |
| Vezir | ۋەزىر |
| Cömert | مەرد |
| Boyun eğ - | تازىم قىل - |
| Ahlak | ئەدەب – قائىدە |
| Yerine getir - | بەجا كەلتۈر - |
| Sahip ol -, nail ol - | بەھرىمەن |
| Yağcılık yap - | خۇشامەت قىل - |
| Bekle -,Ağırla -, Misafir et - | كۈت - |
| Vatandaş | پۇقرا |
| İtaat | ئىتائەت |

| | |
|---|---|
| Önder | پاسبان |
| Çoban | چوپان |
| Yaşa - | ياشا - |
| Birisi, bir kimse | بىراۋ |
| Keramet | كارامەت |
| Köle | قۇل |
| Fark et - | پەرقلەن - |
| Kısmet | قىسمەت |
| Kabir | قەبرە |
| Zengin | باي |
| Fakir | گاداي |
| İşaret | ئالامەت |
| Rahatsız | بىئارام |
| Öğüt | پەندى – نەسىھەت |
| Fırsat | غەنىيمەت |
| Eldin ele geç - | قولدىن – قولغا ئۆت - |



**گراماتىكا**

**1- ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايى**

ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلۇشكۈن سىلەر كەلگەندە بىز توپ ئويناۋاتاتتۇق.

بۇلتۇر بۇ چاغلاردا باھارلار دوختۇرخانىدا پراكتىكا قىلىۋاتاتتى.

**1) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى**

كۆر + ۈۋات + اتتىم ← كۆرۈۋاتاتتىم

قوپ + ۇۋات + اتتىڭ ← قوپۇۋاتاتتىڭ

ياز + ىۋات + اتتىڭلار ← يېزىۋاتاتتىڭلار

سۆزلە + ۋات + اتتى ← سۆزلەۋاتاتتى

**2) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى**

كۆرمە + يۋات + ← كۆرمەيۋاتاتتىم

قوپما + يۋاتـ + ← قوپمايۋاتاتتىڭ

يازما + يۋاتـ + ← يازمايۋاتاتتىڭلار

سۆزلىمە + يۋاتـ + ← سۆزلىمەيۋاتاتتى

بۇ جۈملىلەرنى قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكىڭنى بىلمەيۋاتاتتۇق، سىز كېلىپ قالدىڭىز.

مەن بۇ كىتابلارنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتىم، ئەلىي ياردەمگە كەلدى.

كۆر + ۈۋاتـ + ما + يتتىم ← كۆرۈۋاتمايتتىم

قوپـ + ۇۋاتـ + ما + يتتىڭ ← قوپۇۋاتمايتتىڭ

ياز + ىۋاتـ + ما + يتتىڭلار ← يېزىۋاتمايتتىڭلار

سۆزلە + ۋات + ما + يتتى ← سۆزلەۋاتمايتتى

سىز تۈنۈگۈن ياتىقىمىزغا بارغاندا خەت يېزىۋاتمايتتىم، ماقالە يېزىۋاتاتتىم.

سىز خىزمەتكە قاتناشقان يىلى بىز بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتمايتتۇق، ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتتۇق.



**3) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى**

كۆرۈۋاتاتتىم + مۇ ← كۆرۈۋاتاتتىممۇ

قوپۇۋاتاتتىڭ + مۇ ← قوپۇۋاتاتتىڭمۇ

يازمايۋاتاتتىڭلار + مۇ ← يازمايۋاتاتتىڭلارمۇ

يېزىۋاتمايتتىڭلار + مۇ ← يېزىۋاتمايتتىڭلارمۇ

سۆزلىمەيۋاتاتتى + مۇ ← سۆزلىمەيۋاتاتتىمۇ

كۆرۈۋاتـ + امـ + تىم ← كۆرۈۋاتامتىم

قوپۇۋاتـ + امـ + تىڭ ← قوپۇۋاتامتىڭ

يازمايۋاتـ + امـ + تىڭلار ← يازمايۋاتامتىڭلار

يېزىۋاتما + امـ + تىڭلار ← يېزىۋاتامتىڭلار

سۆزلىمەيۋاتـ + امـ + تى ← سۆزلىمەيۋاتامتى

سۆزلەۋاتما + م + تى ← سۆزلەۋاتامتى

**2- «ئىسىمداش (غانلىق، ىۋاتقانلىق، دىغانلىق) (+تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى) + چىقىش كېلىش» شەكلى**

ئىش – ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقانلىقتىن / ياغقانلىقىدىن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەلمىدۇق.

ئۇلار ئەتە كېلىدىغانلىقتىن / كېلىدىغانلىقىدىن بىز ئۇلارنىڭكىگە بارمىدۇق.

ئايۇپ يىغىندا سۆزلەۋاتقانلىقتىن / سۆزلەۋاتقانلىقىدىن مەن ئۇنى چاقىرماي قايتىپ كەلدىم.

ئىزاھات: « ئىسىمداش (غانلىق، ىۋاتقانلىق، دىغانلىق)(+تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى) + چىقىش كېلىش»تىكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا «ئۈچۈن» تىركەلمىسى ئالمىشىپمۇ كلېدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن......

ئۇلار ئەتە كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن......

ئايۇپ يىغىندا سۆزلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن....

ئىزاھات: يۇقارقى گراماتىكىلىق شەكىلدىكى ئىسمداشنىڭ ئورنىغا سۈپەتداشنىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: 254

تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقىنى ئۈچۈن.....

ئۇلار ئەتە كېلىدىغىنى ئۈچۈن.....

ئايۇپ يىغىندا سۆزلەۋاتقىنى ئۈچۈن......

**3- «غانسېرى»لىق رەۋىشداش**

پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-غانسېرى / -قانسېرى / -گەنسېرى، / -كەنسېرى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سۆزلەش + كەنسېرى ← سۆزلەشكەنسېرى

ئۆگەن + گەنسېرى ← ئۆگەنگەنسېرى

ئېيت + قانسېرى ← ئېيتقانسېرى

ئاڭلا + غانسېرى ← ئاڭلىغانسېرى

ئۇ ئويلىغانسېرى قورقۇشقا باشلىدى.

ئانارخان كۆلگەنسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتەتتى.

ئويلىغانسېرى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

ئۇنىڭ خېتى بارغانسېرى چىرايلىق بولۇۋاتىدۇ.

**4 -«ش»لىق ئىسىمداش + نى + غۇ + ئەسلىدىكى پېئىل» شەكلى**

بۇ يول قويۇشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بېرىشنىغۇ بارىمەن، لېكىن ھازىر بارالمايمەن.

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① مەن، ئازراق، ئىش، بار، كەچرەك، بار -، بول - ؟

② ئۇ، كۈن، سىلەر، كەل -، بىز، سىنىپ، ناخشا، ئۆگەن -

③ ئەگەر، ھازىر، سىز، ۋاقىت، بول -، ھېلىقى، كىتاب، ئەتە، ئارىيەت، ئال -، بول -.

④ سىلەر، ئارمىيە، قاتناش -، يىل، مەن، سىڭىل، تېخى، باشلانغۇچ، مەكتەپ، ئوقۇ -

⑤ ئۇ، ئەمگەك، جاپا، ۋە، ھېرىش - چارچاش، قورق -، ساۋاقداشلار، ياخشى، باھا، ئېرىش -.

⑥ يېقىن، بىز، چەت، تىل، ئىمتىھان، بەر -، بۇ، يەكشەنبە، كۈن، ھېچ، يەر، بار -.

⑦ مۇنداق، لۇغەت، ھازىر، ئال -، بول -، سىز، كېيەك، بول، مېنىڭكى، كۆر -، تۇر -.

⑧ بىز، ئۇيغۇرچە، ئۆگەن -، ئۆگەن -، كەل -.

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق سۆزنى قويۇڭ ھەمدە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① بۇ كىتابنى سىز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەن (ئوقۇغىلى، ئوقۇشقا، ئوقۇسام) بولامدۇ؟

② يول ناھايىتى يىراق، پىيادە (بارغىلى، بېرىشقا، بارساق) بولمايدۇ.

③ پەقەت تىرىشقاندىلا ئۇيغۇرچىنى ياخشى(ئۆگەنگىلى، ئۆگىنىشكە، ئۆگەنسەك) بولىدۇ.

④ بۇ ماقالە ئىنتايىن قىيىن، بىر سائەت ئىچىدە تەرجىمە قىلىپ (بولغىلى، بولۇشقا، بولساق)بولمايدۇ.

⑤ ئاقنى قارا (دېگىلى، دېيىشكە، دېسە) بولمايدۇ.

⑥ بىر بۇگۇن قىلالايدىغان ئىشنى (قالدۇرغىلى، قالدۇرۇشقا، قالدۇرساق) بولمايدۇ.

⑦ ئەگەر تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولمىغان بولساڭلار، ئەتە ماڭا (بەرگىلى، بېرىشكە، بەرسەڭلار) بولىدۇ.

⑧ بۇ دەريا ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر، كېمە بولمىسا (ئۆتكىلى، ئۆتۈشكە، ئۆتسەڭ) بولمايدۇ.

⑨ سىلەر بۇ لېكسىيىنى (ئاڭلىغىلى، ئاڭلاشقا، ئاڭلىساڭلار)مۇ بولىدۇ.

⑩ بۇگۈنكى كۈنگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ (قالغىلى، قېلىشقا، قالساق) بولمايدۇ.

3- تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى تېپىڭ.

تەنها، يالغۇز; سۇلتان، شاھ، پادىشاھ; پەزىلەت، خىسلەت; كۈتمەك، ساقلىماق; پۇقرا، ئاۋام; چوپان، مالچى; ياشىماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك; جاراھەت، يارا; تۇپراق، توپا; كارامەت، ئاجايىپ;

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.



1) İlaçlarını düzenli kullandıkça iyileşiyor.

2) Hava ısındıkça tabiat yeşeriyor.

3) Kış yaklaştıkça havalar soğuyor.

4) Hızlı yürüsek onlara yetişebiliriz.

5) Yapmasını da yapacağım, ama elimde değil.

6) Yağmur dindiyse, dışarı çıkalım.

7) Yolunuzu kaybetdiyesek, insanlardan yardım istemelisiniz.

8) Hasan sınava zamanında hazırlanmadığından, sınavdan başarısız oldu.

9) O gara geç geldiği için trene yetişemedi.

10) Ayşe orta okuldayken çok çalışyordu.

## ئوتتۇز ئىككىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق

I

تۈنۈگۈن دوستۇمنىڭ ئېلخېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم،

- ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋېتىپتۇ.
- ئوغلى يەسلىگە بېرىۋېتىپتۇ.
- مەكتەپ كۈتۈپخانىسىدا ئىشلەۋېتىپتۇ.

ئا: قاراپ باقتىڭمۇ؟ مېھراي

- گېزىت ئوقۇۋېتىپتىمۇ؟
- خەت يېزىۋېتىپتىمۇ؟
- كومپيۇتېردا فىلىم كۆرۈۋېتىپتىمۇ؟

ئە: قاراپ باقتىم. ئۇ

- گېزىت ئوقۇۋاتماپتۇ
- خەت يېزىۋاتماپتۇ
- كومپيۇتېردا فىلىم كۆرۈۋاتماپتۇ

ماقالە يېزىۋېتىپتۇ.

سورىدىم، ئۇلارنىڭ كىنوغا بارغۇسى كەلمەيۋېتىپتۇ.
قارىدىم، ئۇلار يەنىلا ئېلىشقا كەلمەيۋېتىپتۇ.

II

مەن سىناپ باقتىم

- ئېگىزگە سەكرىسەم، بىر مېتىر ئوتتۇز سانتىمېترغا سەكرىيەلەيدىكەنمەن.
- چويۇن توپ ئاتسام، سەككىز مېترغا ئاتالايدىكەنمەن.

ئا: ئۆمەر، قېيۇمدىن سورىدىڭمۇ؟ چۈشتىن كېيىن

- يىغىنغا قاتنىشالمايدىكەنمىز؟
- تىياتىر كۆرەلمەيدىكەنمىز؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: سورىدىم، چۈشتىن كېيىن | يىغىنغا قاتناشمايدىكەنمىز،<br>تىياتىر كۆرمەيدىكەنمىز، | ئېكسكۇرسىيىگە باردىكەنمىز. |

III

ئا: ئەخەت، قاھارنى كۆردۈڭمۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: | مەيدانغا توپ ئوينىغىلى<br>كۇتۇپخانىغا دەرس<br>تەكرارلىغىلى<br>پوچتىخانىغا خەت سالغىلى | كەتتىغۇ دەيمەن. |

## تېكست

I

### يولۋاس بىلەن توشقان

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر جاڭگالدا بىر يولۋاس پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا شۇ جاڭگالدىكى جان – جانىۋارلار نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوزۇن بولۇشقا مەجبۇر ئىكەن. ئۇلار بۇ يولۋاس پادىشاھنى بەك ئۆچ كۆرىدىكەن، دائىم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋەت بىر توكۇر توشقانغا كەپتۇ، توشقان يولۋاسنى يوقىتىدىغان بىر ئامال تېپىپتۇ-دە، يولۋاسنىڭ ئالدىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپرەك كەپتۇ. يولۋاسنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

- نېمىشقا ۋاخ قالدىڭ، ئاۋاق؟- دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىراپتۇ.

- كەچۈرسىلە، پادىشاھى ئالەم – دەپتۇ توشقان، - مەن راست دېگەندەك بىر ئاۋاق، بىر كۈنلۈك غىزالىرى ئۈچۈن ئازلىق قىلىمەن. شۇنى ئويلاپ، خىجالەت بولۇپ، ئاخىرى بىز تۇغقىنىمنى بىللە ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم، يولدا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر يولۋاس ئالدىمىزنى توسۇپ ئاۋارىچىلىققا سالدى. بىز زادى قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي قالدۇق. باشقا ئىلاجى يوق، ھېلىقى يولۋاس مەن بىلەن كېلىۋاتقان تۇغقىنىمنى تۇتۇپ كەتتى، مېنىڭ بىر پۇتۇمنى ناكار قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم.

يولۋاس بۇنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

- كىم ئىكەن ئۇ؟ جۈرە، مېنى ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن!- دەپ توشقاننى ئالدىغا

سىلىپ مېڭىپتۇ. توشقان يولۋاسنى باشلاپ بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

- مانا تەخسىر، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەنە تۇرۇپتۇ ئۆزى، يېنىدا ھېلىقى توشقانمۇ بار ئىكەن. تېخى ماڭىمۇ ئېتىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، - دەپ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپتۇ.

يولۋاس كېلىپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەم يېنىدىكى توشقاننىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. يولۋاس تەرىنى تۈرۈپ، چىشلىرىنى ھىجايتسا، قۇدۇقتىكى شولىسىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. بۇ ئەھۋالغا چىدىيالماي، يولۋاس ئۆزىنى بىر ئېتىپتۇ -دە، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىل موللاق چۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توكۇر توشقاننىڭ تاپقان ئامالى بىلەن جاڭگالدىكى ھەممە جان - جانىۋارلارنىڭ يولۋاستىن قۇتۇلۇپتۇ.

### يېڭى سۆز - ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Teslim al – | تاپشۇرۇۋال - |
| Elektronik posta | ئىلخەت |
| Kreş | يەسلى |
| Gülle | چويۈن توپ |
| At -,vur -, | ئات - |
| Kaplan | يولۋاس |
| Cangıl,sık orman | جاڭگال |
| Yönetim | ھۆكۈمرانلىق |
| Hayvan | جان – جانىۋار |
| Gıda | ئوزۇق |
| Kurtul - | قۇتۇل - |
| Topal | توكۇر |
| Yok et -, Mahvet -,Kayıp et- | يوقات - |
| Çare | ئامال |
| Belirt - | بەلگىلەن - |
| Sinirlen - | ئاچچىقى كەل - |
| Geç kal - | ۋاخ قال - |
| Zayıf | ئاۋاق |
| Sinir | غەزەپ |
| Özür dile - | كەچۈرۈم سور - |
| Kral hazretleri | پادىشاھى ئالەم |

| | |
|---|---|
| Doğru | راست |
| Yemek | غىزا |
| Yetme - | ئازلىق قىل - |
| Haşmet | ئۆزلىرى |
| Engelle - | توسا - |
| Zahmet | ئاۋارىچىلىق |
| Sıkıntıya sok - | ئاۋارىچىلىققا سال - |
| Çare | ئىلاج |
| Kır - | ناكار قىل - |
| Çok sinirli | دەرغەزەپ بىلەن |
| Türe -,sıçra | چاچرا - |
| Yan | قاش |
| Pınar | قۇدۇق |
| Efendim | تەخسىر |
| Şurada, bak - | ئەنە |
| Atıl - | ئېتىل - |
| Gölge | شولا |
| Sinirlen - | غەزەپلەن - |
| Yüzünü as - | تەرىنى تۇر - |
| pis pis gül - | ھىجاي - |
| dayan- | چىدا - |
| dik | تىك |
| taklak | موللاق |

## گراماتىكا

**1- ۋاستىلىك ھازىرقى زامان خەۋەر رايى**

ئىش – ھەرىكەتنىڭ ۋاستىلىك ھالدا بايان قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كېرەملەر دەريادا سۇ ئۈزۈۋېتىپتۇ.

ئۈرۈمچىدە مەن خەمىتلەر بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇلار ھەممىسى ياخشى ئىشلەۋېتىپتۇ.

**1) بولۇشلۇق شەكلى**

داۋامىشلىۋاتقان پېئىل شەكلىگە ( -ىپتۇ، -پسىلەر، -پسەن، -پتىمىز، -ىپتىمەن) قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.مەسىلەن:

يېزىۋات + ىپتىمەن ← يېزىۋېتىپتىمەن

كۆرۈۋات + ىپسىلەر ← كۆرۈۋېتىپسىلەر

ئىشلەۋات + ىپتۇ ← ئىشلەۋېتىپتۇ

**2) بولۇشسىز شەكلى**

بولۇشسىز پېئىل + يۇات + ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىسى

كەلمە + يۋات + ىپتىمەن ← كەلمەيۋېتىپتىمەن

كۆرمە + يۋات + ىپتىمىز ← كۆرمەيۋېتىپتىمىز

بارما + يۋات + ىپسەن ← بارمايۋېتىپسەن

يازما + يۋات + ىپتۇ ← يازمايۋېتىپتۇ

ئىزاھات: تۆۋەندىكى شەكىلدىمۇ ياسىلىدۇ.

كۆرۈۋات + ما + پتىمەن ← كۆرۈۋاتماپتىمەن

كېلىۋات + ما + پسىز ← كېلىۋاتماپسىز

ئوقۇۋات + ما + پتۇ ← ئوقۇۋاتماپتۇ



**3) سوئال شەكلى**

بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز پېئىل + ئۇلانما سۆز «مۇ»

يېزىۋېتىپتۇ + مۇ ← يېزىۋېتىپتىمۇ

يازمايۋېتىپتۇ + مۇ ← يازمايۋېتىپتۇمۇ

يېزىۋاتماپتۇ + مۇ ← يېزىۋاتماپتۇمۇ

يېزىۋېتىپتىمەن+مۇ ← يېزىۋېتىپتىمەنمۇ

**2- ھازىرقى زامان پۈتمىگەن ھاللىق ۋاستىلىك خەۋەر رايى**

سۆزلىگۈچى داۋاملىق يۈز بېرىۋاتقان ياكى تەكرار يۈز بېرىۋاتقان ۋەياكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىش – ھەرىكەتنى ۋاستىلىك ھالدا بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالىمنىڭ ئاكىسى ياپونىيىدە ئوقۇۋېدىكەن.

ئەته بىز ئېقىم مەسىلىسى توغرۇلۇق ئىلمىي لېكسىيە ئاڭلايدىكەنمىز.

ئالىيەلەر دائىم مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ دەرس تەكرارلايدىكەن.

**1) بولۇشلۇق شەكلى**

بار + ىدىكەن + مەن ← بارىدىكەنمەن

كۆر + ىدىكەن + سىز ← كۆرىدىكەنسىز

قاتناش + دىكەن ← قاتنىشىدىكەن

ئاڭلا + يدىكەن + ىمىز ← ئاڭلايدىكەنمىز

ئوقۇ + يدىكەن + سىلەر ← ئوقۇيدىكەنسىلەر

**2) بولۇشسىز شەكلى**

كۆرمە + يدىكەن + مەن ← كۆرمەيدىكەنمەن

كەلمە + يدىكەن + مىز ← كەلمەيدىكەنمىز

بارما + يدىكەن + سىلەر ← بارمايدىكەنسىلەر

يازما + يدىكەن ← يازمايدىكەن

**3) سوئال شەكلى**

يازىدىكەنمەن +مۇ ← يازىدىكەنمەنمۇ

بارىدىكەنسىز +مۇ ← بارىدىكەنسىزمۇ

كۆرمەيدىكەنمىز +مۇ ← كۆرمەيدىكەنمىزمۇ

كەلمەيدىكەن +مۇ ← كەلمەيدىكەنمۇ 262

ئىزاھات: ۋاستىلىك ھازىرقى زامان خەۋەر رايى تۆۋەندىكىدەكمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆر + مە + دىكەن + مەن ← كۆرمەدىكەنمەن

ياز + ما + دىكەن + سەن ← يازامدىكەنسەن

ئوقۇ + م + دىكەن ← ئوقۇمدىكەن

بارما + م + دىكەن + مىز ← بارمامدىكەنمىز

قاتناشما + م + دىكەن + سىلەر ← قاتناشمامدىكەنسىلەر

**3- «...غۇ (قۇ) دەيمەن»**

ئىش- ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

① ماۋۇ قەلەم سىزنىڭكىغۇ دەيمەن.

② بۇ رومان بەك قىزىققۇ دەيمەن.

③-ئەتە سىلەرمۇ ئېكىسكۇرسىيىگە بارامسىلەر؟

- بارىمىزغۇ دەيمەن.

④- ھېلىقى لۇغەتنى باھار ئالدىمۇ؟

- ئالمىدىغۇ دەيمەن.

قۇش قېرىپ تورغان چۈشمەس، ئەر قېرىپ قولغا چۈشمەس

(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈڭ ھەمدە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① بايا، سىلەر سەنئەت نومۇرلار، كۆر -، سىلەر، ئۇيغۇرچە، ئۇسۇل، بەك، ياخشى، ئوينا - .



② مەن، سىنىپ باشلىقى، سورا -، قاسىم، ئېگىز، سەكرەش-، بەك، ياخشى، ئوينا -.

③ئۈ ككىمىز، يۈگۈرەشـ -، باقـ -، مەن، ئۇ، سەل، چاپسانراق، يۈگۈر -،

④ چۈش، بۇرۇن، خالىدە، تېلېفون، كەلـ -، ئۇ، زاۋۇت، قايتـ-، كەلـ- ھازىر خۇلاسە، ياز -، ئۈگۈنلۈككە، ئۇ، دەم ئالـ-، شۇ، كۈن، چۈش، كېيىن، بىز، مەكتەپ، ئوينا -، كەلـ -.

⑤ تۈنۈگۈن، كۆرگەزمىخانا، سانائەت، كۆرگەزمە، كۆر -، ئىمىن، بىلەن، ئۇچراشـ -، قالـ -، ئۇ، ئۆز، ئورۇن، بىر نەچچە خىزمەتداش، بىلەن ئۇرۇمچى، بىر، يىغىن، قاتناشـ -. ئەتە، ئاقسۇ، كەتـ- سىلەر، سالام. ئېيتـ-

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركىچىگە تەرجىمە قىلىڭلار.

① ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ يۇرتىمىزغا قايتقىنىمدا سىز تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋېدىكەنسىز.

② دەرەخلەر ئۈستىدە سېرىق، ئالا – يېشىل ۋە تۈرلۈك قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدىكەن، بىراق، بۇلار يىراقتا ئۇچۇپ كېتەلمەيدىكەن.

③ ئالىي مەكتەپتە ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ساۋاقدىشىم يۈسۈپ ھازىر سودىگەرچىلىك قىلىۋېتىپتۇ.

⑤ ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگىنى دەريا بويىغا بىرىپ، ئاخشىمى سېۋەتلەرنى تولدۇرۇپ قايتىدىكەن.

⑥ ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەن ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىۋېتىپتىمەن.

⑦ سىنىپقا كىرگىنىمدە سىلەر ئىمتىھان بېرىۋېتىپتىكەنسىلەر.

⑧ ئۇ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى يازمايۋېتىپتىمۇ؟

⑨ مېھرىگۈلمۇ ماگىستىرلىققا ئىمتىھان بېرەمدىكەن؟

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Kaza olduğunda ben eve gidiyorudum.

2) Eve gittiğimde annem yemeği hazırlıyordu.

3) Tatilde gazete okumuyorduk.

4) Yoldan hiç araba geçmiyordu.

5) Ben aradığımda yemek yiyorlarmış.

6) Akşamları erken yatıyormuş.

7) Siz balık tutmayı çok seviyormuşsunuz.

8) Ben her zaman yalan söylüyormuşum.

9) Sen ona yardım etmiyormuşsun.

10) Küçükken parka gitmeyi çok severmişim.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

### I

| | | |
|---|---|---|
| تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن | كىنو كۆرگەچكە<br>يىغىن ئاچقاچقا<br>تازىلىق قىلغاچقا | سۇ ئۈزگىلى بارالمىدۇق. |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇ | ئىش<br>جۈملىلەر<br>ماقالىلەر | ئانچە | قىيىن<br>مۇرەككەپ<br>ئۇزۇن | بولمىغاچقا، بىر سائەتتە | ئىشلەپ<br>تەرجىمە قىلىپ<br>كۆچۈرۈپ | بولدۇم. |

### II

| | |
|---|---|
| ئەمدى ئىسمىگە كەلدى، | پراكتىكا ۋاقتىمدا بۇ يەرگە كەلگەنىكەنمىز.<br>بىر كۈنى قادىرنىڭ ئىشخانىسىدا بۇ كىشىنى كۆرگەنىكەنمىز.<br>ئۆتكەن مەۋسۇمدە بۇنداق جۈملىلەرنى تەھلىل قىلغانىكەنمىز. |

| | |
|---|---|
| سىلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دا<br>قاتتىق ئەيىبلەنگەن چاغدا مەن تېخى | تۇغۇلمىغانىكەنمەن.<br>باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرمىگەنىكەنمەن. |

| | |
|---|---|
| شىرئەلىنىڭ ئاكىسىمۇ | خوتەنگە بارغانىمىكەن / بارغانىكەنمۇ؟<br>بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىمىكەن / ئوقۇغانىكەنمۇ؟<br>سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانىمىكەن /شۇغۇللانغانىكەنمۇ؟ |

### III

| | | | |
|---|---|---|---|
| سۇ قايناي<br>تاماق پىشاي<br>كىنو باشلىناي | دېدى/دەۋاتىدۇ، | چاي ئىچىپ<br>تاماق يەپ<br>كىنو كۆرۈپ | كەتمەمسىلەر؟ |

## تېكست

### غاز بىلەن توشقاننىڭ مۇسابىقىلىشىشى

توشقان مايمۇنغا رەھمەت ئېيتىپ ئايرىلغاندىن كېيىن دەريا بويىغا كەپتۇ. دەريا ناھايىتى كەڭ بولۇپ، قارشى قىرغاقتا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. بۇ تەرەپتە بولسا قومۇشلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە بار ئىكەن.

توشقان ئامالسىز دەريا بويلاپ كۆۋرۈك ئىزدەپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. توشقان كېتىۋېتىپ قومۇشلۇقتىن: «غاق! غاق! غاق!» دېگىنىچە ئالچاڭلىغان ھالدا چىقىۋاتقان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. توشقانغا بۇ نەرسە گويا تال قومۇشقا تايىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ تايىنىپ تۇرغىنى قومۇش ئەمەس بەلكى پۇتى ئىكەن، بويى بولسا توشقاندىن ئېگىز ئىكەن، بىراق بېشى ئىنتايىن كىچىك، بويى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن. توشقان ئۇنىڭ چوڭ ئاغزىغا قاراپلا ئۇنىڭ ئاچكۆز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپتۇ.

توشقان كۆكرىكىنى كەرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: - ھەي، سەن قانداق مەخلۇق؟ قەستەن مېنى قورقۇتماقچىمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى مەخلۇق توشقاننى مەنسىتمىگەن ھالدا: «غاق! غاق!غاق!»دېگىنىچە دەريانى بويلاپ كېتىۋېرىپتۇ.

- ئاۋازىڭدىن قارىغاندا سەن قابىلىيەتسىز بىر ناخشىچىغا ئوخشايدىكەنسەن، بىراق سۇنايچى بولۇشقا لايىق ئىكەنسەن.

- غاق! غاق!غاق!

- سېنىڭ قۇلىقىڭ يوقمۇ! – دەپتۇ توشقان ئاچچىقلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بىكاردىن گەپ قىلغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. چۈنكى بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قۇلىقى يوق ئىكەن. توشقان ئالدىغا ئۆتۈپ بۇ غەلىتە مەخلۇقنى توسماقچى بوپتۇ.

- نېمە قىلماقچىسەن؟ - ئۇ غەلىتە مەخلۇق ئاخىر ئېغىز ئېچىپتۇ.

- سەن يول يۈرسەڭچۇ رېپېتىتسىيە قىلىپ ماڭىدىغان تىرىشچان ئۇسسۇلچى ئىكەنسەنۇ، بىراق قۇلىقىڭ يوق ئىكەن – دە!

بۇنى ئۆزۈڭنىڭ ئاخشىمى ياخشى ئۇخلىماي، كۆزۈڭنى قىزارتىۋالغانلىقىڭدىن كۆر. قارىغىنا، مېنىڭ قۇلىقىم مانا بۇ يەردە تۇرمامدۇ؟ - ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق سۆزلىگەچ، كۆزىنىڭ ئارقىسىدىكى پەينى كۆتۈرگەن ئىكەن، چوڭلۇقى پۇرچاقتەك ئىككى تۆشۈك كۆرۈنۈپتۇ.

- ۋايىيەي مۇشۇمۇ قۇلاق بولدىمۇ؟ مېنىڭ قۇلىقىمنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدىكەنغۇ؟

- مېنىڭ قۇلىقىم كىچىك بولغىنى بىلەن ناھايىتى ياراملىق، سېنىڭ قۇلىقىڭ چوڭ بولسىمۇ پەقەت شامالنى توسىدۇ ياكى زىنnەت – بۇيۇملىقلا رول ئوينايدۇ.

- سەن مېنى ھاقارەتلەشكە پېتىندىڭمۇ؟

- سۆيۈملۈك توشقان ئەپەندى، سېنىڭ ئاۋۇ گۈزەل چوڭ قۇلىقىڭ دانىشمەن ئۇستازىڭنىڭ تاپىلىغان سۆزىنى ساقلىيالىدىمىكىن؟

- ھە...ھە... خاپا بولمىغىن، مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغىنىڭغا رەھمەت! ھۆرمەتلىك... سېنى نېمدەپ چاقىرىمەن؟

- مېنى غاز ئاكا دېسەڭ بولىدۇ.

- بىراق سەن ئاكا بولۇشقا لايىقمۇ؟ ئەجەبا مەن سەندىن ئاشۇ قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان غاقىلدىغان ئاۋازنى ئۆگىنەمدىم ياكى ئاشۇ كۆرۈمسىز ئۇسسۇلۇڭنىمۇ؟ يول مېڭىشقا كەلگەندە، مەن سەندەكتىن يىگىرمىگە تەڭ كېلەلەيمەن.

- ئۇنداق ئەمەستۇ.

- ئەگەر قورقمىساڭ ئىككىمىز بەسلىشىپ باقايلى. لېكىن ئالدىدا كېلىشىۋالايلى، كىم يەڭسە، شۇ ئاكا بولۇشقا لايىق، مۇتتەھەملىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بولامدۇ؟

- بولىدۇ، ھەممىسى سېنىڭ ئىختىيارىڭچە بولسۇن. بىز قارشى قىرغاقتىكى دەرەخنى ئاخىرقى نۇقتا قىلايلى.

- ماقۇل، - توشقان ناھايىتى خۇشال ھالدا ماقۇل بولۇپ، قارشى قىرغاققا قاراپ قويۇپ بىردىنلا بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك:

- لېكىن نەدە كۆۋرۈك بار؟ - دەپ سوراپتۇ.

- دەريانى بويلاپ شەرققە ماڭساڭ، يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈك بار، - دەپتۇ غاز.

- سەن ئالدىدا يۈگۈرگىن.

- ھاجىتى يوق، بىرلىكتە يۈگۈرەيلى.

شۇنىڭ بىلەن توشقان «بىر، ئىككى» دەپ ۋاقىرىغىنىچە بىراقلا بەش مېتىر يىراقلىققا سەكرەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە رەسمىي باشلىنىپتۇ.

توشقان خېلى ئۇزۇن يەرگىچە يۈگۈرۈپ بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا، غاز يەنىلا

ئىرغاڭلاپ دەريا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. توشقان كۆچىنىڭ باىچە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ يولدا ئاپىسى سۆزلەپ بەرگەن بوۋىسى بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا: «مەن چوقۇم بۇ ساۋاقنى ئېسىمدە ساقلايمەن» دەپ ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلاپ قويۇپتۇ – دە، كۆچىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپتۇ. خېلى ئۇزۇن يۈگۈرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن تار كۆۋرۈككە يېتىپ كەپتۇ: « ۋاي خۇدايىم! بۇ نەدىمۇ كۆۋرۈك بولسۇن؟ بۇ بىر ئەگرى – توقاي ياغاچقۇ! مۇبادا مايمۇندىن دەرەخكە يامىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالمىغان بولسام بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن» دېگىنىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياغاچنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن دەسسەپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ، شەرقتىكى دەرەخ تەرەپكە قاراپ تېز يۈگۈرۈپتۇ، دەرەخكە يېقىنراق جايدا توختاپ ئارقىسىغا قارىغانىكەن، ھېچنىمە كۆرۈنمەپتۇ.

- مەن يەڭدىم! مەن غەلبە قىلدىم! مەن ئاكا بولىدىكەن بولدۇم، - دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىراپتۇ توشقان.

- توشقان ئەپەندى، نېمىشقا ئۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ ۋارقىراۋېرىسەن؟ - توساتتىنلا دەرەخ تەرەپتىن ئاۋاز چىقىپتۇ، - بىلىشىڭ كېرەككى، سەن چۆشۈمنى بۇزۇۋېتىپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۇڭ.

توشقان چۆچۈگەن ھالدا دەرەخكە يېقىن بېرىپ:

- ئەجەبا.... – دېگىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

- غاق! غاق!غاق! – غاز ھېلىقى دەرەخ ئالدىدا كېرىلىپ قاناتلىرىنى سىلكىپ، ئەسنىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

- بۇ راستتىنلا سەنمۇ؟... – توشقان نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

- مەن يېتىپ كەلگىلى ئىككى سائەتتىن ئاشتى. ئەجەب ساقلاتتىڭ مېنى، مەن تېخى سېنى شەرققە قۇياشنى قوغلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتىمەن.

- سەن... – توشقان نېمە دېيىشنى بىلمەي يۈزىدىن تارتىپ چىرايلىق قۇلىقىغىچە ھەتتا بەدىنىدىكى تۈكلىرىگىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ.

ئەمدىغۇ مېنى غاز ئاكا دەمسەن؟

- ياق...

- نېمىشقا؟

مەن سېنى غاز ئۇستام دەيمەن، سەندىن ھۈنەر ئۆگىنىپ، سېنىڭ ئوقۇغۇچىڭ

بولۇشنى خالايمەن.

توشقان بىراقلا شۇ گەپلەرنى دەپ ئۇخلىغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۇ ئۆك قولىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن:

- غاز ئۇستام! – دەپ سالام بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن توشقان سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىدىغان ئۇستازغىمۇ ئېرىشىپتۇ ۋە ناھايىتى تېزلا سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| ئالچاڭلا - | Sallan - |
| ئاچكۆز | Doymaz,açgöz |
| كۆكرەك | Göğüs |
| سۇنايچى | Zurnacı |
| رېپېتىتسىيە | Pro yap - |
| زىننەت | Süs |
| پېتىن - | Cesaret et - |
| دانىشمەن | Bilge |
| كۆۋرۈك | Köprü |
| مۇتتەھەم | Sinsi |
| خۇش ياق - | Hoşlan - , İyi gel -, |
| يالغۇز ئاياغ يول | Kaldırım |
| ئىرغاڭلا - | Salla- |
| پىچىرلا - | Fısılda - |
| ياماش - | Tırman - |
| ماھارەت | Yetenek |
| كېرىل - | Gerin - |
| ئەسنە - | Esne - |



**گىرامماتىكا**

**1- «-غاچقا» لىق رەۋىشداش**

پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-غاچقا، - قاچقا، -گەچكە، -كەچكە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەت | + | كەچكە | ← كەتكەچكە |
| ئۆگەن | + | گەچكە | ← ئۆگەنگەچكە |
| قاتناش | + | قاچقا | ← قاتناشقاچقا |
| ئاڭلا | + | غاچقا | ← ئاڭلىغاچقا |

ئۇ توختىماي يازغاچقا تۆگەتتى.

باغ ئورنى دۆڭ بولغاچقا سۇغىرالمىدۇق.

مەن بۇ روماننى ئوقۇپ باقمىغاچقا ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

2- ۋاستىلىك پۈتكەن ئىزچىل خەۋەر رايى

سۆزلىگۈچى بۇرۇن يۈز بەرگەن مەلۇم بىر - ئىش ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقى ۋاستىلىك ھالدا بايان قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئىككىڭلار بىر ۋىلايەتتىن كەلگەنىكەنسىلەر.

ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ كىشى يۈرتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بارغانىكەن.

تۈنۈگۈن بىز كەلگەندە سىلەر كىنوغا كەتكەنىكەنسىلەر.

مەرىيەمدىن سورىدىم، سىزنىڭ كىتابىڭىزنى يوسۇپ ئېلىپ كەتكەنىكەن.

سىلەر ھېلىقى ماقالىنى تېخى تەرجىمە قىلىپ بولمىغانىكەنسىلەر.

ئىزاھات: ۋاستىلىك پۈتكەن ئىزچىل خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ.

1) سوپەتداش بىلەن باغلىغۇچى پېئىل ئوتتۇرىسىغا ئۇلانما قوشۇمچىسى «مۇ»قوشۇلىدۇ. ئەمما «ئۇ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قەشقەردىن كەلگەنمىكەن؟

سورىدىڭمۇ؟ ھېلىقى ماقالە تېخى تۈزىتىلىپ بولۇنمىغانمىكەن؟

2) بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز شەكلىنىڭ كەينىگە ئۇلانما قوشۇمچىسى «مۇ»نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قەشقەردىن كەلگەنىكەنمۇ؟

سورىدىڭمۇ؟ ھېلىقى ماقالە تېخى تۈزىتىلىپ بولۇنمىغانىكەنمۇ؟

3- «بىرلىك I-شەخس بۇيرۇق رايى +دە (دېدى / دەۋاتىدۇ) شەكلى»

سۆزلىگۈچىگە كۆرە، پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايىنى كۆرسىتىدىغان ئىش - ھەرىكەت ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىناي دېدى / دەۋاتىدۇ.

يامغۇر ياغاي دېدى /دەۋاتىدۇ، چاپسانراق كېتەيلى.

ئىزاھات: مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن غۇلجىغا باراي دەۋاتىمەن.

ئۇلار پۇتبول ئويناي دەۋاتىدۇ.

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

① ئۇ ( ) كۆپ يېۋالغاچقا، ئاشقازىنى ئاغرىپ كەتتى.

② مۇئەللىم ماڭا ( ) بېقىپ، مىجەزىڭىز بولمىسا دەم ئېلىڭ دېدى.

③ ساۋاقداش ئىسكەندەر ( ) جازاسى بېرىلدى.

④ كېرەم مېنىڭ قولۇمغا، ئەتە كەچتە كىنوغا بارايلى، دەپ ( ).

⑤ ئۇ دەرس ۋاقتىدا ( ) لا ئولتۇرىدۇ.

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① توشقان سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، كۆۋرۈك ئىزدەپ كەتكەندە، غاز سۇ ئۈزۈپ بىردەمدىلا دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا يېتىپ باردى.

② دەسلەپتە توشقان غازى مەنسىتمىگەنىدى، بىراق كېيىن توشقان غازنىڭ سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى كۆرۈپ قايىل بولدى.

③ دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى كىشىلەرگە ئېھتىياتچان بولۇش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىدى.

④ بىز ئۇستازلىرىمىزنى مەڭگۈ ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇستازلىرىمىزنىڭ تەربىيىسى بولمىسا، بىز ھەرگىز بۈگۈنكىدەك بىلىملىك بولالمايتتۇق.

⑤ بۇرۇن مەلۇم بىر يۇرتتا بۇزۇقچىلىقتا ئۇچچىغا چىققان بىر باي ئۆتكەنىكەن.

⑥ ياش پادىشاھ ھېلىقى ئىككى ئۇستىنى خۇددى ئاتىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان خىزمەتچىلەردەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىكەن.

⑦ ئىشخانىغا كىرگىنىمدە، ئېزىز ھېلىقى چېگىش مەسىلە ئۈستىدە باش قاتتۇرۇپ ئولتۇرۇپتىكەن.

⑧ ئەسلىدە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ، ئۆزەمگە بالا تېپىۋاپتىكەنمەن.

⑨ كامىل ئىمىن بىلەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتاي،دەپ بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سورىدى.

⑩ ۋەلى ئىنگلىزچىنى پۇختا ئۆگەنگەچكە، ئامېرىكىدا ئوقۇيالىدى.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Küçükken parka gitmeyi çok severmişim.

2) Meğer o, kendisini sevmediğini düşünüyormuş.

3) Ben küçükken hiç yaramazlık yapmazmışım.

4) Size verdiğimi görevi yerine getirmemişsiniz.

5) Duyduğuma göre, sen onu seviyormuşsun.



6) O bana kızgın, çünkü alış veriş merkezinde ona selam vermemişim.

7) Ben bu konuya tam hakim olmadığım için size tatmin edici bilgi veremem.

8) Ben Hasan'dan özür dilemeye geldim.

9) Aslında suçu işleyen onlarmış mı?

10) Dün sana telefonda aradığımda sen sinamaya gitmişmişsin.

## ئوتتۇز تۆتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

مۇسابىقە سائەت ئوندىن بەش مىنۇت ئۆتكۈچە ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇ بىز قانائەتلەنگۈچە چۈشەندۈردى.

يامغۇر تاڭ ئاتقۇچە ياغدى.

ئۇ تېكىستنى يادلىۋالغىچە ئوقۇدى.

بۇ يەرگە كۆچەت تىككۈچە گۈل تىكەيلى.

رۇسچە ئۆگەنگۈچە ئىنگلىزچە ئۆگىنەيلى.

يىراققا سەكرەشكە قاتناشقۇچە ئۇزۇن يۈگۈرەشكە قاتنىشايلى.

| | | |
|---|---|---|
| ئەلىي دائىم | كۇتۇپخانىدا ئىنگلىزچە گېزىت ئوقۇپ<br>بىرگە ئىلخەت يېزىپ<br>كىنو كۆرۈپ | تۇرىدۇ. |



### تېكىست

I

#### ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز

بىر كۈنى نەسىردىن ئەپەندى موللىنىڭ كۆكتاتلىقى يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ، قارىسا موللا ھەدەپ كاۋىلارنى قاپقا سېلىۋاتقۇدەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاچكۆزلىكىدىن قاپنى شۇنچىلىك ئېغىر قاچىلاپتۇكى، ئۇنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئورنىدىن قوزغىتىشمۇ مۇشكۈل ئىكەن. موللا تۇرۇپ قېلىپ: «قانداق قىلىپ قاپنى ئۆيگە يەتكۈزەلەرمەن؟»دەپ ئويلاپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇ ئەپەندىنى كۆرۈپ قېلىپ خۇشال بوپتۇ ۋە:

- ماڭا قارىغىنا، ئوغلۇم، مۇشۇ قاپنى مېنىڭ ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ بەرسەڭ قانداق؟
- دەپتۇ.

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ پۇلدىن راسا قىسىلغان ۋاقتى ئىكەن، ئۇ:

- كىرايىغا قانچە بېرىدىلا؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ۋاي ئوغلۇم، پۇلنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى؟ سەن كاۋىلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، مەن ساڭا ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇ سۆزلەر سېنى ئۆمۈرۋايەت بەختلىك قىلىدۇ، - دەپتۇ موللا.

- قىزىق! موللا ماڭا قانداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ بەرمەكچىكىنا؟ - دەپ ئويلاپتۇ ئەپەندى.

ئەپەندى قىزىقىپ قاپتۇ ۋە قاپنى مۈرىسىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. يول بولسا ئېگىزگە تىك كۆتۈرۈلۈپ، يارنىڭ قاق ئۈستىدىن ئۆتۈدىكەن، ئەپەندى دەم ئالغىلى توختىغان چاغدا، موللا سىرلىق ۋە سىپايە قىياپەتتە تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

- بىرىنچى ھىكمەتلىك سۆزگە قۇلاق سالغىن: ئەگەر بىرەر ئادەم ساڭا، ئۇلاق مىنىپ يۈرگەندىن كۆرە، پىيادە ماڭغان ياخشىراق دېسە، سەن ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە، مېنىڭ سۆزۈمنى يادىڭدا تۇت ۋە بۇ ھەقتە كېچە - كۈندۈز تىنماي ئويلان، شۇ چاغدىلا سەن ئۇنىڭ ھېمەتلىك مەنىسىگە چۈشىنەلەيسەن، لېكىن بۇ ھېكمەتلىك سۆز ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزگە قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇنى مەن ساڭا ئەنە ئاۋۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئېيتىپ بېرىمەن، كۆرۈۋاتامسەن، ئەنە ئالدىڭدا!

ئەپەندى ئىچىدە «بوپتۇ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزىنىمۇ ئاڭلاپ باقاي قېنى» دەپ ئويلاپتۇ - دە، تەرلەپ - پىشىپ، قاپنى دەرەخ تۈۋىگە يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ.



موللا قولىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

- قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، دىققەت بىلەن ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلا ۋە ئۇنى ھەقسىز ئاڭلىغىنىڭغا خۇشال بولغىن. ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ئەگەر ساڭا بىرەر ئادەم، بايغا قارىغاندا كەمبەغەلنىڭ كۆڭ كەچۈرۈشى ئاسان دېسە، سەن ئۇنداق ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگىن، لېكىن ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزگە قارىغاندا بۇ ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇنىڭ يورۇقلۇقىنى كۆزنى قاماشتۇرغۇچى قۇياش بىلەن، چوڭقۇرلۇقىنى بولسا پەقەت دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن، ئۇنى مەن ساڭا ئۆيۈمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا سۆزلەپ بېرىمەن، چاپسانراق ماڭايلۇق، چۈنكى مەن دەم ئېلىپ بولدۇم.

ئالدىرمىسىلا موللام! - دەپتۇ ئەپەندى، - مەن سىلىنىڭ ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئالدىنئالا بىلىمەن. سىلى ئۆز ئۆيلىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارغاندا ماڭا، ئەقىللىق ئادەم پاراسەتسىز ئەخمەقنى كاۋا قاچىلانغان قاپنى ھەمىشەم بىكارغا كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلالايدۇ، دېمەكچى بولۇۋاتىدىلا.

موللام ھەيران قېلىپ ئازقىسغا داجىپتۇ، چۈنكى ئەپەندى ئۇنىڭ دىمەكچى بولغان ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزىنى سۆزمۇسۆز ئېيتىپ بەرگەنىكەن.

- ئەمدى موللام، مېنىڭ بىردىنبىر ھېكمەتلىك سۆزۈمنى ئاڭلاپ باقسىلا، ئۇ سىلىنىڭ مۇشۇ ئۈچ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئەرزىيدۇ، لېكىن بۇ ھېكمەتلىك سۆز سىلىنى ھەددىن ئارتۇق ھەيران قالدۇرماسلىقى ئۈچۈن، تەييارلىق قىلىپ تۇرسىلا، نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭدىن ئوڭايلا ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىپ قويۇشلىرى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ شۇنچىلىك ھەيران قالارلىق. ھوي موللام، ئەمدى ئەقىل - ھوشلىرىنى راسا يىغىپ تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسىلا: ئەگەردە بىرەر ئادەم سىلىگە مانا مۇشۇ كاۋىلار يېرىلماپتۇ دېسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرسىلە، يالغانچىكەنسەن، دەپ ئۆيلىرىدىن قوغلىۋەتسىلە!

شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ نەسرىدىن ئەپەندى قاپنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ - دە، تىك يارلىقتىن پەسكە قارىتىپ ئېتىپتۇ.

كاۋىلار قاپتىن چېچىلىپ، سەكرىشىپ ۋە تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ۋاقىلداپ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

موللا: «ۋاي دەردىم! ئاھ زىيان، ئاھ خانىۋەيرانلىق!» دەپ ۋارقىراشقا، نالە - پىغان كۆتۈرۈشكە، يۈزلىرىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ شۇ قىياپىتى بىلەن بەئەينى ساراڭغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

- مانا كۆردىلىمۇ! - دەپتۇ پەندى - نەسھەت تەرىقىسىدە نەسرىدىن ئەپەندى، - مەن سىلىگە، مېنىڭ ھېكمەتلىك سۆزۈمدىن ئوڭايلا ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىپ قويۇشلىرى مۇمكىن، دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋېدىمغۇ!

**يېڭى سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Ata söz | ھېكمەتلىك سۆز |
| Kabak | كاۋا |
| Kutu | قاپ |
| Kirala - | كىرا |
| Sevgili, yar,kaya | يار |
| Tam | قاق |
| Hoşgörülü,nezaket | سىپايە |
| Evcil hayvan | ئۇلاغ |
| Kulak ver - , dik | دىڭ تۇت - |
| Kamaş- | قاماش - |
| Bilgelik, irfan, akıl | پاراسەت |

| | |
|---|---|
| داجى - | Çekin - |
| ۋاقىلدا - | Vakla -,zevzeklik, |
| خانىۋەيران | Bunalım,çöküş |
| نالە - پىغان | Hüzün, inleme |
| پەندى - نەسىھەت | Öğüt |

### سۆز- ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش

1 -يار

ئۇ خەتەرلىك تىك ياردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى.

ئىلى دەرياسى يار ئېلىپ كەتتى.

زۇلپىيە ئۆز ياردىن ۋاز كەچتى.

2- قاق

بىز قاق سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ تېكىست يادلايمىز.

يۇرتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى قاتارىدا قوغۇن قېقىمۇ بار.

3- سىپايە

نەسىردىن ئەپەندى كىشىلەرگە سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم ئىدى.

لېتىپنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشى ئىنتايىن سىپايە ئىدى.

4- پاراسەت

ياش ئەۋلادلارنىڭ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

خەلقنىڭ پاراستى پۈتمەس - تۈگىمەس.

### گىراماتىكا

**«غۇچە» لىك رەۋىشداش**

پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-غۇچە، -قۇچە، -گۈچە، -كۈچە» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل رەۋىشداشمۇ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەت | + | كۈچە | ← كەتكۈچە |
| كەل | + | گۈچە | ← كەلگۈچە |
| قايت | + | قۇچە | ← قايتقۇچە |
| ئولتۇر | + | غۇچە | ← ئولتۇرغۇچە |

## كۆنۈكمە

1- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① بۇ يەردە پاراڭلاشقۇچە، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ جىقراق نەرسە ئۆگەنگەن ياخشى.

② بۇ مەسىلىنى ئاددىيراق چاغلىغۇچە، مۇرەككەپ چاغلىغان ياخشى.

③ ئۆيدە قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرغۇچە، سىرتقا چىقىپ تەكشۈرەيلى.

④ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئىشلەتمىگۈچە، ئالمىغان ياخشى.

⑤ بىكار تۇرغۇچە، بىكار ئىشلە.

⑥ نەسىردىن ئەپەندى چاڭ – توپا، بۇرگىلىك گېگىزنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئويلىناتتى: «قىزىق ئىش، ئۇلار بۇ ۋەقەنى نەدىن ئاڭلىغاندۇ؟ يارنىڭ ئۈستىدە پەقەت موللا بىلەن ئىككىمىزلا بار ئىدۇق، مەن ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمىگەنىدىم».

⑦ نەسىردىن ئەپەندى يەنە، ئەتىمالىم، موللىنىڭ ئۆزى كاۋىلىرىنى كىم كۆتۈرۈپ ماڭغانلىقىنى پەملەپ قېلىپ، باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

⑧ بىر كۈنى نەسىردىن ئەپەندى ھېرىپ كېتىپ ئۆستەڭ بويىدا ئۇخلاپ قاپتۇ ۋە چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، «ئۆلۈش ئۈنچىلىكمۇ يامان نەرسە ئەمەسكەن، بىزنىڭ پانى دۇنيادىكى چىرىك ھاياتىمىزدا كەينىمىزدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرىدىغان غەم-قايغۇ ۋە ئاۋارىگەرچىلىكلەرسىز قايغۇرماي يېتىۋېرىدىغان ئىش ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئۆلۈپ يېتىپ.

⑨ سېمىز، قىزىل يۈزلۈك ئاشپەز نېمە دېيىشىنى بىلمەي، تۇرغان يېرىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قاپتۇ، ئاشخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

4- تۆۋەندە بېرىلگەن تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Sevdamızı tarihe yazmaktansa seni kalbime gömdüm.

2) Gittiğinde hayalini kurmaktansa kalbimi beynime gömdüm.

3) Anlamsız tanımsız yazmaktansa boş bırakıp yanlış anlaşılmamak en iyisi.

4) Uzaktan seyretmektense yakından bakmak daha iyi.

5) Mehmet boş oturmaktansa şiir kitabı çıkartıp okumaya başladı.

6) Boş hayaller peşinde koşmaktansa dolu olan testinin peşinde koşmayı tercih ederim.

7) Ruhu teslim etmektense bedeni feda etmek daha iyi.

8) Köle yaşamaktansa özgürlük savaşçısı olarak ölmeyi terchi ederim.

9) Diz çökerek yaşamaktansa ayakta ölmek yeğdir.

# ئىختىيارى ئوقۇشلۇق

# (METİNLER)

# ياۋا كەپتەر

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

يەنە ئاشۇ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمەن. ئوگۇممۇ- چۈشۈممۇ ياكى ھەر ئىككىلىسى ئەمەسمۇ بىلمىدىم. قانىتىم ئاستىدا غۇر-غۇر شامال ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. مەن ھازىر ناھايىتى روھلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. زەڭگەررەڭ ئاسمان، پارلاق قوياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بىپايان دۇنيا. بۇ نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە-ھە؟ مەن تېخىمۇ روھلىنىپ يەنىمۇ ئېگىز ئۆرلىدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۆلجۈرگەنلىك غايىب بولدى. ئەمدى ماڭا دۇنيا تېخىمۇ كەڭرى يېيىلىپ كۆز ئالدىمدا بىر يېشىل داستىخاندەك ئوچۇق نامايان بولدى. بۇ ئىلگىرى مەن كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرە، مەن كۆرۈپ باقمىغان جايلار ئىدى. لېكىن، مەن ئۇ يەرگە ئۆز ماكانىمدەك مۇئامىلە قىلدىم. ھەممە يەر ئوخشاشلا گۈزەل كۆرۈنەتتى.

تۇيۇقسىز ئالدىمدا مەھەللىلەر، ئۆيلەر كۆرۈندى. پەستە ئۇششاق نەرسىلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئانام سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، ئۇلار ماڭا ئانچە خەتەرلىك ئەمەستەك كۆرۈندى. ئانامغا قېرىلىق يەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. يەردە بىچارىلەرچە ئۆمىلەپ يۈرگەن ئاشۇ جانلىقنىڭ كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بىزدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىشكە كاللام يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ مەن ئادەملەرنى ئۇنچە خەتەرلىك ھېس قىلمىدىم. ئانام:«ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ھۈنىرى جىق، پەخەس بولمىساڭ ئۇلار سېنى بىردەمدىلا مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.» دېگەنىدى. بىردىنلا مېنىڭ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى ھۈنىرىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى. نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى قورسىقىغا سولىۋالىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمىدى. ئاستا- ئاستا پەسلەپ مەھەللە ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. ماڭا ئەمدى ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈندى. بۇ يەردە ئادەملەردىن باشقا قوي- كالا، توخۇ، ئىشقىلىپ مەن كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. بىر توپ كەپتەرلەر ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاز بىر قىسمى بولسا، كەپتەرلەر قونۇش ئۈچۈن ياسالغان پەغەز دېگەن نەرسىگە قونۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن يېنىغا كېلىپ قوندۇم. پاراڭلىشىش ئۈچۈن قوندۇممۇ ياكى ئارام ئېلىش ئۈچۈن قوندۇممۇ بۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى تۇيغۇم بەك خىرە ئىدى. ئىشقىلىپ مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ قالغان ئىدىم.

- قەيەردىن كەلدىڭ؟ - دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بىرسى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ توپنىڭ ئىچىدىكى باشلىقى ئەمەسلىكىنى جەزم قىلالىمىدىم. ئۇنىڭ نېمە بولۇشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى مەن بۇ توپنىڭ ئەزاسى بولمىغاچقا ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە تەرىپىنى بايقىغىلى بولمايتتى.

- بۆلجۈرگەن سايدىن،- دېدىم مەن.

- بوۋامدىن ئاڭلىغان. بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئاشۇ يەرلىك ئىكەن، بىراق مەن ئۇ يەرنىڭ بىزدىن نەچچە ئايلىق يىراقلىقنى ئاڭلىغان، ئادەتتە بىز نەچچە كۈنلۈك يولغا ئۈچۈپ بارالمايمىز. بەلكىم سەنمۇ نىشاندىن ئادىشىپ قالدىڭغۇ دەيمەن.

مەن ئۇنىڭ نەچچە كۈنلۈك ئارىلىققىمۇ ئۇچالمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. بەلكىم قىبرىلىق يەتكەندۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ دېگەن بۆلجۈرگەن ساي مەن كەلگەن بۆلجۈرگەن ساي شۇمۇ- ئەمەسمۇ ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ بوۋىسى مەن كەلگەن سايدىن كەلگەن بولسا دېمەك بىز بىر جەمەت تۇغقان بولۇپ قالاتتۇق.

- مەن بۇ يەرگە ئېزىپ قېلىپ ئەمەس بەلكى، ئۇچۇشنى مەشىق قىلىۋېتىپ كېلىپ قالدىم. بىر نەچچە كۈنگىچە بىر نەرسە يىمەيمۇ ئۇچالايمەن،- دېدىم جاۋابەن. ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى.

- بەلكىم سەن ياۋا كەپتەر ئوخشايسەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ. بىراق بىزدە ئۇنداق جەڭگىۋارلىق يوق. پەقەت قونداق ۋە قەپەسدىن باشقىنى ئويلىمايمىز. مەنمۇ مۇشۇ مەھەللىدىن نېرىغا ئۆتۈپ باقمىدىم. ئۆتۈپ نېمە كەپتۇ. قوناي دېسەڭ پەغىزىڭ، ياتاي دېسەڭ قەپىزىڭ تەييار تۇرسا جاپا تارتىپمۇ ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا - چاقىلىق بولۇپ قالدىم؟ ئەمدى ئۈچۈپ نەگە بارارمەن. ئىگىمىزمۇ ياخشى قاراۋاتىدۇ.- يېشى چوڭ كەپتەر تۇمشۇقى بىلەن پەيلىرىنى تاتىلاپ قويدى.

- ئاڭلىسام ئادەملەر بەك قورقۇنچلۇقكەن. ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالسا روھىمىزنى قۇل قىلارمىش دەيدۇ، بۇ راستمۇ؟

- روھ؟ - يېنىمدىكى بىر كىچىك كەپتەر ھەيران قالدى، - بوۋا، روھ دېگەن نېمە؟

ئۇنىڭ روھنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگىنىدىن مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. بۇ كەپتەرلەر باللىرىنى قانداق تەربىيىلەيدىغاندۇ ؟ روھى بولمىغان ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى، روھسىزلىق ئۇلارنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان- ھە؟ ئۇلار نېمە

ئۈچۈن بۇنى چۈشەنمەيدىغاندۇ. گەرچە روھنى، ئەركىنلىكنى سوۋغا قىلغىلى، تىلەپ ئېرىشكىلى بولمىسىمۇ، بىراق بۇ بىچارە كەپتەرلەرگە روھىي ئەركىنلىكتە ئۇنىڭغا بىر ماكانىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇلار روھ دېگەن سۆزنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغاندەك قىلاتتى. يېشى چوڭ كەپتەر ھېلىقى سو>ئال سورىغان كەپتەرنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

- روھنىڭ نېمىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئۇنى مەنمۇ بوۋامدىن ئاڭلىغان. ھازىر ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشىم.بوۋايغىمۇ بوۋىسى دەپ بېرىپتىكەن. بەلكىم بوۋىسىغىمۇ بوۋىسى دەپ بەرگەن بولسا كېرەك. بوۋام ھەمىشە «بىزدە روھ يوقالغىنى بەك ئۇزۇن زامانلار بوپتىكەن» دەيتتى. بەلكىم بۇ كەپتەرنىڭ دەۋاتقىنى يوقالغىنى بەك ئۇزۇن بولغان ئاشۇ روھ بولسا كېرەك. بىزدە ھازىر روھ دەيدىغان نەرسىنىڭ سايىسىمۇ قالمىدى.

يېشى چوڭ كەپتەر ماڭا يۈزلەندى.

- دەپ باقە ئوغلۇم، سەن ئۇنىڭ قانداق نەرسىلىكىنى بىلەمسەن؟

مەن گاڭگىراپ قالدىم. ئۆزۈم دېگەن سۆزگە ئۆزۈم جاۋاب بېرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ ئەمدىزە قىلدىم.

- ياق ھازىرچە بىلمەيمەن، بىراق ئانام سەندە داداڭنىڭ باتۇرلۇق روھى بار، ئۇ كۆنسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتىدۇ، دېگەن. ئۇ پىشىپ يېتىلسە چوقۇم بىلىۋالىمەن.

- ھە، دېمەك سەندە ئاتاڭنىڭ روھى يېتىلىۋېتىپتۇ. ئەمما ئاتىلار ئەمەس بىر پۈتۈن كەپتەرلەر جەمەتىنىڭمۇ روھى ئاللىبۇرۇن يوقالغان. ئانىمىز بىزگە ئەزەلدىن روھ توغرىلىق سۆزلەپ بەرمىگەن. ئاتىلىرىمىزدىنمۇ ھېچقانداق بىرەر بېشارەت ئىشىتمىدۇق. ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە مەن بۇ سۆزنى باللارغا سۆزلەپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇڭا بىز روھسىزلىق دەۋرىگە ئاللىقاچان قەدەم قويۇپتىمىز. ھەي، ئاشۇ يوقالغان روھىمىزنىڭ زادى قانداقلىقىنى تېپىۋالغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى. بوۋاي ئېغىر خۇرسىندى.

- سىلەر مۇشۇ روھسىزلىقىڭلار تۈپەيلى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئادەملەرگە قۇل بولۇپ ئۆتىسىلەر. ئۇلارنىڭ خالىغان چاغدا يەيدىغان تا>ئامىغا ئايلىنىسىلەر. ئۇلار سىلەرنى قۇللۇقتا شۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپتۇكى، قويۇپ بەرسىمۇ ھېچيەرگە بارالماي ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىلا ئۈچىدىكەنسىلەر. كىچىككىنە داندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي ئەۋلادلىرىڭلارنىمۇ ئۆزۈڭلاردەك قۇللۇققا تۇتۇپ بېرىپسىلەر. سىلەرگە بىزلەرنىڭ كەپتەرلەر توپىدىكىدەك بىر باشچى كېرەككەن. بىراق، بۇ ئەپتىڭلاردا سىلەردىن

ئۇنداق بۇيۇك ئۇمىد كۈتكىلى بولمىغۇدەك. سىلەر ئالدى بىلەن روھىڭلاردىكى ئاشۇ قۇللۇقنى يوقىتىشىڭلار كېرەك. ئەڭ مۇھىمى سىلەر روھىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋېلىڭلار.

- سىز نېمىشقا مەن بىلەن بىرىپ ئانامدىن سوراپ كۆرمەيسىز؟ دېدىم مەن يېشى چوڭ كەپتەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، مەن بوۋاينىڭ بىلىۋېلىشىنى ئىزدىدىمۇ ياكى ئۆزۈم بىلىۋېلىشنى ئويلىدىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. بەلكىم ھەر ئىككى خىل ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمدا تەڭ قوزغاۋاتقاندۇ.

- بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. شۇنداق بىخەتەر قەپىزىم تۇرۇپ، روھ ئىزدەپ نەگە بارىمەن. يەنە كېلىپ مەن روھنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەم، ئۇنى تاپسامىمۇ نېمە پايدىسى، قارا، روھ بولمىسا نېمە بوپتۇ، يەنىلا مۇشۇ قەپىزىم بىخەتەر ياشىغىلى بولىدىكەنغۇ. يەنە كېلىپ ھېچنېمىگە ئەس قاتمايدىغان روھ دېگەن ئۇ نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش نەقەدەر جاپالىق.

يېشى چوڭ كەپتەرنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ دېگىنى بىر تۇرۇپ توغرىدەك، بىر تۇرۇپ خاتادەكمۇ قىلاتتى. ئەمما ھېچقانداق ياشاش ئېتىقادى ۋە روھى بولمىغان بىر كەپتەر بىلەن روھ توغرىلىق سۆزلىشىش ماڭا نومۇسلۇق ئىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىرىپ بۇ مەسلىنى ئانامدىن سوراپ باقاي، دەپ ئويلىدىم.

بىر توپ كەپتەرلەر يېنىمىزغا كېلىپ قوندى. ئاندىن ئۆز ئارا گۇدۇڭلاشتى. ئۇلارنىڭ بەزى سۆزلىرىنى پەقەت ئۇقمىدىم. بەلكىم ئۆز تىلدا سۆزلەشسە كېرەك. ئادەتتە بىز تەرەپلەرگىمۇ بەزىدە مۇشۇنداق ياقا يۇرتلۇقلار كېلىپ قالاتتى. ئۇلار كىملەر؟ يېشى چوڭ كەپتەرنىڭ دوستىمۇ ياكى جەمەتىمۇ بىلمىدىم. مەن بىلەن سۆزلەشمەكچىمۇ ياكى ئۆز ئارا پاراڭلىشىۋاتامدۇ پەقەتلا ئۇقمىدىم.

- ياخشىمۇ سەن قوزام، يېشى چوڭ كەپتەر يېنىدىكى كىچىك بىر كەپتەرنىڭ پەيلىرىنى چوقۇلاپ ئەركىلىتىپ قويدى.

- ياخشى ئەمەس، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. نېمىشقا ئانام ئەمدى دان بەرمەيدۇ؟ ئۇ دان ياكى قوناق دېگەندەك بىر ئىسىمنى ئېيتتى. بەلكىم تېرىق ياكى كەندىر دېگەندۇ. ئىش قىلىپ مەن بىلمەيدىغان ياتلا ئىسىم ئىدى. ھەي، ئادەملەر باشقۇرغان كەپتەرلەر قىزىقكەن. يەيدىغان نەرسلەرگمى>ئۇ « ھەر خىل ئىسىم قويۇپ يۈرىيدىكەن، دەپ ھەيران قالدىم.

- ئاناڭ ئەمدى يېڭى ئۇكىلىرىڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن قۇۋۋەت توپلىمىسا بولمايدۇ. ئادەم كېلىپ دان سېلىپ بەرگۈچە ساقلا، بولامدۇ؟

- ياق، ساقلىيالمايمەن. دالىغا بېرىپ ئۆزۈم دان تېپىپ يەپ كېلىمەن.

- ئوبدان قوزام، گېپىمنى ئاڭلا. ئۇ يەرگە بارساڭ بەك خەتەرلىك. سېنى ئەسكى ئادەملەر تۇتۇپ يەپ كېتىدۇ. بارما بولامدۇ؟!

كىچىك كەپتەر دومسىيىپ جىم بولۇپ قالدى. قارىغاندا بۇ توپتىكىلەر مۇشۇ قېرى كەپتەرنىڭ گېپىنى بەكرەك ئاڭلايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ يەپ كېتىدىغان ئاشۇ ئادەملەر بىلەن يەنە بىرگە ياشىشىنى پەقەتلا كاللامغا سىغدۇرالمىدىم. بەلكىم مەن يېيىش دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمەن. بەلكىم بۇ ياخشى قارا دېگەن سۆزدەك بىر سۆز بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ياكى بۇ چەت تىلدىن كىرگەن سۆز بولسا مەن مەنىسىنى خاتا ئىستېمال قىلىۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن. بىراق بۇ مېنىڭ ئويۇمچە ھەممە كەپتەر بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم سۆز ئىدى. ئاناممۇ ھەمىشە ماڭا ئادەملەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن، يەپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەشنى جېكىلەيتتى. بىراق، ھازىر بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بۇ يەردە باشقىچىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئادەملەرنىڭ يېيىشىدىن ھەزەر ئەيلىسە ھەرگىز يەنە ئادەملەر بىلەن بىرگە تۇرمايتتى. قانىتىغا تايىنىپ خالىغان يەرگە ئۇچۇپ كەتسە بولۇۋېرەتتى. بىراق ئۇلار قانىتىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. بەلكىم ياشاپ كۆنۈپ قالغان قەپەسدىن ئايرىلىشنى خالىماسلىقىمۇ مۇمكىن.



- ئۇنداقتا بىزنىڭ ئىگىمىز ياخشىمۇ؟

كىچىك كەپتەر قېرى كەپتەردىن سو›ئال سوراشقا باشلىدى.

- ئەلۋەتتە ياخشى.

- بىراق، ئۇمۇ بىزنى باشقا ئادەملەردەك خالىسا تۇتۇپ يەيدىغۇ؟

- بۇ دېگەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىزنى قەپەس ئىچىدە باققاندىكىن تۇتۇپ يېسە ھەقلىق. بۇنىڭغا ھېچقايسىمىز قارشىلىق قىلساق بولمايدۇ.

مەن ئاخىرى يېيىش دېگەن سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسىنىڭ ئوخشاشلىقىنى. باياتىن ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ يۈرگىنىمنى چۈشەندىم.

- بىراق ئىگىمىز بەرگەن دانلارنى چوڭلار يەۋېلىپ ماڭا ئاشمىسا. مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن كۈنسېرى ئورۇقلاپ، ياشاشقا ئامالسىز قېلىۋاتىمەن.

- سەنمۇ ئاستا ئاستا شۇنداق چوڭ بولىسەن. چوڭلاردىن قانداق يېيىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىسەن. يېيىشكە تېگىشلىك نەرسىنى ھەرگىز باشقىلارغا بەرمەيدىغان بولىسەن. بىز ياشىغان مۇھىت مۇشۇنداق ئوغلۇم.

- بىراق، بوۋا.

- بولدى قوزام، جىق سۆزلەپ كەتتىڭ كەپتەر دېگەن قانا>ئەتچان بولۇشى كېرەك، ئارتۇقچە نەرسىلەرنى تالاشماسلىق لازىم. بىلدىڭمۇ؟

- ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بەك بوغۇۋاپسىز، دېدىم مەن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كەڭرەك ئىمكانىيەت بېرىڭ. ئۇ ئۆز ئەركى بويىچە ياشىسۇن.

مەن قېرى كەپتەرنىڭ سۆزىگە سۆز قىستۇرۇشنى خالىمىساممۇ بىراق سۆكۈت قىلىپ تۇرىۋەرگۈم كەلمىدى. بۇنداق تەڭسىز مۇھىت مېنىڭچە كەپتەرلەرنىڭ بىر بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى يوقىلىش خەۋپىگە باشلاپ باراتتى.

- ھەي، سىز بىزنىڭ ۋەزىيىتىمىزنى چۈشەنمەيسىز. ئىگىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ. ئەگەر بىرەرسىمىز ئۇنىڭ بەلگىلىگەن دائىرىسىدىن ھالقىپ يوقاپ كەتسەك ئۇ ھەممىمىزنى قەپەس ئىچىگە سولىۋېتىدۇ. نەچچە ئايغىچە سىرتقا چىقالمايدىغان گەپ. ئۇ چاغدا ھازىرقى مۇشۇ كىچىككىنە قونداقتىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ.

قەپەسنىڭ زادى قانداق نەرسىلىكىگە پەقەت ئەقلىم يەتمىدى. كەپتەرلەر ئۇنىڭغا سولىنىپ قېلىشتىن ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك قورقىدىكەن. كەپتەرلەرنىڭ ئەڭ چۈشىنىكسىز ئادەملەر ئارىسىدىكى كەپتەرلەركەن دەپ ئويلىدىم. بۇ ئويۇمنى بوۋامغا بىلدۈرگۈم كەلدى. بىراق دېدىممۇ دېمىدىممۇ ھازىر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بەلكىم بىر ئېغىزمۇ رەددىيە ياكى ماقۇللۇق سۆزى بىلدۈرمىدى.

- سىلەر چوڭلار ئاجىزلارنىڭ رىزقىنى يەۋالىدىكەنسىلەر، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى چەكلەيدىكەنسىلەر، ئۇنى توغرا ئىشتەك چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدىكەنسىلەر، بۇنداق مۇھىت قانداقمۇ كەپتەر بالىلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە، ياشىشىغا ماس كەلسۇن؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە بىخۇتلىشىپ كېتىپسىلەر، رەزىللىكتە ئادەملەرگە يېتىشىۋالغىلى تۇرۇپسىلەر، دېدىم مەن.

- ئادەملەرگە تىل تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ. ئۇلار بولمىسا بىزنىڭ بۈگۈنىمىزمۇ بولمايدۇ. تەتۈر تەشۋىقلىرىڭىزنى باشقا يەرگە بېرىپ قىلىڭ، - دېدى بوۋاي زەردە بىلەن. مەن بوۋاينىڭ ياخشى كۆڭلۈم ئۈچۈن بۇنچە زەردە قىلغىنىنى چۈشەنمىدىم. بەلكىم ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەنمەي قالغان بولسا يەنە چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەكتۇ.

- سىلەردە مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە يوقكەن. ئۆز ئەۋلادلىرىڭلارنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرىدىكەنسىلەر، - سۆزۈمنىڭ داۋامىنى تېخى تەسىرلىك چۈشۈرىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، شۇ ئارىدا تاراق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پۈتۈم قاتتىق

286

ئاغرىپ كەتتى. ئۇچۇش ئۇچۇن قانات قاققان بولساممۇ، قانىتىم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. كەپتەرلەر پۇرردە ئۇچۇپ كەتتى. ئاندىن ئەتراپىمدا ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

- ها، ها، ها، ئەركىن ياشىغۇچى، ئاخىرى قەپەسكە چۈشىدىغان بولدۇڭ. سېنىڭ يەنە چوڭ سۆزلىگەنلىكىڭنى بىر كۆرەي.

ئۆزۈمنىڭ قىستۇرمىغا چۈشۈپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم. مەن بىردىنلا بوۋاينىڭ مېنى ئەتىگەندىن بېرى گەپكە تۇتۇپ، ئىگىسىنىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن ئالداپ تۇرغىنىنى چۈشەندىم. قەلبىم چەكسىز ئازابقا تولدى. ماڭا كەلگەن بۇ خەتەر ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە مەنپە>ئەتكە ئالدانغان ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە ماسلىشىپ مېنى تۇتۇپ بېرىشى پەقەت كاللامدىن ئۆتمىدى ھەم مېنى بەك ئېچىندۇردى. خىيالىمدا ھەرگىزمۇ ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك، دېگەن ئىدىيە چاقماق تېزلىكىدە چاقناپ ئۆتتى. ئىككى پۇتۇمنى ئۈزۈۋېتەلىسەملا مەن يەنە ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيتتىم. شۇڭا بار كۈچۈم بىلەن ئىككى تەرەپكە پالاقشىشقا باشلىدىم.

- بالام، ئورنۇڭدىن تۇر، نېمە بولدى ساڭا؟

-كۆزۈمنى ئاچسام ئانام بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ. خۇداغا شۈكرى ساقكەنمەن دەپ ئويلىدىم. ئىككى پۇتۇمنى سىلاپ باقسام ھېچنېمە بولماپتۇ.

- سېنى قارا بېسىپ قاپتۇ، - دېدى ئانام.

- بەك قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن، - دېدىم ئانامنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ۋە چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.



- سەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭنىڭ قىسمەتلىرىنى كۆرۈپسەن ئوغلۇم. ئادەملەر كۈنسېرى بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىزغا قىستاپ كىرمەكتە. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن زېمىنىمىزدىن بىزنى قوغلاپ چىقارماقچى. يەرلىرىمىزنى تارتىۋالماقچى. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتىپ ئاشۇنداق ئۆز نەسلىنى تونۇمايدىغان قىلىپ شالغۇت سورتلارغا ئايلاندۇرماقچى. بەلكىم ئۇزاققا قالماي بۇ يەرلەرگە ئېگىز بىنالار، زاۋۇتلار سېلىنىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا كېرەكسىز سانا>ئەت مەھسۇلاتلىرى. ئىس تۈتەكلەر ئارىسىدا بىزنىڭ بۇ گۈزەل مۇھىتىمىز بۇلغىنىدۇ. شەھەر ئارىسىدا قىپقالغان دەريالىرىمىزدا ھازىرقىدەك شەربەت سۇلار ئەمەس. بەلكى يۇندا ئاقىدىغان بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بەك قورقۇنچلۇق ئوغلۇم. سەن بۇنى سەزمەيلا قالىسەن. ئەۋلادلىرىڭ سەن ياشىغان پاكىز مۇھىتنى كۆرەلمەيدۇ. توغۇلۇپلا

جاھان مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، دەيدۇ. ئامالسىز ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار بىزنى كونسېرى قىستاپ كەلمەكتە. ھەتتا ناھايىتى يېقىنلاپ قالدى. بىز ئەمدى باشقا بىر چىقىش يولى تاپمىساق بولمايدۇ. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزمىساق بىزنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. يۇر سىرتقا چىقايلى، ساڭا ئەمدى داداڭنىڭ قىسمىتىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاقىت كەپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئانام مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي ياۋا ئوت چۆپلەر بىلەن تولغان، ھېچقانداق يول ياكى ئىز چۈشمىگەن كەڭرى دالا ئىدى. بۇ دەريا يويىدىكى ئېگىز يارداڭلىقتا ئىدى. بۇ يەردە نەچچە مىڭلىغان كەپتەرلەر ئۇۋا سېلىپ ئەجداد قالدۇراتتى، ئاستىمىزدىلا ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈپسۈزۈك دەريا سۈيى بىزگە يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ئوقۇپ بېرەتتى. نەزىرىمدە بۇ يەر جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بىخەتەر ماكان ئىدى. ئەگەر ئادەملەر بولمىغان بولسا، بىز مەڭگۈ مۇشۇ بەختلىك زېمىندا ياشىغان بولاتتۇق، ھەي ئادەملەر سىلەر زادى...

- مانا بۇ سېنىڭ ماكانىڭ. مانا بۇ ئەجدادلىرىڭ ياشىغان زېمىن. سېنىڭ بوۋاڭ، داداڭ، مۇشۇ ماكانىنى گۈللەندۈرۈپ، مۇشۇ كەپتەرلەر توپىغا باشچىلىق قىلىپ ئۆتكەن. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمىز يۇقىرى. شۇنداقلا زىممىمىزدىكى يۈكىمىزمۇ ئېغىر. مەن سېنى داداڭدەك باتۇر ئەزىمەت بولسۇن دەپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئويغىتىپ، نەچچە يۈز چاقىرىم يەرگە ئاپىرىپ، ئۇچۇشنى مەشىق قىلدۇرىمەن. قاناتلىرىڭنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىمەن. مۇسكۇللىرىڭنى چىڭىتىمەن. ئەقىل زېھنىڭنى ئۇرغىتىمەن. ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشنى ئۆگىتىمەن. سەن ھازىر جىسمانىي جەھەتتە خېلى پىشىپ يېتىلدىڭ. ئەمدى ئەقلىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشىڭ كېرەك. ئادەملەردىن ھەر ۋاقىت سەگەك بول. ئۇلار يەردە يۈرسىلا بىزگە چېقىلالمايدۇ دەپ ئويلىما. مىلتىق دېگەن نەرسىسى ئارقىلىقلا ئۇلار سېنى نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن موللاق ئاتقۇزىۋېتەلەيدۇ. داداڭنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

- ياق، سىز ماڭا تېخى ۋاقتى ئەمەس دەپ، ئېيتىپ بەرمىگەن.

- ئەمدى ۋاقتى كەلدى. مەن نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بۇ يەردە بىر قانچە ئادەمنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. دېمەك ئۇلارنىڭ بىزگە كۆزى چۈشتى دېگەن گەپ. شۇڭا ئۇلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىز تېخىمۇ بىخەتەر ماكان تاپمىساق بولمايدۇ، داداڭمۇ دەل ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قولىدا جېنىدىن ئايرىلغان.

ئا- نا دەپ بېرىڭە، دادام نېمە بولۇپ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان؟

ئانام بىر پەس جىمىپ قالدى. بەلكىم كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىدىم.

- شۇ كۈنى داداڭ بىر توپ كەپتەرلەرنى باشلاپ بىز ئۈچۈن ئۇزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن. ئادەتتە كەپتەرلەر ھەمىشە ئۆزىمىزگە خەتەر يەتمەيدىغان ئوزۇق تۈلۈك مول جايلارنى تاللايمىز. داداڭ كەپتەرلەرنىڭ باشچىسى بولغاچقا بۇ ئېغىر ۋەزىپە تەبى>ئىي ھالدا ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. داداڭ شۇ چىقىپ كەتكەنچە بىر قانچە كۈنگىچە كەلمىدى. مەن ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم. ئادەتتە بىز يېرىم كۈنلۈكتىن ئۇشۇق يول بولسا ئۇۋۇلىرىمىزنى يۆتكەيتۇق. داداڭنىڭ ئۇنچە ئۇزۇنغا ئوزۇق ئىزدەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. يۈرىكىم ئۇنىڭ بىر خەۋپكە ئۇچرىغىنىنى سېزىپ تۇردى. ئۇ چاغدا سەن ۋە ئۇكىلىرىڭ ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققانىدىڭلار. شۇڭا سىلەرنى تاشلاپ داداڭلارنى ئىزدەپ بارالمىدىم. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، داداڭ بىلەن بىرگە كەتكەن بىر كەپتەر قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا قىياسىمنىڭ توغرىلىقىنى، داداڭنىڭ ئادەملەرنىڭ قۇرغان قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلدىم. كېيىن ئۇنىڭ ئامان قالغان دوستلىرى بىر بىرلەپ قايتىپ كەلدى. بىراق، داداڭ شۇ كەتكەنچە كەلمىدى.

مەن ئانامنى يىغلاپ سالامدىكىن دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئۇنىڭ كۆزىدە بىر خىل قەيسەرلىك نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

- دادام نېمىشقا قايتىپ كېلەلمەپتۇ؟ - مەن تەقەززالىق بىلەن سورىدىم.

- داداڭ دېگەن كەپتەرلەرنىڭ پادىشاھى. ئۇنىڭدا شۇنىڭغا چۈشلۇق روھ بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى قوغدىيالمىسا بۇ كەپتەرلەر توپىنى قانداق قوغدايدۇ؟ بىر پادىشاھ باشقىلارنىڭ قۇللىقى ئاستىدا ياشاپ قانداقمۇ يەنە قايتىپ كېلىپ، بۇ توپقا باشچىلىق قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قۇللۇقىغا بويسۇنماسلىق. داداڭ ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قەپەسكە سولاپ قويۇلغاندىن كېيىن، بىز ياۋا كەپتەر شاھلار جەمەتىنىڭ ئادىتى بويىچە تىلىنى چىشلەپ ئۈزىۋاپتۇ. ئۇ بىر دەقىقە بولسىمۇ، قەپەستە ياشاشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەپتۇ. قەپەس ئۇنىڭ قىزىل قېنى بىلەن يويۇلۇپتۇ. داداڭ ئادەملەر سېلىپ بەرگەن دان سۇنى ئىچمەي يېمەي توپتوغرا بىر ھەپتە ياشاپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ قولىدا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بوپتۇ. مانا بۇ بىزدىكى ھەقىقىي ئەركىنلىك روھى ئوغلۇم. سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش مەڭگۈ ئەركىنلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى بول.

- ئانا، دادام ئۈچۈن باشقا كەپتەرلەردە پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كەلمەيدۇ؟

- داداڭ باللىرىنىڭ قۇل بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلار داداڭنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى باشقا كەپتەر بىلەن جۈپلەپ ئەۋلاد قالدۇرماقچى بولغان. بىراق داداڭ ھەرگىزمۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بۇنداق نومۇسلۇق ياشاش مۇھىتىنى قالدۇرۇشقا ۋىجدانى

يول قويمىغان. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن كەپتەرلەر دەل بالىلىرىنى قۇللۇقتا تاشلاپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان كەپتەرلەرنىڭ ئەۋلادى بالام. ئۇلار ھازىرغا قەدەر ئادەملەرنىڭ قولىدا روھى قۇللۇقتا ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەل. سەن دەل ئاشۇنداق باتۇر كەپتەرنىڭ پەرزەنتى. سەن مەڭگۈ مۇشۇ روھنى ئۇنتۇپ قالما!

ئانامنىڭ سۆزلىرى روھىمدا ئۇزاققىچە زىل زىلە پەيدا قىلدى. ئۆزۈمنىڭ شۇنداق بىر باتۇر دادىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمدىن چەكسىز شادلاندىم. ماڭا تېگىشلىك بولغان ئىنتايىن ئېپتىخارلىق، بەختلىك بىر روھنىڭ تېنىمدە بىردىنلا باش كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پۈتۈن قەلبىم، ۋۇجۇدۇم كۈچ ۋە ئېپتىخارغا تولدى. قەلبىمدىكى بارلىق مۇھەببەت بىلەن ئانامنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.

- بارغىن بالام، سېنى ئەلگە، كەپتەرلەر توپىغا بېغىشلىدىم. ئۇلار باشسىز قالمىسۇن. يېقىندىن بېرى ئادەملەر بىزنى ھەر خىل يوللا بىلەن تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا سەن بىز ئۈچۈن تېخىمۇ بىخەتەررەك ماكان تاپ. خوش بالام.

قانىتىم ئانامنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆللەندى. كۆرگەن چۈشلىرىمنىڭ مۇشۇنداق بىر سەپەرنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ھەرگىز ئادەملەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالمايمەن دەپ ئويلىدىم.



ناھايىتى ئۇزاق ئۇچتۇم. باشتا ئېقىن بويلاپ ئۇچتۇم. كېيىن بىر مەھەللىگە كىرىپ قالدىم. بۇ مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى مەھەللە ئەمەس ئىدى. ھەم ئۇنىڭدەك قورقۇنچلۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىراق، مەن شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ ناھايىتى ئېگىز ئۇچتۇم. قانىتىمدا يېتەرلىك كۈچ بار ئىدى. قۇلىقىمدا ئەمدى ئادەملەرنىڭ شاۋقۇنى ئەمەس بەلكى شامالنىڭ غۇر غۇر سوققان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، مەن بۇ ئۇچۇشۇمدا ئۆز نىشانىمدىن بەك يىراقلاپ كەتسەم بولمايتتى. ئەگەر بەك ئۇزاپ كېتىدىغان بولسام بىزنىڭ كۆچىشىمىزگە تەسىر يېتەتتى. راستىنى ئېيتقاندا مەن ئانامنىڭ كۆچۈش توغرىلىق پىكرىگە ئانچە قوشۇلمايتتىم. بىزنىڭ ماكانىمىز ناھايىتى ئېگىز يان باغىر تىك قىيانىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ يەرگە ئادەملەر تۈگۈل ئۇچار قۇشلارمۇ تەستە قونالايتتى. بىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئاشۇ جايدا ماكان تۇتۇپ، بىخەتەر ياشاپ كەلگەن تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە كۆچمەكچى بولۇۋاتاتتۇق. ئادەملەرنىڭ ئۇنچىۋالا قۇدرەتلىك بولۇشى ناتايىن. مانا مەن ھازىر ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتىمەن. ھېچقانداق خەتەرنى سەزمىدىم. بەلكىم ئانام زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

كەچ كىرىپ ئەتراپ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە غەرق بولدى. بىر كۈن ئۇچۇپ ھارغىنلىق يەتكەندى. گەرچە ئادەملەر بار بۇ يەرگە قونۇش ئويۇم بولمىسىمۇ، بىراق

قاراڭغۇدا نىشاندىن ئادىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئارام ئالمىسام بولمايتتى. جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلەرنى كۆزىتىپ بولدۇم. بۇ يەرلەردە بىز ياشىغۇدەك بىرەر ياخشى ماكان ئۇچرىمىدى. بەلكىم، بەك ئېگىز ئۇچۇۋەتكەن بولسام كېرەك. ئەتە شەرق تەرەپنى ئايلىنىپ پەس ئۇچۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. كېچە يۇلتۇزلىرى ئۈستۈمدە چاقناپ تۇراتتى. مەن مۇشۇنداق گۈزەللىككە تولغان بىر دۇنيادا ئۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە ياشاشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاستا ئاستا پەسلەپ بىر دەرەخ ئۈستىگە قوندۇم. ئەتە قانداق مەنزىرە ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىم نامەلۇم ئىدى. مەن ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىق قىلىپ، ئېگىز ئۇچۇۋەتكەچكە كۆڭۈلدىكىدەك بىر ماكان تېخى ئۇچراتمىغانىدىم. شۇڭا ئەتە ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ پەسرەك ئۇچۇشنى ئويلىدىم.

مۇڭلۇق بىر ئاۋاز شېرىن ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتتى. ھارغىنلىق ئىچىدە شۇنچە شېرىن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر توپ كەپتەر ئەتراپىمدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قانىتىدىن مۇڭلۇق ئاۋاز كېلەتتى. مەن ھەيران قالدىم. ئۇلار بە>ئەينى ماڭا ئوخشاش كەپتەرلەر ئىدى. تۇرۇپ ئۇلار مەن چۈشۈمدە كۆرگەن كەپتەرلەرگىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. تۇرۇپ ئوخشىمايتتى. تۈنۈگۈن بىر كۈن ھېچنېمە يېمەي ئۇچقاچقا ھازىر قورسىقىم ئېچىپ كەتكەنىدى. مەم ئۇلاردىن بۇ يەردە بىخەتەررەك بىر ئوتلايدىغان يەرنىڭ بار يوقلۇقىنى سورىماقچى بولدۇم. ئۇلار يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ، بىردىنلا مەھەللە سىرتىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

- نەگە بارىسىلەر؟ ئارقىدىراق قالغان بىرسىدىن سورىدىم.

- خامانغا.

- ئۇ يەردە نېمە قىلىسىلەر؟

- دان ئىزدەيمىز.

- دان دېگەن سىلەر يەيدىغان نەرسىمۇ؟ ئۇ ماڭا خۇددى يات بىر مەخلۇققا قارىغاندەك غەلىتە چەكچىيىپ قاراپ قويدى:

- سەن ياۋا كەپتەركەنسەندە؟

- شۇنداق مەن بۆلجۈرگەن سايدىن كەلدىم.

مەن كەپتەرلەرگە ئەگىشىپ خامانغا چۈشتۈم. بۇ يەردە ھەقىقەتەن كۆمۈلۈپ قالغان بوغدايلار بارىكەن، تەمى شۇنداق تاتلىق ئىدى. بۇ يەر بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. بۇ جايدا ئادەملەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. باشقا كەپتەرلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرقىغا قاراپ مەنمۇ خاتىرجەم ھالدا قورساق توقلاشقا باشلىدىم. سىرتقى

دۇنيا ھەرگىزمۇ ئانام ئېيتقاندەك ئۇنداق خەتەر بىلەن تولغان ئەمەس ئىدى. خاتىرجەم ھالدا ئالدىمدىكى يوغان بىر تال دانىغا بويۇن ئۇزاتتىم، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بىر خىل كۈچ كانىيىمنى كېلىپ بوغدى. ناھايىتى تېزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالماقچى بولدۇم. بىراق، نامەلۇم بىر كۈچ مېنى يەنە شۇنچە تېز يەرگە تارتىپ چۈشتى. ئۆزەمنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدىم. كەپتەرلەر گۇررىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى. ئاخىرى ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدىم. بۇ مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى مەنزىرىگە بەك ئوخشايتتى. ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىممۇ نېمە، دەپ ئويلىدىم. بىراق، ھازىر يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا ئىككى ئادەم تۇيۇقسىز يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاھ، ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپتىمەن، دېدىم مەن. بىراق، ئۇلار مېنى بويىنۇمنى سىقىپ تۇرغان غايەت زور كۈچنى بوشاتتى.

- ياۋا كەپتەركەن... - دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق بىرسى.

- مەھكەم تۇت، قېچىپ كەتمىسۇن، قانىتىنى بوغۇپ قويايلى، - ئۇلار بىرلىكتە قانىتىنى بوغۇشلاپ، ئاندىن بويىنۇمدىن تۇتۇپ كۆزلىرىمگە قاراشقا باشلىدى.

- ۋاي، بەك ئېسىلكەن، تازا ئامەت كەلدى، - چوڭراقى مېنى قولىغا ئېلىپ قاراپ كەتتى.

- بۇنىڭ بىزگە قىلچە پايدىسى يوق، قويىۋېتەيلى، قارا، ئۇ ئاللىبۇرۇن تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. بۇنداق كەپتەرگە ئۇچراپ قالغاندا قويۇۋەتمەي ئامال يوق. ئادەتتە كەپتەرلەرنىڭ باشچىلىرى شۇنداق بولىدۇ.

- ھېچ بولمىسا ئۇنى بىر ئوۋا كۆپەيتىۋالايلى.

- ئۇ ئەمدى دان يېمەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ، تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە سەن بىلەن قارشىلىشىدۇ.

- قاراپ تۇرۇپ قويىۋېتەمدىم؟ - دېدى ياشراق ئادەم.

- ئىختىيارىڭ، بىراق، ھايال ئۆتمەي سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى بىلىپ قالىسەن، مەنمۇ مۇشۇنداق بىر كەپتەرنى تۇتۇۋالغان، دەسلەپتە قويۇپ بېرىشكە كۆزۈم قىيمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

- مەن بۇنى چوقۇم كۆندۈرىمەن، - دېدى ئۇ.

ھەرگىز قولۇڭغا كۆنمەيمەن. بىر ئامالنى قىلىپ چوقۇم قېچىپ كېتىمەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ئانامنىڭ سۆزىنى ئېسىمدە تۇتماي، بۇ كۈنگە قالغىنىمدىن تولىمۇ

نومۇس ھېس قىلدىم. كۈچ بىلەن يۆلۈنۈپ ئۇنىڭ قولىدىن بوشاپ ئۇچۇپ چىقتىم، بىراق ئانچە ئۇزۇن بارمايلا يەرگە گويا بىر پارچە چالمىدەك پوككىدە چۈشتۈم.

- كاساپەت، ھېلىمۇ ياخشى قانىتىڭنى بوغۇپ قويۇپتىمەن. بولمىسا قەيەرلەرگە كېتىپ قالار بولغىيتىڭ؟ - ئۇ مېنى خالتىدەك بىرنەرسىگە سولاپ نەگىدۇر ئېلىپ باردى. ئاندىن قانىتىمنى مەھكەم قامااللاپ، سىمدىن توقۇلغان بىر تورنىڭ ئىچىگە سولىۋەتتى. تور ئىچىدىكى بىر قانچە كەپتەر گۇرردە بىر بۇلۇڭغا قىستالدى.

- قارىغاندا ئاچ قالغان ئوخشايسەن، بولمىسا بىر تال داننى دەپ مېنىڭ قىسمىقىمدا پالاقلاپ ياتماستىڭ... - ئۇ قەپەزكە بىر سىقىم داننى چېچىپ سۇ قويدى. كەپتەرلەر گۇرردە يىغىلىپ داننى يېيىشكە باشلىدى. بىراق، مېنىڭ ئۆچمەنلىكىم شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، مۇمكىن بولسا ھازىرلا قەپەزگە ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغۇم كېلەتتى. بىراق، قانىتىم بەك چىڭ تېڭىۋېتىلگەن بولغاچقا پەقەتلا مىدىرلىيالمىدىم. بېشىمنى ئاران كۆتۈرۈپ، ئەمدىلا تىكلەشكەن قۇياش نۇرىغا قارىدىم. ئاھ ئۆيدىن ئايرىلىپ بىر كۈن بولماي تۇرۇپلا ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم ھە، ئانام بۇ ھالىمنى كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ ھالسىز ھالدا پوكىنىمنى يەرگە قويۇپ ياتتىم.



چۈشۈمدە ئانامنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ كۆپكۆك ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ مېنى يېنىغا چاقىرغۇدەك. تۇرۇپلا يېنىدا داداممۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قامىتى شۇنداق كۆركەم بولۇپ تولىمۇ ھەۋەسىم كەلدى. ئۇلار مېنى چاقىرىغاندەك قىلدى. بەلكىم قولىقمغا شۇنداق ئاڭلانغاندۇ. مەن ئۇلارغا قاراپ ئۇچتۇم. ئۇچقانسېرى ئۇلار مەندىن يىراقلىشاتتى. ئۇچۇشتىن توختىسام ئۇلارمۇ يىراقلاشتىن توختايتتى. ئۇچۇۋېرىپ ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى. ئانا، سۇ، دەپ ئويغىنىپ كەتتىم، بېشىمدا ھېلىقى ئادەم سۆزلەۋاتاتتى.

- بۇ بەك جاھىل كەپتەركەن، بەش كۈن بولدى ھېچنېمە يېمىدى.

- ئۇنى باققانىڭ پايدىسى يوق دېمىدىمىمۇ؟

بۇ ھېلىقى كۈندىكى ياشتا چوڭراق كىشى ئىدى.

- ئەمدى بۇنداق تۇرۇۋەرسە ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بالىلىرىمغا شورپا قىلىپ بېرەي.

- ئۇنىڭدىن قانچىلىك شورپا چىقماقچىدى، بەلكىم، ئەمدى يېسەڭ ساڭا زىيان قىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ياخشىسى قويۇۋەت. بۇنداق ئېسىل سورتلۇق كەپتەرنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ.

- بىراق ئۇنى قويۇۋەتسەكمۇ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ دە.

- ھازىرمۇ بەربىر پايدىسى يوق.

- باشتىلا شورپا قىلىۋىتىدىغان گەپكەندۇق.

ئۇ ساڭگىلاپ تۇرغان قانىتىنى بىر پەس تۈزەشتۈرۈپ ئاندىن مېنى قويۇپ قويدى.

كۆكتە قۇياش كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ قۇۋۋىتىمنى يىغدىم. كۆككە قاراپ ئۇچماقچى بولدۇم. بىراق، قەپەز، سىم تور يەنىلا يولۇمنى توسۇپ تۇراتتى. مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئۇرۇپ ئۇنى بۆسۈپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەنىدى. لېكىن، ۋۇجۇدۇمدا ئازراق كۈچ يىغىلىپ، ئەسلىگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا تاشلىنىپ باقاتتىم. مەن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولغان بۇ سىم تۇر شۇنداق قۇدەرتلىك ياسالغانىدى. ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ يۈكسەك ئەقىل  پاراستىنى جەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىرتتىكى بارلىق ئەركىنلىكنى كۆرۈپ تۇرغىلى بولاتتى.

بىراق، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئېرىشكىلى بولمايتتى.

قەپەز، ئىچىدىكى ھاۋا بىلەن سىرتتىكى ھاۋا ئوخشاش. بىراق ياشاش شەكلى ئوخشىمايتتى. بۇ تورنى توقىغان ئادەملەرنىڭ نىيىتى شۇنداق قارا ھەم باغرى شۇنچىلىك قاتتىق ئىدى. ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ كىچىكىنە جانىنىڭ جاسارىتى ئۇلارنى قىلچە تەسىرلەندۈرەلمەيتتى. ئەمدى ئۇلارغا قىلچە پايدام تەگمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ مېنى روھىي قۇللۇققا ئالماقچى بولاتتى. جاندىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان بۇ كىچىككىنە جىسمىمنى قىيناش ئارقىلىق ئۆز مەقسىدىگە يەتمەكچى بولاتتى. ئەڭ قەبىھە يېرى ئۇلار مېنى ئۆلەي دەپمۇ ئۆلەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئىچىمدە شۇنداق نىدا قىلاتتىم. ئەي، ئەركىنلىكنىڭ قاتىلى بولغان رەھىمسىز ئادەم، يا مېنى ئۆلگىلى قوي، يا بولمىسا ئەركىنلىكىمنى بەر!

تۇيۇقسىز تونۇش بىر ھىد بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ۋۇجۇدۇمغا بىردىنلا كۈچ يىغىلدى، «ئانا» ... مەن ھاياجان ئىچىدە بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئانامنىڭ كۆزلىرى بىر خىل جىددىيلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ يۇلۇنغان قانىتىم، ساڭگىلاپ قالغان تۇمشۇقۇم، پۈرلىشىپ، ئەسكى كىگىزدەك بولۇپ كەتكەن قاناتلىرىمغا بىر خىل ئېچىنىش ئىچىدە قارىدى.

- ئانا، كەچۈرۈڭ. ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويدۇم. مەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز بولۇشقا لايىق ئەمەسكەنمەن، - مەن گۇناھكارلارچە بېشىمنى ئەگدىم. ۋۇجۇدۇم نومۇس كۈچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى. نېمىشقىمۇ ئانام كەلگۈچە ئۆلىۋالمىغانلىقىمغا ئېچىندىم.

- ياق، سەن ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشىڭ ھەممىسىنى قىلدىڭ. ئەمدى ئۇنى ئاخىرىغا چىقار.

- بىراق ئانا، مەن بىر مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدىم. ئاجىزلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتتىمكى، ئۆلۈۋالاي دەپمۇ ئۆلۈۋالالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

- بۇ مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، مەن سېنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم.

- بىراق، مېنىڭ ئەمدى ئەركىنلىككە چىققۇم يوق. مەن ئەمدى بۇ ئەپتىم بىلەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ بالىڭىز بولۇشقا لايىق ئەمەس.

- مەن ساڭا ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىمەن بالام. سەن يەنىلا مېنىڭ باتۇر بالام بولىسەن. سەن ھەرگىزمۇ قۇللارچە ئەمەس، باتۇرلارچە ئۆلۈشۈڭ كېرەك، ئانام شۇنداق دەپلا بوغۇزىدىكى دانلارنى ياندۇردى، بۇ زەھەرلىك بۆلجۈرگەن، سەن بۇنى يېسەڭلا ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد بولىسەن. شۇنداقلا جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيىنىمۇ ساقلاپ قالىسەن. ئېسىڭدە بولسۇن ئەركىنلىكنى مەڭگۈ ھېسداشلىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قان ئاققۇزۇش كېرەك. قېنى، تۇمشۇقۇڭنى يېقىن ئەكەل.

مەن ئانامنىڭ قەتئىيلىك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم تىكىلدىم. ئۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم، شۇنچىلىك قەيسەر ئىدى. مەن پۇچۇلۇپ، ساڭگىلاپ قالغان تۇمشۇقۇمنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. بۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇرۇلغان توساقلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەڭ قۇدرەتلىك قورالىم ئىدى. بىراق، ئۇ رەھىمسىز توساقنى چوقۇلاۋېرىپ ئاخىرى سۇنۇپ، مۇشۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. زەھەرلىك بۆلجۈرگەن ۋۇجۇدۇمدا بىر ئەركىنلىكنىڭ جارچىسى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ئاڭ، ئاخىرى ئەركىن ئۆلۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. دەپ شادلاندىم. روھىم بىر خىل ئازادلىك ئىچىدە يېلىنجاشقا باشلىدى. ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈك، ئەتراپ شۇنچىلىك تىمتاس، دۇنيا يەنىلا گۈزەل ئىدى. بۇلۇڭدىكى بىر توپ كەپتەرلەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

2004- يىل 24- مارت، مارالبېشى

## قوش مەسچىت

### مەمەتئېلى زۇنۇن

1

بوۋا مۆھتەرەم بوۋا، سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك رىۋايەتلەر نەقەدەر ئاجايىپ غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى ھە؟ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچار گىلەم، ئۇچار دۇلدۇللار، خاسىيەتلىك جاھاننامە ئەينەكلەر، «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» دەپ بولغۇچە تۈرلۈك تۈمەن نازۇ - نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەتنىيەتلەرنى چاڭگالدا قويىدىغان سىرلىق توقماقلار. . . . . ، بوۋام بىر كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

ئىشقى سەۋدايىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلۇق شاھزادە ۋىسال يولىغا راۋان بوپتۇ. گىياھ ئۈنمەس چۆل، قۇش قونماس تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ. قاراقچىلارغا ئۇچراپ ئەسلى ۋەسلىدىن ئايرىلىپتۇ، ئاخىرى بىگانە بىر مەملىكەتنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئەتراپىدا ئوتۇنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئادەم گۆشىدە مانتا ئېتىپ ساتىدىغان مانتىپەزنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن زىندانىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا نەچچە ئونلىغان شور پېشانە يىگىتلەر ئىڭراپ ياتقۇدەك. ئايپالتىلىق بەتھەيۋەت جاللاتلار كىرگەن ھامان «مەن ئورۇق ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق ئۇ سېمىز»، - دەپ بىر - بىرنى ئىتتىرۋاتقۇدەك، كۆڭلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ تۆگەپ كېتىۋاتقۇدەك. . .

قىزىقىپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىياللار تورى ئىچىدە ئۇخلاپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. چۈش كۆرۈپتىمەن، ئاشۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ زىنداندا تۇرغۇدەكمەن. ئايپالتا كۆتۈرگەن بەتھەيۋەت جاللاتلار كىرىپ «سېمىزلىرىڭ بۇياققا ئۆتۈش»، - دەپ ۋاقىرغۇدەك. ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشكەن بىئەقىل تۇتقۇنلار «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز»، - دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقۇدەك. ئىتتىرگەنلەرمۇ تىرەجگەنلەرمۇ بارا -بارا تۆگەپ نۆۋەت ماڭا كەلگەنمىش «سەن ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئورۇق بولساڭمۇ -دەپ سۆرەۋاتقانمىش، ئۇلار: - بىر قانچە قاسقان مانتىغا يارايسەن، يۇر»، - تىرەجەپ تۇرىۋالغۇدەكمەن، ئۇلار سۆرىيەلمىگۇدەك. ئاخىر ئۇلار، « - بوپتۇ، مۇشۇ يەردىلا جىنىنى ئالايلى!» - دەپ ئايپالتىنى ئېگىز كۆتۈرگىدەك. . . .

296

- بوۋا !. . . . . بوينۇڭنى شۇنداق قۇچاقلىۋاپتۇمەنكى، تىنالماي قاپسەن.

- بالام، نېمە بولدۇڭ؟ مەن بار، قورۇقما! -دېدىڭ، ئىسسىق باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ.

ئېغىز - بۇرۇنلىرىمنى قورقىقاق بېسىپ كەتتى. نەچچە كۈنلەرگىچە قىزىپ، جۆيلۈپ چىقتىم. بۇ چۆچەك بىلەن چۈش ئىسىمدىن چىقمىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرگە يەتكەندە كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز»، - دەپ بىر - بىرىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلار ئەينى زاماندىلا بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ ھازىر تۈگەپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ كوچىدا يوقمۇ؟ . . . .

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

كوچىمىز -ئورغاقسىمان ئاي شەكىللىك خالتا كوچا. ھازىر «قوش مەسچىت» دېمىسە ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئايكوچا»ئىكەن. - شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئون توققۇز جۈپ دەرۋازا بىر -بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلىمى، قۇرۇلۇش نۇسخىسى، مۇنار -گۈمبەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ، ئىچكى -تاشقى نەقىشلىرىگىچە ئوپئوخشاش ئىككى مەسچىت بار. سىرىدىن تارتىپ، پىرامىداسىمان قالپاقلىق مىخلىرىغىچە تامامەن ئوخشىشىدىغان ئىككى دەرۋازىمۇ بىر -بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر - بىرىگە سالام بېرىشمەيدۇ، تىنچ - ئامانلىق سوراشمايدۇ. ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى، سول ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىتكە راۋان بولىدۇ. ھېيت ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائەتلىرى ئىككى توپ بولۇپ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ. بىر - بىرىنىڭكىگە ھېيتلىمايدۇ. قۇدا -باجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر مېيت ئۇزىتىۋاتسا، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى قىلىۋېرىدۇ. ئىككى ياقتىكى باللارنىڭ ئۆز ئارا دوست -ئاداش بولىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى باللارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان ھامان شۇ تەرەپ باللىرىنىڭ تاش چالمىلىرىدا ئۆتمىتۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان ھامان قانات - قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ - يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇياقتىن - ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز-مېكىيانلارنىڭ ھەر قاندىقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ. باشقا كوچىلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىغان كۆتۈرمە ئۆيلەر سېلىنغان. بىزنىڭكىدە بىرىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر - بىرىگە يول قويمىسا، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ

خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت -شىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتتىدۇ. كىر سۇيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا، تام تۈۋلىرىگە تۆكىلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ كېتىدۇكى، جېدەل ماجىرا قۇرىمايدۇ. توڭلىمايدۇ.

ئاڭلىسام ئىككى ياقتىكىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تارتقان دەرد - مۇشەققەت، ئازاب -كۈلپەتلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭكىدىن قىلىشمايدىكەن. «تۆگكان يىغلىقى»ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ. بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ پۇتۇشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قوراللىق چىرىكلەر توسالغۇسىز كىرىۋېرىپتۇ، بۇلايدىغىنىنى بۇلاپ بۇلغايدىغىنىنى بولۇۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ. پۇشايمان قىلىشماپتۇ. شىڭشىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر -بىرىنى چېقىشىۋېرىپتۇ، تۇتۇپ بېرىشىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان، قەتلە قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۈدەك بوپتۇ. مانا ھازىر «ئۇچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت» ۋاقتى. ئۇلار بىر - بىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكمەكتە، پاش قىلىشماقتا.

- ئۇ - ئوغرى!

- ئو - ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج ئوغرىسى !

- ئۇ - يىرتقۇچ يولۋاس !

- ئۇ - ئەشەددىي يولۋاس !

گويا ئۇلار بىر - بىرنى ئىتتىرىشمەكتە:

- مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز !

- ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق. . . .

سەۋر - تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بېرەلمىدىم ئاخىر ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم:

- بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا - مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەشقولدەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكىلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورىسامغۇ سەن تېخى كىچىك، تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيسەن دېدىڭ چوپچوڭلا بىر يىگىت بوپ قالدىمغۇ مانا، ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنە!

- ماقۇل، بالام، - دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي، - ھازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن، گەپ - سۆزۈمنىڭ تېگى تەكتىگە يېتەلەيسەن، زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي:

298

## 3

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئاي كوچا» ئىدى. ئايدەك يورۇق، يىللىق كوچا ئىدى. قان - قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تاش - كېسەك، تام - تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق كوچا ئىدى، زورىدىن ھاكىم بەگدەك كاتتا زاتىنىڭ ئىزى، موللا سادىق ئەئلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق پىر – ئۇستازلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى! ياسىن داموللا ھاجىم ھەززەرەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن(ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئىلاھە ئامىن) ئارىمىز بۇزۇلدى، بىر مەسچىت ئىككى بولدى، «ئاي كوچا» دېگەن تەۋەررۈك نام «قوش مەسچىت»كە ئۆزگەردى. ئاغرىق - ئاداۋەت، بالايى - قازا باشلاندى!

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللاجىم ھەزرەتلىرى ئاتاق – ئابرۇيلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى، پۇل – مال، ئالتۇن – كۈمۈشلىرىنىڭمۇ ھەددى – ھېسابى يوق ئىدى. ھەقتائالا ئۇنىڭغا بىرجۈپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغان. چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكىنىڭ ھۈسەيىن ئىدى. بوي – ئىسكەت، رەڭ – چىراي، خۇلق – مىجەز جەھەتتىمۇ ئايرىۋالغۇسىز ھالدا ئوخشاشلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆگەندى، بىلىم ئاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇمتۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارغا خەت – خەۋەر ئەۋەتىلدى. ھۈسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى، دەرھال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاكىسى ھەسەنقارىم كەلدى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى، كوچىمىز ئابرۇيلۇق ئىمامدىن ئايرىلدى، ئاقىل، مېھرىبان، دۇئاگۆي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جامائەت ياراملىق بىر ئىمامغا موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى بىلىملىك، خۇش پېئىل، ئەخلاق – پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە – يوسۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق، شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھرىنىمۇ ئالدۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇنتېخىنىم بۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ ھۈسەيىنقارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللا خېنىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەنقارىمنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەرقانداق ساھىبجاماللاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل

قوشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرۇيى، شان - شەرىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان - قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك - ئىناقلىق ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت ھارارىتى بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان «ئايكوچا»مىز نائىناقلىق ئىس - تۈتەكلىرى ئاستىدا ئۆچ - ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق «قوش مەسچىت كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالى، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازاخۇنۇم، مۇدەررىسئاخۇنۇم ئۇنۋانلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن. بىز مۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۈسەيىنقارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بوپتۇ. ئالتۇنخېنىم: «مەن ئاچا، سىنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە، تىللا خېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى، ئۆيىنىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلىنىدىغان بولدى. بىز - ئەھلى جامائەت، ئاكا - ئۇكا قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:



- ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق - ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان - قېرىنداشلىق رىشتىسىنى يىڭى باشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىرجەم قىلىشقايلا.

ئاڭلىساق، ئاكا - ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: «ئەر جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەر قاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم خەقلەر سورۇنىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ!»

- مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، - دەپ تەكرارلاپتۇ تىللاخېنىم، - يۇقىرى ئورۇن - مەرتىۋە مىنىڭ !

- مەن ئاچا، - دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ ئالتۇن خېنىم، - ئورنۇمنى تارتىۋېلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن!

ئاكا – ئۇكا ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇلار ئارزۇلۇق رەپىقىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ. مەسچىتنىڭ بىقىنىدىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا - سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۆرلۈك نازۇ - نېمەت، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر - بىرىنى

بېسىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ، تىل - ئاھانەت، يىغا - زارە، قىيا - چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ. مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمامئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ، قارىسا باش كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر - بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىمداشقان ھالدا پومداقلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ بوي تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن بەس - بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

- تۇر ئورنۇڭدىن ! - دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇۋاپتۇ ئىمامئاخۇنۇم، - ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى! - شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات ساپتۇ.

- ھا - ھا - ھا!. . . ، - گولقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللا خېنىم -تۆر تالاشقىنىڭغا تويە، بىنومۇس ئالۋاستى!

ئالتۇنخېنىم ئاغزىنى سىلىغانىكەن، ئاپئاق ئالقىنى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا - ئانىسىدىن ياكى ئىرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا -كۆلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ - دە:

- ھۇ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق -دېگىنىچە، بىر پىيالە رىشالىنى قەھر - غەزەپ بىلەن ئېتىپتۇ. ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ. يۈز - كوزىرلىرى ئاپئاق رىشالە بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

كۈن - تۈنلەر ئاغرىق - ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. نائېناقلىق ئۇششۇكى قوشكېزەك ئاكا -ئۇكىلار يۈرىكىدىكى قان قېرىنداشلىق ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش - كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى. بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش -ياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدۇق.

- خوتۇننى تالاق قىلىۋەتسۇن! - دەپ شەرت قويدى ئاكىسى، - شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن. ئۇكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن.

- خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگۈچە، - دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسىمۇ، - مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ھاقارەت قىلغان، بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېچەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرلەر زايە كەتتى. پىتنە - پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. ئىناق قوشنا ھەقەمسايىلەرمۇ چەك - چېكى كۆرۈنمەس تالاش - تارتىش چۆلىدە قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى.

بىر قىسىملار ئالتۇنخېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللا خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەركىم ئۆزى ھىمايە قىلىدىغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە پاسات ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا كېچە - كۈندۈز گەپ توشۇپ، ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىشتى. بەزىلەر ھەسەيىنقارىمنىڭ ھۇجرىسىغا خۇپىيانە كىرىپ :«سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سىمىز تۇغۇلغان. باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغانراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا ھەسەنقارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تىللا خېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ: «بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاچىلىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ئىكەنلا، كىندىك ئانا بىر كېچە -كۈندۈز تەۋەللۇت ئۇستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قىلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىكەن.» -دەپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىپتۇ. بەزىلەر ئالتۇنخېنىمغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ: «ئەرلىرى ھۇسەيىنقارىم سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ يول ئازابى - گۆر ئازابى تارتسا، سىلى ئۆزلىرى تەنھالىق، تەشنالىق دەردىنى تارتتىلا. ھەسەنقارىم بولسا، شەھەردىن چىقماي تىجارەت قىلىپ مۇشەققەتسىز ھالاۋەت كۆرىدۇ. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر چىراغلاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس. ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمچۇ تېخى! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ تىرە - ئۈچەي، كاللا پاقالچاقلىرى شۇ ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ. تىللاخانىنى يوغىناتقان ئاشۇ پايدا -تاپاۋەت ئەمەسمۇ؟ ئەرلىرى ھۇسەيىنقارىممۇ ئەھلى ئىلىم، قارىي قۇرئان كىشى، ھەرقانداق جامە ئىماملىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاكىسىدىن ئوبدانراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ، تەپسىر ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىماملىق قىلسا بولمامدۇ؟ ئاكىسى بىر ئاي ئىمام بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل ئاكىسى ئىمام بولسا، كېلەر يىلى ئۇكىسى «... بۇ مەسلىھەت ئالتۇنخېنىمغا يېقىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ قايىل قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىماملىق دەۋاسى باشلاندى. بىر قىسىملار ھۇسەيىنقارىمنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىگە بارسا، بىر قىسىملار ھەسەنقارىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىمام بولىشىنى تەلەپ قىلىپ بېرىشتى. ھەرتەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان كىشىنىڭ ئېۋەن نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى. شەرئەت بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى، دوتەي - ئامباللارمۇ ئامال قىلالمىدى، ئۆز قوللىغۇچىلىرىنىڭ تەلپى ۋە ئالتۇن خېنىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۇسەيىنقارىم ئاخىر ئۈرۈمچىگە راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەنقارىممۇ دەرھال ئاتلىنىپ ھۇسەيىنقارىمدىن بىر كۈن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ – نىقابلىق يالماۋۇز ياك جاڭجۈننىڭ قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى تۆمۈرخەلپىنى قەتل قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئىكەن. ئۇ غەربىي دىيار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇشنىڭ چارە تەدبىرى ھەققىدە قالتىس بىر

302

كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، يۈك قەلەم بىلەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان چاغ ئىكەن: «... بۇ خەلقنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر، پەيغەمبىرى بىر، كەئبىسى بىر، مەزھىپى بىر، تىلى بىر، بۇ ئالتە بىرلىك ئۈستىگە دىل بىرلىكى – زىچ ئىتتىپاقلىق قېتىلىدىغانلا بولسا، تۆگەشكىنىم شۇ، تەختى – بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ! ...»

- ئوغلۇم ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ، ئۆز ھۆكۈمىنى مۇنداق شەرھلەۋاتقانىكەن: «دىل بىرلىكى – تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، باي - باياشاتلىقنىڭ ئۇلى، بىلىم – مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ئويغىنىش، ئۆز – ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئاساسىدۇر، بۇ «بىرلىك»تىن ئارتۇق خەۋپ – خەتەر يوق ماڭا «...ھۇسەيىنقارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياڭ جاڭجۈننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، جاڭجۈن ھۇسەيىنقارىم ئىنئام قىلغان100 دانە تىللانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق ساپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ، شۇئەسنادا ھەسەنقارىمۇ كىرىپ كەپتۇ - دە 100دانە تىللانى ئالدىغا قويۇپتۇ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

- ئويلىشىپ باقاي، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاڭجۈن.

ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە تۇيدۇرماستىن ئۇقۇشۇپ - سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «ئويلىشىپ باقاي»دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى 021تىللا ئىنئام قىلغان بولسا ئۇكىسى 150، ئىككى يۈزنى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەنقارىم ئاكىلىق ئورنى تۇپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ. ئىنئام يوللاشتا ھۇسەيىنقارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ياڭ جاڭجۈن :

- سەنمۇ مەسچىت سال، ئىمام بول! - دەپ بۇيرۇپتۇ ھۇسەيىنقارىمغا - سىنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلغان دۇكان - ساراي، يەر - زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل! ھەسەنقارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

- ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىۋەر. سىنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلغان دۇكان - ساراي، يەر - زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

دەۋادا ئۇتقان، غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھۇسەيىنقارىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ؛ شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن، كۆنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن كونا مەسچىت بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن!. . . .

ھەسەنقارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

- جاڭجۈن ئالىيلىرى، قۇرۇلغۇسى مەسچىتنىڭ كۆلىمى، شەكىل - نۇسخىسى. . .

- كونا مەسچىت بىلەن ئوپ - ئوخشاش، - دەپ جاكارلاپتۇ جاڭجۇن، - بىر قەدەم كەڭ - تار، بىر غېرىچ ئېگىز - پەس، بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، گۈل نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر بوياقلىرىغىچە ئوپ - ئوخشاش بولۇش كېرەك!. . . .

بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ «قوش مەسچىت»نىڭ تارىخى ئەنە شۇ! ئايدەك يورۇق، باھاردەك يىللىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسىلدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ!

4

جىنىم بوۋا ! ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش - ئىنتىزارلىق ئوتلىرى لاۋۇلدىماقتا، تەشۇىش - ئەندىشلىرىم كۈچەيمەكتە: ئاھ، مېنىڭ كوچام، قانلىق تارىخى سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت - نادامەتلىك كوچام! تىنچ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ يىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆزھالىتىڭچە تۇرىۋەرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى - سەھەر ۋاقتىدا قارىمۇ قارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلماننىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام»نى بەجا كەلتۈرۈپ بىر مەسچىتكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەينى زامانلاردىكىدەك «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز»دەپ بىر بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يىگى ئىمامىمىز بىر مەسچىتكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: «ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمە دۇر؟» دەپ سورىسا، پۈتكۈل جامائەت: «ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھىللىق ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر»دەپ جاۋاب بەرسە؛ «ئىززەت -ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان :«بىلىم -مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر»① دەپ يەكدىللىك بىلەن جاۋاب بەرسە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سىنىڭچۇ، بوۋا؟ بوش، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز گۆھەرلىرىمىز، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەبرەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم :

- بوۋا، جىنىم بوۋا، خاتىرجەم بول، ئارزۇ مۇرادىڭ گۈل - چېچەك ئاچتى!

304

## پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى

| | | هازىرقى زامان | | كەلگۈسى زامان | | ئۆتكەن زامان | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قوشۇمچە | مىسال | قوشۇمچە | مىسال | قوشۇمچە | مىسال |
| 1- شەخس | بىرلىك | -ۋاتىمەن<br>-ۋاتىمەن<br>-ۇۋاتىمەن<br>-ۈۋاتىمەن | ئوقۇۋاتىمەن<br>يېزىۋاتىمەن<br>تۇرۇۋاتىمەن<br>كۆرۈۋاتىمەن | -يمەن<br>-ىمەن | ئوقۇيمەن<br>يازىمەن<br>تۇرىمەن<br>كۆرىمەن | -دىم<br>-تىم<br>-دۇم<br>-تۇم<br>-دۈم<br>-تۈم | يازدىم<br>كەتتىم<br>ئوقۇدۇم<br>تۇتتۇم<br>كۆردۈم<br>ئۆتتۈم |
| | كۆپلۈك | -ۋاتىمىز<br>-ۋاتىمىز<br>-ۇۋاتىمىز<br>-ۈۋاتىمىز | ئوقۇۋاتىمىز<br>يېزىۋاتىمىز<br>تۇرۇۋاتىمىز<br>كۆرۈۋاتىمىز | -يمىز<br>-ىمىز | ئوقۇيمىز<br>يازىمىز<br>تۇرىمىز<br>كۆرىمىز | -دۇق<br>-تۇق | ئوقۇدۇق<br>يازدۇق<br>تۇردۇق |
| 2- شەخس | بىرلىك | -ۋاتىسەن<br>-ۋاتىسەن<br>-ۇۋاتىسەن<br>-ۈۋاتىسەن | ئوقۇۋاتىسەن<br>يېزىۋاتىسەن<br>تۇرۇۋاتىسەن<br>كۆرۈۋاتىسەن | -يسەن<br>-ىسەن | ئوقۇيسەن<br>يازىسەن<br>تۇرىسەن<br>كۆرىسەن | -دىڭ<br>-تىڭ<br>-دۇڭ<br>-تۇڭ<br>-دۈڭ<br>-تۈڭ | يازدىڭ<br>كەتتىڭ<br>ئوقۇدۇڭ<br>تۇتتۇڭ<br>كۆردۈڭ<br>ئۆتتۈڭ |
